# غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر

## (تاللانما)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت رەھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

كىلاسسىك ئەدەبىيات ئۈستىدە سۆز ئېچىلغاندا، بارلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارى بىزمۇ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز. بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز غەزىنىسىدە گۆھەردەك چاقناپ، ياقۇتتەك جۇلا-لىنىپ تۇرىدىغان غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر سان-ساناقسىزدۇر. ئۆتمۈشتىكى زۇلۇم ۋە جاھالەتنىڭ ھامىيلىرى بۇ بايلىقىمىزنى تالان-تاراج قىلىپمۇ تۈگىتەلمىگەن، ئۇنىڭ ئىجاتكارلىرىنى بوغۇپمۇ تۇنجۇقتۇرالمىغان ئىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ مىللى مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلغۇچى ياۋۇز گۇلخانلىرى كوي-دۇرۇپمۇ يوقىتالمىدى. بۈگۈنكى ئەۋلاتلىرىمىز ھەر خىل ئاپەت-لەردىن ئامان قالغان ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىمىزغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۆگىنىپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى-يېڭى ئەسەرلەرنى يارات-ماقتا. قولىڭىزدىكى بۇ توپلام ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىز ئۆز-لىرىنىڭ تەپەككۇر بايلىقلىرىنى ئارۇز ۋەزنى بىلەن مىسرالارغا تىزغان غەزەل ۋە مۇخەممەسلەردىن قىسمەن تاللانمىدۇر.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەر خىل چوڭ-كىچىك تۈرلەرگە بولۇن-

گەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە ۋەزنىن جەھەتتىن بارماق ۋەزنى ۋە ئارۇز ۋەزنى دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. غەزەل ۋە مۇخەممەس ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ ئومۇملاشقان شەكىللىرى بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا سالماق ئورۇننى تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە غەزەل ۋە مۇخەممەس ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەممە بەھرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇسۇسەن غەزەللەر ئاشۇ بەھرىلەرنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ئېلىپ كەلگەن كارۋان دىسەك، مۇبالىغە بولماس.

غەزەل شېئىرىيىتىمىزدىكى چىرايلىق، ئاھاڭدار ۋە ئىخچام شەكىل بولۇپ، ھىسسىياتلىق ئوي-پىكىرلەرنىڭ يارىشىملىق پىگورىسىدۇر. شائىرنىڭ كوڭلىدىكى ئوي-پىكىرلەر ۋە ئۇنى قاناتلاندۇرغۇچى ھىسسىياتلار غەزەلنىڭ بېيىتلىرىگە (كۇپلېتلىرىگە) سىغمىغان چاغدا، مۇخەممەس ياكى مۇسەددەس... شەكىللىرى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. بىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدىن بولسۇن، ئەڭ لېرىك غەزەللەرنى ئوقۇغان چېغىمىزدا رىياللىق بىلەن ھىسسىياتنىڭ، شېئىر بىلەن ناخشىنىڭ پەرقىنى سېزەلمەي قالىمىز. بىز بەدىي ئەدەبىياتنىڭ كۈچىنى، غۇرۇرىنى ئەنە شۇنداق شېئىرلارنىڭ ئىلكىدە ھىس قىلالايمىز.

بۇ توپلامدىكى بىر قىسىم غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ قىيىن ۋە كەم ئۇچرايدىغان تۈرلىرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز ۋەزنىدە ئوقۇش ياكى ئوقۇيالماسلىغىمىز



بۇ ھەقتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىمىزگە باغلىق. چۈنكى ئارۇز ۋەزنى ئەسىرلەر مابەينىدە تەدرىجى بېيىۋاتقان ۋە مۇكەممەللىشىۋاتقان ئايرىم بىر پەن. ئۇنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى، بەھرىلىرىنى، بەھرىلەر ئىچىدىكى تۈرلىرىنى، تەپئىللىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش بولسا، قىزغىن ئىجتىھات ۋە جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە كېلىدۇ.

ئازاتلىقتىن بۇيان بىز كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرغا خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇپلىرىنى ئۆگىنىپ، ئارۇز ۋەزنىنى تىماتىك جەھەتتىن باي، مەزمۇندار ھالەتكە كەلتۈرمەكتىمىز. كىشىلەرنىڭ ھەر خىل قاراشلىرىدىن بىپەرۋا ھالدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئارۇز ۋەزنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يېڭى شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بارلىق شەكىللىرى قاتارىدا "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش" يولىدىكى كۈرەشلىرىمىزدە ئۆز رولىنى جارى قىلماقتا. بۇ توپلامنى ئىشلەشتىكى مەقسەت ئارۇز ۋەزنىدە يېزىشنى خالايدىغانلار ۋە شۇنداق شېئىرلارنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلارغا پايدىلىنىش ماتىرىيالى تەقدىم قىلىش، شۇنداقلا، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن قانداق ۋە قانچىلىك ئۆگەنگەنلىگىمىزگە ئەمەلىي مىساللار كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

يىغىپ ئېيتقاندا، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات يولىنى ئېچىشتا بۇ توپلام

بىر-ئىككى كەتمەن چىپىپ بېرەلىسە ئەجەپ ئەمەس. سەۋىيەمىزنىڭ چەكلىكلىگى ۋە ۋاقىتنىڭ زىقلىقىدىن ھەر خىل نۇقسانلارغا يول قويۇلغان بولۇشى، بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر غەزەل-مۇخەممەسلىرى توپلامغا كىرگۈزۈلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن. كىتاپنىڭ ھەجمى كوزدە تۇتۇلۇپ، بەزى غەزەل-مۇخەممەسلەر بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلمىدى. بۇ، ئەپسۇسلىنارلىق ھال بولسىمۇ، كەڭ كىتاپخانلارنىڭ سەممى تەنقىتلىرى، ئىجابى پىكىر-تەكلىپلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئەينەك بولغۇسى.



## مۇندەرىجە


تۇزگۇچىدىن ........................................ 1

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى

چىراق (غەزەل) ........................................ 1
ئەي پەرى (غەزەل) ........................................ 2
ئارمان (غەزەل) ........................................ 3
ياز تۈنى (غەزەل) ........................................ 5
دەردى دەۋران (مۇخەممەس) ........................................ 6

نىم شېھىت

بىلىم ئىشقىدا (غەزەل) ........................................ 8
خاتا (غەزەل) ........................................ 12
خەت (غەزەل) ........................................ 14
مۇھەببەت سەۋداسى (غەزەل) ........................................ 17
ئالدىدا 4.3.1 (مۇخەممەس) ........................................ 20

سەيپىدىن ئەزىزى

غەزەللەر ........................................ 38

ئەلقەم ئەختەم

ساگا (غەزەل) ........................................ 41

چوك يۇرۇشكه تەنتەنە (غەزەل) ........................ 43

ۋاپا قىل (مۇخەممەس) ........................ 46


**تېيىپجان ئېلىيوپ**


بولمىسا (غەزەل) ........................ 48

ئەمدى (غەزەل) ........................ 50

ئوغرىدىن مەككار يامان (غەزەل) ........................ 51

نىم شېھىت خاتىرىسىگە (غەزەل) ........................ 53

مەيلىمۇ (غەزەل) ........................ 55

بىزار بولدۇم (غەزەل) ........................ 57

جانان كېلىدۇ (غەزەل) ........................ 59

مېنىڭ ئۆز خىلىم بار (غەزەل) ........................ 61

مۇقام (مۇخەممەس) ........................ 63


**شۇكۇر يالقىن**


غەزەل ۋە گۈزەل (غەزەل) ........................ 67

بىل (غەزەل) ........................ 69

بىر مەنمۇ (غەزەل) ........................ 71

بولۇپ كەتتى (غەزەل) ........................ 73

ئەرزى هال ئەتتى (غەزەل) ........................ 75


**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر**


ياخشى (غەزەل) ........................ 77

كېرەك بولسا (غەزەل) ........................ 79

ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى (غەزەل) ........................ 81





باھار ھەققىدە ئىككى غەزەل ........................ 83

گۈمنام غەزىلىگە مۇشائىرە (غەزەل) ........................ 86

ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس (مۇخەممەس) ........................ 88

بوغدا ئانام (مۇخەممەس) ........................ 93


**ئەخمەت زىيائى**


تىلەك (غەزەل) ........................ 95

ۋىسال ئۈمىدى (غەزەل) ........................ 97

سايرا (مۇخەممەس) ........................ 98


**نەسرۇللا قارى پەرھەتى**


پەيدا ئىكەن (غەزەل) ........................ 100

ئۆزگىدۇر (غەزەل) ........................ 102

دىخان (مۇخەممەس) ........................ 104


**قۇربان ئىمىن**


غەزەل ........................ 107

مېنىڭ سازىم (غەزەل) ........................ 109

تارىم غەزىلى ........................ 110

سەن ئۈچۈن (مۇخەممەس) ........................ 112

يەركەن (مۇخەممەس) ........................ 114


**نۇرمەھەممەت ئېركى**


بۇلبۇل (غەزەل) ........................ 116

پەن دەيمەن يەنە (غەزەل) ........................ 118

يېتىپ كەلدىم (غەزەل) ........................ 120

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


قاپىيە (غەزەل) ........................ 122
ۋەتەنگە سوزۇم (مۇخەممەس) ........................ 124
كادىرغا مۇراجەت (مۇخەممەس) ........................ 128

**ئابدۇكېرىم خوجا**

قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل ........................ 132
كىتاپخانىغا (غەزەل) ........................ 137
چېچەك (غەزەل) ........................ 139
قىلدىلا (غەزەل) ........................ 141

**رەخمىتۇللا جارى**

بېغىمغا قىل قەدەم تەشرىپ (غەزەل) ........................ 143
ئۇلۇغ توي (مۇخەممەس) ........................ 145

**تۇردى سامساق**

ياتۇر (مۇخەممەس) ........................ 148
خوتەن (مۇخەممەس) ........................ 150

**ئەرشىدىن تاتلىق**

ئالمىنى (غەزەل) ........................ 155

**تاجىدىن قادىرى**

ئېتىز (غەزەل) ........................ 157
ئازات ئۇلكەم (غەزەل) ........................ 158
جەڭچى (مۇخەممەس) ........................ 160

**سۇزۇك**

تاپتىم (غەزەل) ........................ 163





شائىرانە خىيال (مۇخەممەس) ........................ 164
بۇلبۇلغا (مۇخەممەس) ........................ 166

**ئەنىزات غەيۇرانى**

سالام، ئۇرۇمچى (غەزەل) ........................ 168
يەنە (غەزەل) ........................ 170
يۇرتۇم (غەزەل) ........................ 172
يىغلىما (مۇخەممەس) ........................ 174

**ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن**

ۋەتەن (غەزەل) ........................ 177
خەلق (غەزەل) ........................ 178
ۋەتەن ۋە پارتىيە (غەزەل) ........................ 179
سويگۇ (غەزەل) ........................ 182
بوگۇن (غەزەل) ........................ 184
تورپان (مۇخەممەس) ........................ 185

**ئابدۇسالام توختى**

باھار ئىشقى (غەزەل) ........................ 188
تىيانشان باغرىدا شاتلىق (مۇخەممەس) ........................ 190

**مەھەممەت رەھىم**

يېزا غەزەللىرى (سېكىل) ........................ 193
يۇرەك سوزۇم (مۇخەممەس) ........................ 199

**مەمتىلى زۇنۇن**

باغۇەن قىز (غەزەل) ........................ 204

جاندىن ئەزىز (غەزەل) ........ 206

قېنى سەن، رەنا؟ (غەزەل) ........ 208

بىلسەڭ (غەزەل) ........ 210

شەمشەر (غەزەل) ........ 211

بولمىسا (غەزەل) ........ 213

بىر ئۆمۈر ۋارىس بولاي (مۇخەممەس) ........ 214

ئاھ، مېنىڭ ۋەتىنىم (مۇخەممەس) ........ 217

**مامۇت زايىت**

خەلقىم (غەزەل) ........ 220

كورگىلى (غەزەل) ........ 222

قەشقەر مۇھەببىتى (غەزەل) ........ 224

ئۈژمە ھەققىدە مۇخەممەس (مۇخەممەس) ........ 231

**مەھەممەت شاۋدۇن**

كېپىنەك ۋە گۈل-چېچەك (غەزەل) ........ 236

تارىم (غەزەل) ........ 237

**ئەزىز نىيازى**

جەڭچى بولدۇم (غەزەل) ........ 239

**تۇرغان شاۋدۇن**

بىزنىڭ ئېتىز (غەزەل) ........ 240

مۇقام (غەزەل) ........ 242

سەنئەت (غەزەل) ........ 244

ھەۋەسكار (غەزەل) ........ 246





**تەلئەت ناسىرى**

لاللەر (غەزەل) ........ 247

ناخشىچى (غەزەل) ........ 249

چاچتا ئاق (غەزەل) ........ 250

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم**

ۋەتەن ھەققىدە قوشاق (غەزەل) ........ 252

ئۈچ غەزەل ........ 254

تارىمغا مۇھەببەت (غەزەل) ........ 258

خوتەن قەغىزى (مۇخەممەس) ........ 259

مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس ........ 263

**ھاجى ئەخمەت**

ۋەتەنىنىڭ ئەجرىنى ئاقلا (غەزەل) ........ 267

بولماس (غەزەل) ........ 268

بىر گۈزەلگە (غەزەل) ........ 270

چېچەك (غەزەل) ........ 272

ئەسلەيمەن (غەزەل) ........ 273

ۋەتەن ھەققىدە مۇخەممەس ........ 275

كىتاپ ھەققىدە باللادا (مۇخەممەس) ........ 277

**ئابدۇرېھىم ئىسمائىل**

كەلدى (غەزەل) ........ 280

ئاخشىمى (غەزەل) ........ 282

تاڭ شامىلىغا (مۇخەممەس) ........ 284

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆيلە، راۋابىم (مۇخەممەس) .................. 286
سالامىڭدىن (مۇخەممەس) .................. 289

**سادىق سادىرى**

جان تەسەددۇق ئەيلىدىم (غەزەل) .................. 291
سەنەمگە (غەزەل) .................. 292
ناخشاڭنى ئاڭلاپ (غەزەل) .................. 293
ئۇسۇلچى سىڭلىمغا (غەزەل) .................. 294

**ھوشۇر ئىبراھىم**

تەتتەنە (غەزەل) .................. 295
گۈزەل ھېيتگاھ (غەزەل) .................. 297

**مىرزايىت كېرىمى**

باغ دىسەم (غەزەل) .................. 299
سويگۈ غەزىلى (غەزەل) .................. 301
ۋەتەن (مۇخەممەس) .................. 303

**رەخىم قاسىم**

قەدىردان جۇزۇڭلىغا مەرسىيە (مۇخەممەس) .................. 306

**ئارسلان**

كېلەرسەنمۇ (غەزەل) .................. 309
پۈتمەس سويگۈ (غەزەل) .................. 311
شۇجى (غەزەل) .................. 312
كاككۇك (غەزەل) .................. 314



**مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن**

ئۇپتىخارى بىلەن (غەزەل) .................. 315
چىرايلىق (غەزەل) .................. 317
بۇلبۇلغا (غەزەل) .................. 319
تارىم (غەزەل) .................. 321
زوھراسى سەن (غەزەل) .................. 323

**تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن**

ئۇسمىنى (غەزەل) .................. 324
خىنەگۈل (غەزەل) .................. 326

**ئابدۇللا سۇلايمان**

جەنۇپ غەزەللىرى .................. 328
ناخشا مۇھەببىتى (غەزەل) .................. 334
دوستۇمغا (مۇخەممەس) .................. 339

**روزى سايىت**

گۈلباغنى كور (غەزەل) .................. 341
سەنئەتكارغا (غەزەل) .................. 343
جاھان شۇنچە گۈزەل ئەمدى (مۇخەممەس) .................. 347

**مەتقاسىم مەتنىياز**

ھازىر (غەزەل) .................. 350
ھاسىل (غەزەل) .................. 351
يېزا تەسراتلىرى (غەزەللەر) .................. 352

جېلىلى

دوستانە تىلەك (غەزەل) ........................ 357

ئىككى غەزەل ........................ 358

**ئەسقەر ھۈسەيىن**

باھار نەزمىلىرى (غەزەللەر) ........................ 360

**ئەھەت ئامان**

ئاقسۇ (غەزەل) ........................ 365

**ئابدۇكېرىم مەخسۇت**

يۈرەك نەزمىسى (غەزەل) ........................ 367

قەشقەر ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 369

**مۇھەممەت ئىمىن**

ئۈمىت يۇلتۇزلىرى (غەزەللەر) ........................ 371

باغ قىزى (مۇخەممەس) ........................ 375

**ۋاھىتجان غوپۇر**

باھار غەزەللىرى ........................ 378

**نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا**

ياز كەلدى (غەزەل) ........................ 382

خوتەن تەسىراتلىرى (غەزەللەر) ........................ 383

كىتاپ (مۇخەممەس) ........................ 386

**ئىمىر ھېزىم**

دىخان قىز (غەزەل) ........................ 389

ئىلىم-پەن مۇھەببىتى (غەزەل) ........................ 391





پايدا يوق (مۇخەممەس) ........................ 392

**دىلبەر قېيۇم**

ئۈچ غەزەل ........................ 394

تىللىسا (مۇخەممەس) ........................ 397

**ھەبىبۇللا روزى**

ۋەتەن ئىشقى (غەزەل) ........................ 399

باشقىچە (غەزەل) ........................ 401

**ئىبراھىم قۇربان**

غەزەللەر ........................ 403

www.uyghurkitap.com

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى

# چىراق

تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇر خانەمدە گوھەر بۇ چىراق،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراق.

قاپ-قاراڭغۇ كېچىلەردە بۇ چىراق نۇر مەنبەئى،
تۈندە ئازغان-تېنىگەننىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراق.

تۈندە ئۇچسە بۇ چىراق بولماس قەلەمنى ئالغىلى،
قانچە يازسام تېخى قايىنار تۈندە بۇ دەردۇ-پىراق.

ئابدۇخالىق، كۈن ۋە تۈنلەر ئۇيقۇدىن بىدارسەن،
خۇددى بىر پەرۋانە بول، كەتمە لېكىن نۇردىن يىراق.

# ئەي پەرى

ئەي پەرى، كەتتىڭغۇ سەن، بولدى قاراڭغۇ بۇ جاھان،
مېنى يالغۇز مۇندا تاشلاپ، ئاھ، ئەجەپ قىلدىڭ يامان.

كەتمىدى كەتكەندىكى كۆز بېقىشىڭ، قاش قېقىشىڭ،
ئىختىيارسىز مەن ئۈزاتتىم، نائىلاج بولدۇڭ راۋان.

مەن سېنى كۆزدىن يوقاتقۇنچە ئۇزۇن تۇردۇم قاراپ،
شۇندا باشىم چۆرگىلەپ، ئايلاندى بۇ يەر-ئاسمان.

يىغلىغانغا يانمىدىڭ، ئەسلا يېشىمغا باقمىدىڭ،
يول يىراقلىقنى باھانە ئەيلىمە ھەرگىز ئاسان.





# ئـارمـان

ئەي گۈلۈم، كەلگىن يېقىن، لۇتپۇڭ ماڭا دەركارىدۇر،
شائىرلىك بىسيار خەتەردە ھەم ئۆزى بىمارىدۇر.

ئىشقى كويىدا مېنىڭ ھالۇ-كۈنۈم بولدى يامان،
مۇنچىلىك ئاۋارە قىلغان ئاي يۈزۈڭ رۇخسارىدۇر.

مۇمكىن ئۇلغايمۇ سېنىڭ ئىشقىڭدىن ھېچ يالتايمىغىم،
بۇ خىيال مىڭ كەررە ئۆلمەكتىن يامانراق كارىدۇر.

بىر بېقىپ، ئىككى قاراپ ئۆتقا گىرىپتار ئەيلىدىڭ،
ئەمدى باقمايسەن قاراپ، باقسام دىلىڭ ئەغيارىدۇر.

ساڭا لايىقمۇ غېرىپ بىچارىنگە قىلماق جاپا،
قىلغىڭغا جان پىدا، كەيپىم ئەجەپ خۇمارىدۇر.

سەن بۇ دىلنى خەستە قىلما، ھېچ كېلىشمەيدۇ ساڭا،
زۇلمى قىلماقلىق ساڭا ھېچبىر يېپپىشماس ئاردۇر.

www.uyghurkitap.com

قىلما ناز قىيناپ مېنى، جانىم، كەرەم ئاچقىل ماڭا،
جان خەتەرلەر خەۋپىدە، كوڭلۇم تەلەپ دىدارىدۇر.

ئاي يۇزۇڭنى بىر كورۇپ ئولسەممۇ ئارمان قالمىغاي،
كەلمىگەي تەرىپكە تىل، كوڭلۇم بەسى ئاۋارىدۇر.

ئاڭلىغاچ بۇ زارىنى كەلگەيمۇ ئىنساپقا پەرى،
چۇنكى ئاندا بىر مىجەز بار زالىمى خۇنخارىدۇر.





## ياز تۇنى *

ياز كۇنى كۇندۇز قىزىق، بولغاي ھاۋا ئىسسىقتا تار،
ھەر كۇنى ئاخشامنى كوپ جان خالىغاي بى ئىختىيار.

تۇندە ھەر كىم ئوگزىسىدە تاغ شامالىغا بېقىپ،
"كەل، جېنىمنىڭ راھىتى" دەپ تەلمۇرەر بەك ئىنتىزار.

كوك يۇزى ساپ، ئاندا يوق داغ، بارچە يۇلتۇزلار يىراق،
شۇ يىراقتىن نۇر يېقىنلاشقانغا ئوخشاش پاقىرار.

ھەر كىشى بىر خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشاللىق بىلەن
گەپلىشىپ ياندا يولداشى بىلەن كوڭلىن ئاچار.

بۇ غېرىپ شائىر ياتار يالغۇز ئوزى كوككە قاراپ،
كوكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار...

## دەردى دەۋران

ئۇتەرمۇ بۇ ئۇمۇر ئەپسۇس بىلەن ئارمان، نادامەتتە،
تېپىلماس شادىمان ئىنسان، كورۇنمەس ھېچ ئالامەتتە،
قايان بارسام، قايان باقسام، ئۇمۇمەن ئۇشبۇ ھالەتتە،
نە يەڭلىغ مەنپەئەت باردۇر بۇ يەڭلىغ ئىستىقامەتتە،
چۇشەندۇرگۇچى جان يوقمۇ بۇنى دەۋرى ھاماقەتتە.

ئىشبان زۇلمى ھەججاجدىن①، سالار دەرت ئۇستى-ئۇستىگە،
ئاسارەت خورلۇغى، قۇللۇق ئىزاسى كۇندە يۇز توگە،
بويار جەبرەن ئاقارغان يۇزنى كورسە دەرملار② كۇگە③،
بولالماس بىر بىرىگە يار-يولەك بۇ تەندە ھەر ئۇگە،
يېتەر، زالىمنىڭ ئۇتتى زۇلمى جانىمغا ناھايەتتە.

ئەقىلسىزلىق بولۇپ سەنئەت، ھامانە پەيزى ئەھلى خار،
پەلەك ھەم ھەر زامان ئۇشبۇ ئەقىلسىزلەرنى كوپ ئاسرار،
ئەقىلسىزلەر تېپىپ قۇۋۋەت، جاھان ئاسايىشىن بۇلغار،

---

① ھەججاج — مۇھەممەت پەيغەمبەر دەۋرىدە ئۇتكەن زالىم پادىشا.
② دەرملار — دەرھال سۇركەش.
③ كۇگە — كۇيە، قارا.



ئەزىزدۇر كوزا سۇندۇرغان ۋە لېكىن سۇ ئەكەلگەن خار،
لېۋىمنى چىشلىبان "خەپ!" دەپ تۇرارمەن تىك قىياپەتتە.

زامانە زورۇ-زومبۇنىڭ، تاماشا قارىغۇ-كورنىڭ،
خىيدارىنى خوش قىلدى ياراپ مالى توھمەتخورنىڭ،
كىشگە چاپلىماق بوھتان ئاتا كەسپى قەسەمخورنىڭ،
ھامان تەتۇرىگە ماڭدى پەلەك پىشانىسى شورنىڭ،
ياقاڭدىن ئالمىسام بىر كۇن، ئالۇرمەن تا قىيامەتتە.

نە قىلغايمەن، بۇرادەر، ئەمدى مەسلىھەتلىشەيلى بىز،
زۇلۇم زەنجىرىنى ئۇشتۇپ، مېڭىشقا يول ئاچايلى بىز،
دىدى: "تەقدىر شۇدۇر، بەندە قولىدىن كەلمىگەي ھەرگىز"،
دىدىم: "ئالدىدا ناھەقنىڭ، ھەقىقەت قايدا پۇككەن تىز؟"
ئىناقلىق بىرلە باش قوشماي ئۇتەركۇنلەر جاھالەتتە.

ئەزەلدىن، ئۇيغۇر، ئىقبالىڭ سېنىڭ شۇنداق قارا كەلدى،
دىلىڭ بۇ دەمگىچە ساقسىز، جاراھەتتە يارا كەلدى،
نىمانچە كوتىرەلمەسلىك ئەلەملىك ماجىرا كەلدى،
ھەقىقەت چۇن ئىغىز ئاچساڭ، ھەمىشە مىڭ بالا كەلدى،
كۇرەشكە باغلىبان بەلنى، ياشا ھورلۇك، سائادەتتە.

1927 - يىل، تۇرپان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىم شېھىت

## بىلىم ئىشقىدا

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار-يوق.

قارا قاشلىق، تولۇن ئايلار ساڭا بىرنەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ، سېنى تاشلايدۇ، ھىچ ئار يوق.

كىرىپ كەينىگە نەپسىڭنىڭ بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.

قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادۇ-ئاھىغا،
يۇتۇپ زەرداپ، پىراقتىن دات دىمەكتىن باشقىچە زار يوق.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەر دەم،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تار يوق.



يۇرۇپ مەنمۇ گۈزەل ئىزلەپ جاھالەتكە ئەسىر بولغان،
خالايىق ئالدىدا يۈرسەم، مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق.

پاراغەت ئىزلىسەڭ ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما،
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس، بىلىمدەك ئاڭا غەمخار يوق.

بىلىمسىز ساق تېنىڭ مەجرۇھ، ھەمىشە نالە-پەرياتتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق.

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ ئوقۇش ئىشقىدا بۇلبۇل بول،
ئۈگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.

جاھانىنىڭ قايسى يوچۇق، پۇچمىغىغا باش تىقىپ ياتساڭ،
بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانىغا، ھىچ بىر كىمگە ئەخبار يوق.

بىلىم روھىي ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا، ئەگەر بىلسەڭ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس، بۇڭا ئىنكار يوق.

چاپان ھورمەتلىرى ھېچ چاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس،
كېتەر پۇلدىن يىغىلغان ھورمىتىڭ پۇل بىرلە، ئەسرار يوق.

چاپان بىرلەن ئۆزەڭنى پاقىراتساڭ بىر بوياقچى سەن،
بىلىم ئەسرى بۇگۇن، سىرلىق چاپانلارغا خېرىدار يوق.

بۇلاردىن قولغا كەلگەن ئابرۇيى جىنىنىڭ چۇشى ئوخشاش،
خىيالىي بۇ تىلەكتە سەن كەبى باخشىغا جىندار يوق.

ئۇمىت قىلما، پەلەك ھەرگىز سېنىڭ بەختىڭگە چورگۇلمەس،
بۇگۇن باي، ئەتە سەندەك ھېچ گاداي يوق، بەلكى قەرزدار
يوق.

بىلىمدىن چەتتە كورگەن دولىتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر،
جېنىڭغا جەۋرى قىلماققا بىلىمسىزدەك ستەمكار يوق.

بىلىمدىن ھەممە ئىش روياپقا چىققان بىر ئەسىردۇر بۇ،
بىلىش لازىمكى بۇ كۇندە بىلىمسىزلەرگە خۇشتار يوق.

بىلىمدىن باتىنىڭ① نۇرلانمىسا، كوڭلۇڭ قاراڭغۇ تۇن،

---

① باتىن — ئىچكى دۇنيا، كوڭۇل.



قۇياش نۇرىغا مۇنكىر① شەپپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق.

زېمىننى توپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاخچاق، گۇمان قىلما،
ھەقىقەتتۇر بۇگۇن ھەر ئىش، كەمەكتەك② جادۇ-ئەييار يوق.

ئەجەپلەنمە، بىلىم نۇرىدا نۇرلانسا كىشى كوڭلى،
ئۇنىڭغا كوكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۇرسە دىشۋار يوق.

بىلىملىك تاغنى باغ ئەيلەشتە ھېچ قانچە جاپا كورمەس،
بىلىمسىز قان يۇتار، نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق.

ئۆزەڭنى، نىم شېھىت، ئۇشبۇ پىكىرگە ئەيلىگىن قۇربان،
بىلىمدىن رىشتە ئۈزگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناكار يوق.

---

① مۇنكىر — ئىنكار قىلغۇچى.
② كەمەك — قەدىمقى ئىران شاھى جەمشىتنىڭ ئەييارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خاتا

مەستۇ-مۇستەغرەق بولۇپ غەپلەتتە ياتماقلىق خاتا،
يەنى غاپىللىق بىلەن ئۇيقۇغا پاتماقلىق خاتا.

يىمەك-ئىچمەك ھەممىنى ئۇز نەپسى چۇن توپلاۋېلىپ،
بىرگە توققۇز نەرق قويۇپ پايدىغا ساتماقلىق خاتا.

مەرت ئىكەنسەن ئەل بىلەن ئۇل، بىللە يىغلا، بىللە كۈل،
جاننى ئاسراپ، ئەلنى تاشلاپ چەتتە ياتماقلىق خاتا.

جان بىلەن ئۆلكىگە كەلگەن راھەتىڭ قەدرىنى بىل،
چۇنكى مەغرۇرلۇق بىلەن ئەپسانە بولماقلىق خاتا.

خەلقنى دە، تەۋرات ئوقى، ئىنجىل ۋە يا قۇرئان ئوقى،
نىمە قىلساڭ قىل، لېكىن نومۇسنى ساتماقلىق خاتا.

زارلىنىپ بىچارىلەر غەمدىن كوزىگە ئالسا ياش،
ياش تۇرۇپ بىخۇت بولۇپ، پىنھاندا ياتماقلىق خاتا.



ئەي يىگىت، تۇر، ياتمىغىن، مەزلۇم بولۇپ دەرت تارتمىغىن،
ئەر تۇرۇپ "مەزلۇم!" دىگەن بەتنامنى ئالماقلىق خاتا.

غەمخورۇڭ دائىم سىنىڭ غېمىڭنى يەپ زار قاخشىسا،
ئاتلىماس گاستەك بولۇپ، تاماشا قىلماقلىق خاتا.

چۇنكى سەنمۇ ئەر ئۇزەڭ، ئەردەك ئۇلۇغ مەردانە بول،
تەگرىنى يادلاپ قويۇپ، تەدبىرنى قويماقلىق خاتا.

تەگرىنىڭ تەقدىرىنى ئىشلەشكىمۇ تەدبىر كېرەك،
تېرىماي، "ئاش چىقمىدى" دەپ سوز تاراتماقلىق خاتا.

"يارىتىشنى ھەق ياراتتى، يارىلىش ئۇزەڭدىدۇر"،
بايىقماي غاپىل يۇرۇپ، قاپقانغا باسماقلىق خاتا.

ۋەدىگە تۇرماق كىشىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر،
باشتا بىر ۋەدە قىلىپ، ئاخىردا بۇزماقلىق خاتا.

چارە يوق بۇزماسقا، گەر چىقسا مۇخالىپتىن بۇزۇق،
تەندە جانىڭ بار تۇرۇپ، "ئەلھوكمۇ" ئېيتماقلىق خاتا.

قەدرىسىلىك يۇرت، ئەل-ۋەتەنگە نىم شىھەتىنىڭ ئەرزى بۇ،
"دات" دىگەنلەر "دادى"نى بىر چەتكە قاقماقلىق خاتا.

1947-يىل ماي، غۇلجا.

# خەت

چىن مۇھەببەتلىك كوڭۇلدىن مەن يازاي يارىمغا خەت،
دەردى ھىجران ئوتىدا قالغان ئۇ دىلدارىمغا خەت.

ئاپتاپ ھوسنۇڭگە تەشنا سەن پەرىنىڭ ئىشقىدا،
مۇپتىلا قىلغان جىنىمنى روزى رۇخسارىمغا خەت.

گەرچە مەن مەجنۇن دىسەم، تۇرغان يېرىم چۆل-دەشت ئەمەس،
جەننە تۇلپىر دەۋسىدىن① ئۇل كوزى خۇمارىمغا خەت.

لەيلى دەپ ئېيتاي دىسەم، لەيلى نىچۇك چولدە ياتۇر،
شۇم بوران-چاپقۇن چول ئەتكەن بەلكى گۇلزارىمغا خەت.

كويىمگىمدىن تاڭ قالۇر پەرھات، لېكىن مەن تاغدا ئەمەس،
ئۇخلىماي تۈنلەردە ياد ئەتكەن ئۇ بىدارىمغا خەت.

---

① جەننە تۇلپىر دەۋسى — جەننەتلەردىن بىرىنىڭ نامى.



سىنى "شىرىن" دەپ ئەگەر ئېيتسام مۇناسىپ بولمىغاي،
زۇلمى خىسراۋدىن خاراپلاشقان چىمەنزارىمغا خەت.

ۋادەرىغا، ئويلىسام ئوتمۇشتىكى ئاشىق ئىشىن،
چولدە ئاشقلار يازاردى، باغدا رەيھانىمغا خەت.

بۇ نىچۇك ھالدۇر، يۇرەر مەشۇغى سەرگەردان بولۇپ،
باغۇ-بوستاندىن يازارمەن سويگۇ دەپ زارىمغا خەت.

تۇندە ئاي بەرمەكتە يارىمنىڭ جامالىدىن دىرەك،
ئاي ئوزەڭ يەتكۇز بىرىپ مەندىن ۋاپادارىمغا خەت.

كاج پەلەكنىڭ قانچە قىلسا ئوتمىگەي گال كاترىسى①،
ھىچ كىسەلمەس مەن ئەگەر يازسام شىكەر خارىمغا خەت.

ئاق بەدەن قىزلار بويۇنچاق ئاسسا مەرۋايىت تىزىپ،
چىشلىرىڭدىن بەلگە دەپ يازسام پىداكارىمغا خەت.

نەئرە تارتسام، غاقراپ چىقسا تىيانشاندىن سادا،
ھاۋانىڭ گۇلدۇرىدەك يەتسۇن دىل ئەسرارىمغا خەت.

---

① كاترا — تومۇر پىچاق.

www.uyghurkitap.com

ھور بولۇپ ئاھىم ھاۋانى قاپلىسا ئۇتلۇق تۇمان،
"يەر يۈزىن بوشات!" دېگەندەك تەگدى ئەغيارىمغا① خەت.

نىم شىبھىت تويىماس ھاياتىنىڭ ئىشقىغا تارتسا ئەلەم،
چۈنكى قەلبىمدىن "ۋەتەن" دەپ ئالدى ئىقرارىمغا خەت.

1947 - يىل دېكابىر، غۇلجا.

① ئەغيار — غەيرى، يات.



## مۇھەببەت سەۋداسى

ئۆزەمنى چاغلىماي كۆڭلۈمنى بەردىم مەن ساڭا، ئەي يار،
شىكايەت ئەيلىمەكتە ھەر تەرەپتىن دوست بىلەن ئەغيار.

ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى قايتۇرۇپ ئالماق ئەمەس مۇمكىن،
تېخى جانىم تەسەددۇق، كويىگىنىمنى ئەيلىدىم ئىزھار.

كۆرۈپ ئول كۈن جامالىڭنى ئاجايىپ ياخشى سائەتتە،
مۇھەببەت شەرۋىتىدىن بىر تويۇپ ئىچتىم كۆرۈپ دىدار.

يەنە كۆڭلۈڭ ساداسىن ئاڭلىبان بولدۇم گويا مەجنۇن،
بولۇپ تۇرسا ئىدى كاشكى بۇنىڭدەك ئۇچرىشىش ھەر بار.

ھامان بۇ كۆلكىنىڭ بىلمەي سەۋەبىن زارۇ-ھەيرانمەن،
سەنەمنىڭ كۆلكىسى تەھتىدە، بىلمەيمەن، نىمە سىر بار؟

ساڭا جانىم پىدا قىلغانلىغىمنى بىلگىنىڭدىنمۇ،
ۋە يا سەيد بولغىنىڭغا ئەمدىلا بولدۇڭمۇ سەن ئىقرار؟

”تەسەللايى مۇھەببەت“ دەپ كوزۇڭگە ياكى ئىلمامسەن؟
ساڭا مۇنداق مۇرۇۋۋەتسىز پىكىر چىرماشمىسۇن زىنھار.

سېنىڭ تۇرغان يېرىڭ يادىمغا كەلسە ھەر زامان، ئەي گۇل
بېرىپ سويمەي تۇرالمايمەن ئەگەر تۇن بولسا ھەم بىدار.

نىگارىم خاكپايى دەپ كوزۇمگە تۇتىيا قىلدىم،
بويۇم يادەك ئېگىلدى پۇرقىتىڭدىن جان بولۇپ بىمار.

ساڭا ئاشىپتە① بولدۇم بىر كورۇپ ئەقلىمدىن ئازدىم ھەم،
مۇھەببەتتىن خەۋەرسىزلەر ”ساراڭ“ دەپ ئېيتمىدى بىكار.

گۇمانسىز مەستۇ-مۇستەغرەق خىزىر كورسە جامالىڭنى،
ھاسا، جەندە، كۇلا، تەسبىھنى تاشلاپ ئەيلىگەي ئىنكار.

سېنى كورسە زىلەيخا ھەم چىقالماس پەردىدىن ھەرگىز،
جامالىڭ بىر كورۇپ قالغاندا يۇسۇپمۇ بولۇر بىزار.

پەرىشتە كوڭلىگە تەسكىن بېرەلمەس ئاي يۇزۇڭ كورسە،
سېنىڭ يادىڭدا چۇل جەننەت كى تەجرى تەھتىھۇلئەنھار②.

---

① ئاشىپتە — كويۇپ قېلىش.
② تەجرى تەھتىھۇلئەنھار — ئاستىدىن ئېرىق ئاقىدىغان جەننەت.



مۇھەببەتنى قازانىڭ موللىسى مەخسۇس ماڭا پۇتكەن،
شۇڭا روزى ئەزەلدىن مەن مۇھەببەت بىرلە ھەم ئەسرار.

بۇ يولدا خارۇ-زار بولماق ماڭا بەلكى سائادەتتۇر،
ئەسىرى ئىشقىدىن رەنجۇ-مۇشەققەت چەكمىگەن كىم بار؟

جەھەننەم ئاتىشى تاللاپ پەقەت ئاسىنى كويدۇرمىش،
مۇھەببەت ئۇچقۇنى ئالدىدا ئوخشاش ئاسى ھەم ئەبرار①.

باھار ۋاقتىدا سارغايغان چىرايىمدىن ئەجەپلەنمە،
تېپۇپ ئالدىدا زەپەرنىڭ سېرىقلىقتىن باھاسى بار.

كامان بولدى ئىلىپ قەددىم تولا ئويلاپ نىگارىمنى،
ساڭا ھەم نىم شېھىت ھەردەم سەنەمنىڭ ئىشتىياقى بار.

1955 – يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى.

---

① ئەبرار — دوست.

# ئالـدىـدا

## 1

ۋەسلىدىن ئۆزگە كېرەكمەس ماڭا جانان ئالدىدا،
ئارىزۇيۇم سەن ئېرۇرسەن تەن بىلەن جان ئالدىدا،
بىر گۇلى رەنا ئېرۇرسەن باغۇ- بوستان ئالدىدا،
تا زىيارەت قىلمىسام مەن سېنى ئىمكان ئالدىدا،
يۇزلىرىم شەرمەندە بولسۇن تاڭلا سۇبھان ئالدىدا.

دۇنياغا تەڭ ئەيلىمەيمەن تاغلىرىڭنىڭ تېشىنى،
سېنى دەپ تاشقا قوشارمەن دۇشمىنىڭنىڭ بېشىنى،
سەن ئۇچۇن دەريا ئېقىتسام شۇم رەقىپلەر يېشىنى،
مۇمكىن ئۇلغايمۇ كورۇشكە ئايغا ئوخشاش قېشىنى،
قارا بەختىم ئاق بولاردى شۇندا رەخمان ئالدىدا.

سەن ئىدىڭ دۇنيادا بىر ھوسنى گۇزەل، نازۇك بەدەن،
ئىككىمىزدە باغلىنىش گوياكى ئەردى جانۇ- تەن،
ئاھ، گۇزەل يار ئۇيىنغان قەشقەر، كۇچار، يەركەن، خوتەن
نىمىلەر بولدى ئىكىن ئىپلاس ئاياقتا پاك ۋەتەن؟...
سەن ئۇچۇن كوزگە كورۇنمەس قانچە قۇربان ئالدىدا.



سۇلىرىڭ ئابى ھاياتتۇر، ئەي گۇزەل يارىم، سېنىڭ،
تۇتىيادۇر تۇپرىغىڭ كوزۇمگە، دىلدارىم، سېنىڭ،
جانغا جاندۇر ئۇندا ئۇسكەن بارچە غەمخارىم سېنىڭ،
ئايرىلىش تىلدى يۇرەكنى، كوزى خۇمارىم، سېنىڭ،
ئورتىنۇر كويۇڭدا قەلبىم چەرخى كەيۋان① ئالدىدا.

ئەۋۋەلىدە سەن ئىدىڭ جەننەتكە ئوخشاش بىر ماكان،
ئەركە ئويناپ ئوسكەن ئەردىم، قىسمىغان بۇ كەڭ جاھان،
خۇش پۇراقلىق گۇل- چېچەك تاللاپ ئۇپەردى باغبان،
ئابىرۇيۇڭ ساقلار ئەردىم مەن بولۇبان پاسىبان،
دۇشمىنىڭ كوز تىكمەس ئەردى شىرى غەرران ئالدىدا.

باغدا گۇل، شاخىدا بۇلبۇل، نېمىتىڭ شۇكرىن ئوقۇر،
تاڭ سەھەر تورغايلىرىڭ تەسبىھ ئوقۇپ قانات قاقۇر،
بەلكى قۇشلار بارچىسى مەدھىڭ بىلەن يەرنى چوقۇر،
چۈنكى خەۋپسىز يەر، ھاۋا، تاغ، چول ۋە سۇ، دوڭ ھەم چۇقۇر،
ئەركىلەپ ئوسكەن ئىدىم شاھزادىدەك خان ئالدىدا.

مەن ئۇ چاغدا سەندىن ئايرىلماقنى ئەسلا كۇتمىگەن،
ئېھتىيات قىلغىن رەقىپتىن دىسە ھەرگىز پۇتمىگەن،

---

① چەرخى كەيۋان — چاقتەك ئايلانغۇچى پەلەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۇنكى ئىسسىق-سوغ ئۇ كۈنلەردە بېشىمدىن ئۆتمىگەن،
ئارغىماقىمنى ئەپەندى قەۋرىدە ئۈركۈتمىگەن،
باشقا قامچا تەگمىگەندى يولدا كارۋان ئالدىدا.

بال — شېكەردىن بەلكى شىرىندۇر كۈمۈش رەڭ سۈلىرىڭ،
تاغلىرىڭدا يايرىشىپ ئەركىن ئوسەر ئاھۇلىرىڭ،
چىنىقىپ ئەردى رەقىپكە قارشى قول-بازۇ① لىرىڭ،
ساڭا تەسىر يەتكۈزەلمەس ئەردى ھىچ جادۇلىرىڭ،
سەلتەنەتلىك شەۋكىتىڭ بولغاچقا ئىنسان ئالدىدا.

ماختىناردىم سەن كەبى بىر نازىنىنىڭ يارى دەپ،
يارىنىڭ كوكرىگى تەككەن سازىنىڭ بىر تارى دەپ،
ساڭا باغلانغان مۇھەببەت ھەممىدىن يۇقارى دەپ،
خاھ گۈلۈم، خاھ بۇلبۇلۇمغا قىش ۋە ياز باھارى دەپ،
كوكۈلۈڭ بويىن ئۈپەردىم لالە-رەيھان ئالدىدا.

دىلبىرىم، ئاھۇ كوزۇم، خۇرشىد يۈزۈم، شىرىن سوزۇم،
ھوسنى ئەپلاكىڭدا② تۇققان ئەردى تالەي يۇلتۇزۇم،
لەۋلىرىڭدىن قىزغىنۇردى باغدا پىشقان تال ئۈزۈم،

---

① بازۇ — بىلەك.
② ئەپلاك — پەلەكلەر.



قاشلىرىڭ مېھراپ قىلىپ سەجدە قىلاي تەنھا ئۆزۈم،
چوڭ گۇناھكار بولسىمۇ دىن بىرلە ئىمان ئالدىدا.

ۋادەرىخا، قايسى كۈندۇر، شۇم رەقىپ باستى ئاياق،
سەن كەبى ھور نازىنىنلەر ئۈستىگە سالدى تاياق،
مەن قۇچاغىڭدا تۇرۇپ تارتتىم ئەجەپ دەردۇ-پىراق،
نېمىتىڭ لەززەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىم يىراق،
بىر تىلەمچىدەك قىسىلدىم كۆزدە خامان ئالدىدا.

يىغلىدىم شۇندىن بۇيان تۇن-كېچىلەر بىدار بولۇپ،
رەھىمسىز ئوگەيگە قالغان قىز يېتىمدەك خار بولۇپ،
ھەۋزى كەۋسەرنى① كېچىبان، تامچە سۇغا زار بولۇپ،
تارلىشىپ كەتكەن جاھانغا سىغمايىن بىمار بولۇپ،
بويىنى باغلانغان مۇشۇكتەك ساڭدا ساچقان ئالدىدا.

شۇنداق ئومرۇم ئوتكەن ئەردى ئورتىنىپ ھەم كۆل بولۇپ،
ئات-ئېشەكلەر ئورنىدا دۇشمەنلىرىڭگە قۇل بولۇپ،
"ئاللا ئەمرى شۇمىكىن" دەپ، ساتسا بەلكى پۇل بولۇپ؛
ئوتكەن ئومرۇم ئەسلىسەم ياشىم توكۇلۇر كول بولۇپ،
موللىنىڭ ئىمانى بولدۇم خۇددى شەيتان ئالدىدا.

---

① ھەۋزى كەۋسەر — شەرۋەت كولى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاقۋەت قوغلاندى بولدۇم، بىر يولى تارتتىم پىراق،
شۇم رەقىپنىڭ تالىيى ئۇلۇغ كەلدى، مەن بولدۇم يىراق،
جانغا تويغان خۇددى بىر پەرۋانىمەن، سەن بىر چىراق،
كۈنمۇ-كۈن ئارتتى كۆڭۈلدە ساڭا بولغان ئىشتىياق،
تامچە سۇغا زارە بولدۇم بەھرى ئۇممان① ئالدىدا.

مەيلى، مەن بارغۇنچە يىرتقۇچلۇق بىلەن خەلقىمنى ئات،
مەيلى، مەھبۇپ بېشىدا قانلىق قىلىچىڭ پارقىرات،
مەيلى، ۋەھشىلىك بىلەن ئادەمچىلىك ئاڭنى يوقات،
ئىنتىقام ئالغۇم سېنىڭدىن تاكى جان تەندە ھايات،
ھېچقاچان ئادەم يېڭىلمەس ۋەھشى ھايۋان ئالدىدا.

ئۆلگىنىم ياخشى نىگارىمدىن تىرىك ئايرىلغىنچە،
ئۆچىمەن ساڭا بېقىپ تاكى قانات قايرىلغىچە،
كۆرىشىم قايتماس رەقىپلەر جىنىدىن ئايرىلغىچە،
بولدى ئەمدى سەۋرى يوق، ياتتىم مانا بىر يىلغىچە،
ئورما ئورماق ئانچە تەس بولمايدۇ دىخان ئالدىدا.

تارت قولۇڭنى، ۋەھشى دۈشمەن، تېخى جانىم تەندە بار،
ئىنشائاللا، پات-يېقىندا سېنى قىلغۇم تارۇ-مار،

① بەھرى ئۇممان — ئۇممان دەرياسى.



ئەي پەلىد① چاپسان يوقال، گۈزەل يېرىمنى قىلما تار،
سەن قارا زۇلمەتنى يوقاتسام، سائادەت تاڭ ئاقار،
كۈن نۇرىن كۆرسەتمىگەن سەن پەردە ئاسمان ئالدىدا.

كۆرىشىم ھېچ توختىماس تا قەترە قانىم قالغىچە،
تەسىرىڭنى يوق قىلۇرمەن قەلبىم ئارام ئالغىچە،
ئەزرائىل پۈتتى ئىشىڭ دەپ تاكى جانىم ئالغىچە،
تەن سوۋۇپ، يۈرەك-تومۇر، قان ھەركەت توختالغىچە،
شۇندا ئەۋلادىم تۇرار دەۋاغا سۇلتان ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن، ئەي نىگارىم، سەن ئۈمىتنى ئۈزمىگىن،
دۈشمىنىڭنى ئۇر، پەقەت ئەركىڭگە يۈرگۈزمىگىن،
ئالدىنىپ، دۈشمەن بىلەن سەن ئەيشى-ئىشرەت تۈزمىگىن،
شۇم رەقىپكە باغلىرىمنىڭ مېۋىسىن ئۈزگۈزمىگىن،
پات-يېقىندا تېپىشارمىز گۈل-گۈلىستان ئالدىدا.

ئەر ئەمەسمەن تاكى دۈشمەننىڭ قېنىن ئاققۇزمىسام،
دۇنيادا خائىنلىق ئەيۋىن كوكسىگە تاققۇزمىسام،
ئوت-زەھەرلىك نەشتىرىدە ئۇزىنى چاققۇزمىسام،
ئەللەي ئېتىپ يەر بوشۇكتە ھەممىسىن ياتقۇزمىسام،
شۇندا مەرت نامىنى ئالغۇم شاھى مەردان ئالدىدا.

① پەلىد — ئىپلاس.

ئەي سەنەم، ئەتراپقا باق، خەلقىڭمۇ تىپ-تىچ ياتمىسۇن،
تاشلىۋەتتى، سۆيگۈدىن كەچتىمۇ دەپ باش قاتمىسۇن،
جىم يېتىپ، ھەسرەت چېكىپ، قانلار يۇتۇپ، دەرت تارتمىسۇن،
ھېلىگەر، مەككار رەقىپكە ئابرۇيىن ساتمىسۇن،
ئەسلىسۇن خار بولغىنىمنى ئۇندا زىندان ئالدىدا.

دەرتلى دىل ھېچ توختىماس، سىرلىق قەلەم قايناپ يازار،
مۇڭلى دادىمنى ئىشتىسە خىزرى تەسبىھدىن ئازار،
چۈنكى ئۇل بەدبەخ رەقىپلەر نىم شىبھىتكە گور قازار،
مەيلى ئۆلسەم، سۆيگۈ يولىدا تېنىم بولغاي مازار،
كۆرىشىم ئارتار تېخى ھەم قىز ۋە ئوغلان ئالدىدا.

1946-يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

## 3

ئۈزگە جانان نە كېرەكتۇر بىر پىداكار ئالدىدا،
لەۋلىرى گوھەر نىسار ئەتكەن شېكەرخار ئالدىدا،
سايرىسام بۇلبۇل سۈپەت كۈن-تۈن ۋاپادار ئالدىدا،
ئەرزىگەيمۇ نالىشىم ئۇل كوزى خۇمار ئالدىدا،
يۈزى گۈل، سوزى شېكەر، شوخى ستەمكار ئالدىدا.

بولسا مەجنۇن قەلبىگە لەيلى ۋىسالىدىن ئارام،
قانچە يىل ۋامۇق ئىزىپ ھۇزرا دىسە مەقسەت مۇدام،



ياكى پەرھات كوڭلىدە شىرىنغا قىلسا ئېھتىرام،
ماڭا ئۇ رويى ئانارىدىن باشقىسى بولسۇن ھارام،
ھىچ گۈزەل كوزگە كورۇنمەس ئۇل گۈزەل يار ئالدىدا.

يول تاپالماي نەچچە يىللاردىن قاراڭغۇ تۈن ئارا،
ئۇل سەنەمنىڭ ئىشقىدا ھەر كۈندە يۈزمىڭ ماجىرا،
ئاقىۋەت بولدى رەقىپلەرنىڭ ئويى ماتەم-سەرا،
شۇم لەئىن شەرمەندىلىكتىن بولدى خوپ يۈزى قارا،
ئېيتايىن شاتلىق بىلەن ئەرزىمنى گۈليار ئالدىدا.

تاڭ قېتىپ پەرۋانە قالسۇن، ئورگىلەي باشىڭنى جان،
ھەم ۋىسالىڭ شەرۋىتىدىن نۇش ئېتەي، كورسۇن جاھان،
خۇددى مەستەك سىر توكۇشتە سوزگە كىرسۇن بۇ زابان،
تەڭ ئەمەسدى ھىجرىدىن رەڭگىمگە رەڭگى زەپىران،
ئەندىلىپتەك① ئەرزىم ئېيتاي باغدا گۈلزار ئالدىدا.

خەيرىيەت، تەڭلىك بىلەن ھەققانىيەتكە شادىمەن،
ئەل غېمى ھەم بەختىگە ئورتاقچى دىخان زادىمەن،
ئەمدى مەن خەلقىم بىلەن تەڭ ئۇشبۇ كۈن ئازادىمەن،
مۇستەبىتلەر كوزىگە بىر قاتىلى جاللادىمەن،
ئەمدى خەلق تۇرماس گادايدەك تەلمۈرۈپ غار ئالدىدا.

---

① ئەندىلىپ — بۇلبۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوق چىمەنزارلىقتا قاغا بىرلە ھۇقۇشقا ئورۇن،
سايرىسۇن بۇلبۇل غېمىن ئىزھار ئېتىپ بولماي ھورۇن،
بىز كەبى ئەۋلات ئۈچۈن بولسا ۋەتەن ئازات بۇرۇن،
بولماس ئەردۇق بى رەھمىلەر ئالدىدا تەرى سورۇن،
قىسماس ئەردۇق بويىنىمىزنى ھېچ بىر ئەغيار ئالدىدا.

بولغان ئەردۇق كوپ ئەسىر ئەركى جاھاندىن بى نېسىپ،
دۇنيانى كورسەتمىگەن نا ئەھلى گەردەندىن بېسىپ،
باش كوتەرسە يوق قىلاردى باش كېسىپ، دارغا ئېسىپ،
شۇ سەۋەپ زىندانلىرىدا مۇردىلار تولغان سېسىپ،
قان يۇتارمەن ئويلىسام بۇ چەرخى زەنگار① ئالدىدا.

ھېچ قاچان خەلق ھالىغا بىر زەررىمۇ قىلماي نەزەر،
قالدى ئىرپان يامغۇرىنىڭ تامچىسىدىن بى خەۋەر،
كورمىگەن ئوڭ-سولدا دۇنيا بولسىمۇ زىرۇ-زەۋەر،
دەر ئىدى خەلقىم زۇلۇمدىن "ئەلھەزەر، مىڭ ئەلھەزەر"،
پىرىخۇندەك ئەللە ئويناپ كەلسە جىندار ئالدىدا.

دەرت-ئەلەمنىڭ كوپلىگە باشتا چاچ ئاقلىق قىلار،
گۇل-گۇلىستان باغلىرىمنى چەيلىبان سازلىق قىلار،

① چەرخى زەنگار — كوك ئاسمان.



بىر كوكۇل ئاچسا ئەگەر يىللىق ھوسۇل ئازلىق قىلار،
كەيىپ ئۈچۈن ئەلنىڭ ھاياتى بىرلە جانبازلىق قىلار،
كوك ئىگىز، قاتتىق زىمىن ئول دەم گۇناھكار ئالدىدا.

زاھىرىنى "چومچىغان"دەك ھىلىدىن رەڭ ئەيلىگەن،
ئادىمىنى توت ئاياق ھايۋان بىلەن تەڭ ئەيلىگەن،
مەرىپەت دۇنياسىغا قارشى تۇرۇپ جەڭ ئەيلىگەن،
بەختىمىزنى قارا قىلماق يولىنى كەڭ ئەيلىگەن،
كورمەس ئەردۇق زەررە كۇن نۇرىنى مەككار ئالدىدا.

ھەر تەرەپ كەتكەن ئىدى تاشلاپ ئويىن تۇپەيلى نان،
ئىڭرىشىپ قالغان سەبىلەر، چىقمايىن بۇ خەستە جان،
شۇ زۇلۇم دەرياسىدا سۇ ئورنىدا ئاققاندا قان،
بەرمىگەن شەپقەت يۇزىدىن ئەلگە بىر سائەت ئامان،
كۇنگە قاخلاپ كوكسىنى يىغلايتتى دىۋار ئالدىدا.

ئورتىگەن ئاقۋاش موماىلار قەلبىنى پەرزەنت دېغى،
ھىجرىدىن ئەزگەن بوۋايلار كوكسىنى زۇلمەت تېغى،
بېشىمىزدىن كەتمىگەن خىسراۋ سۇپەت جاللات تىغى،
مۇد كېپەنلەرگە بېغىشلانغان ئىدى شىرىن بېغى،
ياسىمىندەك جادىگەرلەر ئەردى تەييار ئالدىدا.

باتىنى زوقۇم بىلەن تولغان يىلاندىنمۇ بەتەر،
شەپشەكى جادۇ كەبى شۇملۇقتا شەيتاندىن ئۇتەر،
يەتتە باشلىق يالماۋۇز كەلسە ئەگەر مەيۇس كېتەر،
سىغدۇرالماي دەرتىنى خەلقىم دەم-بەدەم زەرداپ يۇتار،
نان تىلەپ نىمجان كېسەل ياتقاندى مازار ئالدىدا.

قۇل بولۇپ تۇرمۇش كەچۇرگەندىن ساڭا نە پايدا بار؟
ئۇلگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ ئەرك ئۇچۇن بولغۇنچە خار،
رەھمى قىلدى بىزگە ئاخىر خەلق كۇچى كەتمەي بىكار،
شۇندا خەلقچىل كىشىلەر بۇ يولدا بولدى بىزگە يار،
ئەمدى بوي ئەگمەيدۇ خەلقىم ئاسسىمۇ دار ئالدىدا.

ئىككى يۇز يىللىق كۇرەشكە ئۇشبۇ دەۋرىمدۇر يەكۇن،
چۇنكى تەييارتاپ مەرەزلەر جايىنى تاپتى بۇگۇن،
خەلق كۇچىدە مۇستەبىتلەر بولدى تالقان ھەم كۇكۇن،
ئەمدى شەكسىز كەمبەغەللەر نانلىرى بولغاي پۇتۇن،
تەلمۇرۇپ ئىنساپ تىلەپ تۇرماس ساماۋار ئالدىدا.

ئەي ۋەتەن ئەھلى، غەنىمەت دەۋرىنىڭ قەدرىنى بىل،
تاشلا ھورۇنلۇقنى ئەمدى، ھەممە ئىشنى توغرى قىل،
سېھرى باغلاپ كەلسە جادۇ، قورقمايىن باغرىنى تىل،
"چارە يوق تەقدىرگە" دەپ، زەرداپ يۇتۇپ سەن بولما سىل،
خەلقمۇ سەن ھەم شاھمۇ سەن، بىلسەڭ بۇ ھەمكار ئالدىدا.



شاخلىسۇن، يىلتىزلىسۇن خەلقىمدە بىرلىك-ئىتتىپاق،
ھەممە ئادەم كوڭلىدە ۋەتەنگە بولسۇن ئىشتىياق،
كىرمىسۇن دۇشمەن ئاراغا، بولمىسۇن دىلدا نىفاق①.
ئوقۇسۇن تۇرلۇك بىلىملەر، باسمىسۇن كوزنى چاپاق،
كوك يېرىش ھەم سۇ ئۇزۇش بولمايدۇ دىشۋار ئالدىدا.

ھەر كىشى ئەل-يۇرتىنى قىلماقچى بولسا بەختىيار،
ئىشلىسۇن جان كويدۇرۇپ، بار ئىلكىدە ھەر ئىختىيار،
يېڭى خەلقچىللىق تۇزۇمدۇر بىزگە ئەڭ ئالى شوئار،
بەرگۇسى بۇ يول ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ئېتىۋار،
ئوتمۇشۇم دىلدىن قاچان كەتكەي ئۇ خۇنخار ئالدىدا.

نىم شېھىت، ئوتمۇشنى قوي، سەن دەم-بەدەم ئالدىڭغا باس،
ماغدۇرۇڭ بار، ئالدىدا بول! كەينىدە قالما، خالاس،
گەر ئېغىرلىق كەلسە ئىشتا دەۋرىدىن قىل ئىلتىماس،
چۇنكى ھەر دەم ئالغا باسماق خەلق ئۇمىدى بىرلە ماس،
ياي خېرىدارلارغا سەن رەختىڭنى بازار ئالدىدا.

1950 - يىل ماي، باي.

---

① نىفاق — كوز بويامچىلىق، ئاداۋەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4

رۇخسەت ئەيلەڭلار بۈگۈن سوزلەشكە مەيدان ئالدىدا،
ئېيتايىن كوڭلۇمدىكى سىرىمنى ۋىجدان ئالدىدا،
بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغ ئىچرە رەيھان ئالدىدا،
تەنگە جان سىغماس خوشالمەن خۇددى بوستان ئالدىدا،
ياش يىگىتنىڭ كوڭلى ئوخشاش يارۇ-جانان ئالدىدا.

سوز بېشىدا داھىمىز ماۋجۇشىغا هورمەت قىلەي،
كوممۇنىستىك پارتىيە يۈزمىڭ ياشا دەپ ئورگىلەي،
ئىشچى، دىخان بىرلىگىنى جاندىن ھەم ئارتۇق بىلەي،
دۇشمىنىم قان يىغلىسۇن، خەلقىم بىلەن دائىم كۈلەي،
ئاتىمىز، ئۇستازىمىز داھى قەدىردان ئالدىدا.

نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئولكەمنى زۇلمەت قاپلىغان،
زومىگەرلەر ھەرقاچان دىخانغا توھمەت چاپلىغان،
قاپ-قاراڭغۇ، زەي، سېسىق زىندانىدا جاننى ساقلىغان،
نەگە بارساڭ جان سىقىلغان، ھېچ ئامانلىق تاپمىغان،
قانچە "سادىر"، "نوزۇگۇم"لار بولدى قۇربان ئالدىدا.



بوغىسمۇ مۇدھىش زۇلۇم، ھېچ توختىماي ئوستى تىلەك،
"ئاھ، يورۇق تاڭ قايدا" دەپ قان كەچتى ھەر كۈچلۈك بىلەك،
نەچچە "قاينام ئورکىشى" ئالدى قەلەم ئوتلۇق يۈرەك،
قان ئىچىپ، زار قاخشىتىپ كەلگەن ئىدى زالىم پەلەك،
كەتتى زۇلمەت، كەلدى ئازات كۈن بۇ ئىمكان ئالدىدا.

خەلقىمىزنىڭ ئاھۇ-زارى ئەرشكىمۇ يەتكەن ئىدى،
كاج پەلەكنىڭ تەقدىرى ماڭلايغا نەق پۈتكەن ئىدى،
كوڭلىدە خەلقىم تىلەكنى دائىما كۈتكەن ئىدى،
تەندە ھەم كوزلەردە ھەم غەزەپ ئوتى كويگەن ئىدى.
ئاقىۋەت راھەت كېلۇر دەپ بىزگە ئىنسان ئالدىدا.

قانچە مەرتلەرنى زۇلۇم، دەرت ئاتىسىدىن ئايرىغان،
قانچە بۇلبۇللار مازاردا "سويگۇنۇم" دەپ سايرىغان،
غۇنچىدەك نازۇك بەدەنلەرنى شېخىدىن قايرىغان،
يوق ئىدى ۋىجدانى بارلاردىن بىرەرسى يايرىغان،
خارلىنىپ ياتقان ئەزىز تەنلەر گورىستان ئالدىدا.

تۇگمەس ئېيتقانغا زالىم زۇلمىنىڭ مىڭدىن بىرى،
بېشى ئاق ئېيىق ئىدى ئون ئىككى ياش قىزنىڭ ئېرى،
ھوكمىران ئەجدەر ئىدى، جانلاردىن ئوتكەن نەشتىرى،
شۇم ھۇقۇش ئىلكىدە بولغان قىز-ئوغۇلنىڭ تەقدىرى،
مۇردىدىن ئالۋاڭ تىلەپ قويماپتى زىندان ئالدىدا.

شۇنداق ئۇتمۇش بىشىمىزدا ئەردى خۇددى سايىدەك،
ئۇيلىغان ھەر كۈننى يىرتقۇچلار مۇقەددەس ئايىدەك،
شۇم زامان ئەلنى شورايتتى خۇددى ھايۋان مايىدەك،
ئاھۇ- زارنى ئاڭلىغانتى خۇددى بىر ناي- نايىدەك.
شۇندا ئازاتلىق خەۋەر كەلدى گۈلىستان ئالدىدا.

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقىپتۇ، "بارىكاللا!" دىدى ئەل،
كوممۇنىستلار خەلقنى ئازات قىلغىلى باغلاپتۇ بەل،
بولدى ئارمان- ئارزۇمىز كومپارتىيە يولىدا ھەل،
كوتىرىلدى ئۈستىمىزدىن چىقىراپ تۇرغان ئەجەل،
كۈن ئۆزى نۇرىنى چاچتى بىزگە ئاسمان ئالدىدا.

پارتىيىمىز بىزنى ئازات قىلدى زۇلمەت ئىلكىدىن،
قوينى قويچى ئاسرىغاندەك بورە بىرلە تۈلكىدىن،
ئىشچى، دىخان بولدى ئازات فېودالىق مۈلكىدىن،
قىز- ئوغۇللار توختىيالماس شادۇ- خۇرام كۈلكىدىن،
كوز يېشى قىلماس ئېلىم ئەمدى زىمىستان ئالدىدا.

قىلدى ئولكەمدە زۇلۇمنى يەرگە يەكسان پارتىيە،
سۇنى باشلاپ چولنى قىلدى باغۇ- بوستان پارتىيە،
ھەر قەيەرگە بارسا قىلدى گۈل- گۈلىستان پارتىيە،
سايرىسا بۇلبۇل ساداسى بولدى داستان پارتىيە،
ھەممە ئىمكان بولدى تەييار ئىشچى، دىخان ئالدىدا.



تۈگمەيدۇ تەرىپىڭنى قانچە يازسام، پارتىيە،
دىل كۈلەر شەنىڭگە مەن سازىمنى چالسام، پارتىيە،
ئارزۇيۇم شۇ دۈشمىنىڭ گورىنى قازسام، پارتىيە،
قەدرىنى تاپقاي سوزۇم ئۇنۇتۇانغا يازسام، پارتىيە،
خەلقى ئالەم خۇش سويەر نامىڭنى داستان ئالدىدا.

بىز ئىدۇق ئەسىر بويى پەننى بىلىمدىن بى خەۋەر،
نەچچە يىللار ئوقۇساق بىلگىنىمىز "پەش، زىر، زەۋەر"،
پارتىيىمىز قايسى چاغدا تاپتى ئولكەمدە زەپەر،
بەس، شۇ كۈندىن بىرى مەكتەپ بىرلە بولدۇق موتىۋەر،
شۇ سەۋەپتىن پارتىيىنى سويىمىز جان ئالدىدا.

ئەل قاتارى تەڭ ھوقۇقلۇق بولدى ئەمدى خەلقىمىز،
ھەممە مىللەت تەڭ- باراۋەر، ئىتتىپاق، ساپ قەلبىمىز،
كەمستىشلەر يوقىلىپ، پۈتتى ئاداۋەت، غەلۋىمىز،
تارتىمىز تاناۋىنى چىقسا ئارادىن تەلۋىمىز،
تىلىمەيمىز ئاھ ئۇرۇپ شەپقەتنى گۈلخان ئالدىدا.

ئالتە يىلدىن بىرى بەردى بىزگە تۈرلۈك تەربىيە،
ھەممىنى ئەركىن ياشاتتى خەلق ئازاتلىق ئارمىيە،
شۇ سەۋەپ دەيمىز: "ياشا، ئەي كوممۇنىستىك پارتىيە!".
"مىڭ ياشا!" دەپ يەنە سوزلەي، كوممۇنىستىك پارتىيە،
ئەمدى باش قويماس ئېلىم ھەرگىزمۇ شەيتان ئالدىدا.

”ئولكىمىز مۇختارىيەت!“ دەپ باشلىۋەتتۇق يېڭى توي،
پارتىيەمدىن كەلدى بىزگە بۇ شەرەپلىك ئابرۇي،
كوتىرىلدى شات-خۇراملىقتىن پەلەككە هايۇ-هۇي،
ئەل ئامان، ئازات زامان، كۇلدى ۋەتەن بولغاندا توي،
مول هوسۇل ئالغان دىخاندەك كۇزدە خامان ئالدىدا.

بەختىياردۇر ئولكىمىزنىڭ ھەمدە پارلاق كەلگۇسى،
سوتسىيالىزىم قۇرۇشنىڭ بۇ ئاساسي بەلگۇسى،
شانۇ-شەۋكەت، بەخت-سائادەت ئەل ئارا تەڭشەلگۇسى،
ئەلگە راھەت چوڭ سانائەت ئولكىدە تىكلەنگۇسى،
تۇرمىغاي خەلقىم گادايدەك تەلمۇرۇپ نان ئالدىدا.

يەڭگىل ئولغاي بەس شۇ چاغدا بارچە مۇشكۇل ئىشىمىز،
ئىشلىسەك بىردەك ئوتەر ھىچ قايغۇسىز ياز-قىشىمىز،
ئاتنى تاغدا يايلىتىپ، گاڭ ئويغا قوشنى قوشىمىز،
ۋاقنى ئاسراپ، كوك يۇزىدە قۇشقا ئوخشاش ئۇچىمىز،
قولدا بەش يىللىق پىلان هوججەت ئىرۇر سان ئالدىدا.

تانا تارتىپ قاتنىغاي تېزدىن تومۇريولدا تومۇر،
بەخت-ئاسايىش ئىچرە ئوتكەي ياشنىغان بىزنىڭ ئومۇر،
كېممەس ئۇستۇگدە تون، ئامباردا ئۇن، خاڭدا كومۇر،
بەختىمىز ئىقبالىمىزغا بولدى قانۇن جان تومۇر،



خىزرى تەبئىمگە مۇناسىپ ئابى ھايۋان① ئالدىدا.

باسىمىز ئالغا قەدەملەپ پارتىيىمىزنىڭ ئىزىدىن،
ئالىمىز كوپلەپ هوسۇلنى شۇندا ھەر بىر يېرىدىن،
سويۇنەر بوۋاي-مومايلار ئوغلىدىن ھەم قىزىدىن،
كەتكۇسى غەملىك ئالامەت ھەممە ئادەم يۇزىدىن،
بويغا يەتكەن قىزغا ئوخشاش ئويدە مېھمان ئالدىدا.

بۇ پاراغەتلىك ھاياتتۇر پارتىيىمىزنىڭ شەپقىتى،
بىزنى ھورلۇككە چىقارغان ئارمىيىمىزنىڭ ھىممىتى،
ئارىزۇلارنى قىلۇر ھەل ئىشچى، دىخان غەيرىتى،
ئەل ئارا ئاشماقتا ھەر دەم خەلقىمىزنىڭ ھورمىتى،
نىم شېھىت ئېيتتى قوشاقلار ئۇشبۇ مەيدان ئالدىدا.

1955-يىل ئوكتەبىر، ئۇرۇمچى.

---

① ئابى ھايۋان — ھاياتلىق سۇيى.

سەيپىدىن ئەزىزى

## غەزەللەر*

چىمەن گۇلزارىدىن گۇللەر ئارا گۇل تاللىغان ياخشى،
گۇلى رەناغا زىت شۇم بۇيىلارنى شاللىغان ياخشى.

گۇلىستانلىق ئىچىدە ياخشى گۇللەردىن تىزىپ دەستە،
شۇ گۇل ھىجرىدە كويگەن گۇل خۇمارغا يوللىغان ياخشى.

تالاش ــ ماقتا ھوسۇن بەس ــ بەس بىلەن سانسىز چېچەك ــ غۇنچە
كى تولسۇن ھوسنىگە دىسەڭ، سولۇشتىن ساقلىغان ياخشى.

ئەگەر كىم قول سوزۇپ گۇل شاخىدىن بۇلبۇلنى ھۇركۇتسە،
رەھىم قىلماي، ئۇنىڭ شۇم يۈرىگىنى داغلىغان ياخشى.

نەپسى، سەن ئەگەر بۇلبۇل بىلەن گۇل قەدرىگە يەتسەڭ،
تۇتۇپ باغۋەننى پىر ــ ئۇستاز، ئەقىدە باغلىغان ياخشى.

* بۇ غەزەللەر تارىخىي دىرامىا «ئامانىنىساخان»دىن ئېلىندى.



*

رەتلىنىپ قۇتلۇق مۇقام جار بولدى ئەلگە ئاقۋەت،
تەلمۈرۈپ كۈتكەن تىلەك ئاشتى ئەمەلگە ئاقۋەت.

ئۆتتى ئون بەش كۈز، باھار، كۆلدى مۇقام پورەكلىرى،
كەتمىدى ئارمانلىرىم بىھۇدە سەلگە ئاقۋەت.

خەلق مۇقامىغا بىقىپ تەلپۈندى ئاشقلار ھامان،
تولدى شاتلىق ناگۇلا ــ غەمكىن كوڭۇلگە ئاقۋەت.

باغ ئارا گۇل ئىشقىدا بۇلبۇل ياقاسى چاك ئىدى،
سايرىدى خەندان ئۆرۈپ قونغاندا گۇلگە ئاقۋەت.

ياڭرىغاندا نەغمە، مەشرەپ، داستان مەرغۇللىرى،
ئەۋجىدىن ئاسمان ــ زىمىن تولدى غەزەلگە ئاقۋەت.

باق، مۇغەننىلەر ئەنە چالماقتا زوق بىرلە جۇلا،
قىز ــ يىگىت جەۋلان قىلىپ چۈشتى سەنەمگە ئاقۋەت.

ئەي نەپسى، تەمبۇرۇڭنى سايرىتىپ چالساڭ ھۇنۇز،
شۇ مۇقامدىن جامىمىز تولغاي ھەسەلگە ئاقۋەت.

*

www.uyghurkitap.com

ئالدىراپ بەرمە كوڭۇل جانانە دىلدار بولمىسا،
سۇنمىغىل دەستە گۇلۇڭنى مېھرىۋان يار بولمىسا.

گۇلمىكىن، رەيھانمىكىن ئۇ، كوز ئېچىپ باققىن ئاڭا،
سايرىماس ئۇرغۇپ راسا بۇلبۇلغا گۇلزار بولمىسا.

بولمىغىل خۇشتار ئۇنىڭ ئايدەك جامالىغا قاراپ،
نەكبىرەك گۇزەللىگى دەردىڭگە ھەمكار بولمىسا.

راست جاپاكەش ئەھلىمۇ ئۇ ياكى بىر ئاق نانچىمۇ؟
يولدا يولداش بولمىغايكىم چىن ۋاپادار بولمىسا.

بولمىدى ھازىرغىچە پەرۋانىنىڭ سىرى ئايان،
يار ئەمەس پەرۋانىدەك شامغا پىداكار بولمىسا.

ئەي نەپىسى، ئەل غېمى بولسۇن سېنىڭ قايغۇ-غېمىڭ،
ئارزۇيۇڭ ئاشماس ئەمەلگە ئەل مەدەتكار بولمىسا.



ئەلقەم ئەختەم

## ساڭا

بىل ھەمىشە كوڭلۇڭدە سەن بۇ نىگار مىزبان ساڭا،
ئەھلىگە سۇندى قولىنى بايقىساڭ ئېھسان ساڭا.

نامدار داڭقى جاھاندا ياز بۇنى داستان قىلىپ،
بۇ ھايات بۇندا تەبەسسۇم، بىل ماكان ئەدنان ساڭا.

قايسى كوزدىن ياش توكۇلدى بولمىغىن ياردىن جۇدا،
مەنزىلىڭ ئالتۇن ئېرۇر بىل، ھەر مىنۇت دەرمان ساڭا.

ئاھ ئۇرۇپ گۇلشەن ئىچىدە ئوزگىگە قىلماس بايان،
ۋەسلىدىن تۇتتى گۇلىنى ئەل غېمى رەيھان ساڭا.

گەر تۇمان باسسا جاھاننى رەنجىمە كوزدىن يۇتۇپ،
تۇت بىلەكتىن خار قىلماس جىسمىدە رىزۋان ساڭا.

ئۇشقىدىن ئاچقىن كىتاپنى سويگۇنى مەۋجۇت قىلاي،
سال كوزۇڭنى سەن بۇ ياققا، بۇ باھار جانان ساڭا.

قانچىلاپ قىلدى خىتاپنى شائىرىڭ ئىزھار قىلىپ،
سۇبھى تاڭ مەزگىلى يەتتى، بۇ خىتىم پەرمان ساڭا.

1946 ـ يىل يانۋار.





## چوڭ يۇرۇشكە تەنتەنە

بىز بۇگۇن ئەركىن ـ ئازات، ھەممە مىللەت دوست، ئىناق،
پارتىيىمىز بەردى بەخت، شۇ ئوزى كۇندەك چىراق.

بولمىسا مۇنداق چىراق، نۇرلۇق چىراق، كۇندەك چىراق،
قايدىدى بىزگە ھايات، نەدىدى تېز تېپىش روناق.

نۇر ئېلىپ پارتىيىدىن، جۇڭخۇا ئېلىم ئاچقاندا كوز،
مەرىپەتنىڭ دۇنىياسىغا قۇردى ئۇ ئالتۇن راۋاق.

مەرىپەتنىڭ دۇشمەنلىرى، ئىلمۇ ـ پەن ئوچمەنلىرى،
بولغاچقا گۇم، بولدى راۋان ئىشىمىز باشتىن ـ ئاياق.

خوش بۇگۇن بىز خۇرسەن بۇگۇن، چوڭ يۇرۇش قىلدۇق مانا،
زەپ كوڭۇللۇك يوتكىلىش بۇ، زوقلىنىپ ئېلىمگە باق.

ئاتلىنىپ ماڭدۇق بۇگۇن توتنى زامانلاش يولىغا،
پارتىيىمىز باش يۇرۇشكە، باسىمىز بىردەك ئاياق.

تاغلىرىم غۇرۇر ـ خوشال، تۇرىدۇ تىك بىزگە قاراپ،
يانلىرى گۈل كوپ ـ كوك چىمەن، باغرى كەڭ ئاچقان قوچاز

باغلىرىم بوستان بولۇپ، بۇلبۇللىرىم قاققان قانات،
شائىرلىرىم، ئالىملىرىم، جەننىتىڭ شۇ كوكسۇڭنى ياق.

پەدىلەر يوتكەلدى بۇ دەم، قوش سەنەملەر بولدى جەم،
ئوينا ئۇسۇلچىم سەن ئۇسۇل، بۇ يۇرۇشتە ھەممە ۋاق.

زىكرى① سەن گۈلباغدا سەن ھەم ھۇسەنجان② خوش چاغ
سەن

ئېيتىپ مۇقامىڭ يايرىتىپ، چوڭ يۇرۇشتە قەنتىڭنى چاق.

ناخشىچى بۇلبۇللىرىم ھەم غەزەلچى خۇشخۇيلىرىم،
كەلدى دەۋرىڭ سايراپ بۇگۇن، بۇ يۇرۇشتە ئوتتۇڭنى ياق.

توي بۇگۇن، بايرام بۇگۇن ھەم جاھان ھەيران بۇگۇن،
تاشتى ئوكيانىدەك كورۇڭ، دىللارغا تولغان ئىشتىياق.

مەزگىلىم ئالتۇن مېنىڭ، مەنزىلىم كۇندىن يورۇق،
يۇكسىلىپ بىز ئورلىگەچكە، نۇرغا تولغان ھەممە ياق.

---

① زىكرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇقامشۇناسى، مۇزىكانتى.
② ھۇسەنجان — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق مۇزىكانتى.



يوتكىلىپ قويىدۇق قەدەم، توتنى زامانلاش يولىغا،
تەنتەنەم شۇ چوڭ يۇرۇشكە، مەن ئاتاپ يازدىم قوشاق.

1979 ـ يىل 25 ـ يانۋار.



www.uyghurkitap.com

# ۋاپـا قىل

بۇ تاڭ مەنزىل بىرادەر بىل، جەننەت باغدىن تاما قىل،
مەھرۇم ئەمەسسەن خىسلەتتىن يېڭى گۇلباغ بىنا قىل،
تاقەت قىلماس دىلىمىز جاننى ھامان پىدا قىل،
ئىشقىم دولقۇن ياسايدۇ مەدەتكارغا دۇچار قىل،
قوبۇل قىلغىل ئىلتىماسنى جانانىمـغا ھەمرا قىل!

كوپ ئۇيقۇدا ياتتىم نىگار ئاما دىلدا ئىنتىزار،
نەچچە يىللار قىشتا قالدىم زىمىستاندا خارۇ-زار،
گۇل باغلىرىم غازاڭ بولدى قولدىن كەتتى بۇلبۇللار،
مەن غېرىپ-مىسكىن يىتىمنى قولغا ئالدى ئەجدىھار،
قايسى ياققا قول سۇناي مەن مادارىمغا ئاگاھ قىل!

كوڭۇل غەملىك كوزۇمدە ياش، تەبىەت مۇڭـدا پەريات،
بۇلۇت قاپلاپ ماكانىمنى ئېلىمگە يوق مىنۇتچە شات،
دولقۇنلاردا غۇلاچ تاشلار يەلكەن ئۇستىدە پەرھات،
ئەجەپ ھىكمەت بىلەن قۇدرەت نىشان تاپماقتا مۇرات،
ساياھەت باغىدا قىسمەت يۇرۇش يوللارغا جاكا قىل!



بېلىمنى باغلىدىم چىقتىم ئەجدىھارنىڭ دارىغا،
قولۇمدا قايرىلماس ئوقيا چۇشتۇم جەڭ مەيدانىغا،
ئۇردۇم خەنجەرنى خىسراۋغا يېتىپ ھىكمەت مازارىغا،
كۇلۇپ يۇلتۇز تاڭ دەرمىش چىللايدۇ يار شىكارىغا،
ئوتلۇق قەلبىمگە جان كىردى نىجاتلىقنى بەرپا قىل!

مادارىم بېغىڭنى ئاچ گۇلخاننى تاۋاپ قىلاي،
قۇياش كۇلسە بەختىمگە چېلىشتىن ساۋات ئالاي،
جانان بولۇپ دىلبەرگە ئاغزىدىن جاۋاپ ئالاي،
ئېيتىپ ناخشامنى خۇش بولۇپ گۇلباغدا راۋاپ چالاي،
تىلەگىمگە يەتكۇزگىل ئوز ۋەدەڭگە ۋاپا قىل!

1945 - يىل 25 - ئاپرېل.



تېيىپجان ئېلىيوپ

## بولمىسا

سايرىماس بۇلبۇل قاقاستا، جايى گۈلشەن بولمىسا،
ياشنىماس گۈل پەرۋىرىش قىلغۇچى باغۋەن بولمىسا.

خۇش قىلىش مۇمكىنمۇ ئادەمنى غىدىغلاپ كۈلدۈرۈپ،
كىم كۈلەلەيدۇ كۆڭۈلدىن كۆڭلى خۇرسەن بولمىسا.

كىم بىلۇر تۇز قەدرىنى، تارتمايلا قىڭغىر دەردىنى،
توغرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ سەھۋەن بولمىسا.

يوق خاتالىقتىن جاھاندا خالى ئىنسان زادىلا،
ئەل كەچۈرگەي قىلغىنى ئەلۋەتتە قەستەن بولمىسا.

بەزىلەر بىلمەيدىكەن دائىم بۇزۇشتىن باشقىنى،
نېرى تۇرسۇن ئوڭشىماي تىكلەشكە زوقمەن بولمىسا.



يوق ئەمەس ئەل دۈشمىنى، بولسا قەيەردە ئۇرغۇلۇق،
زورمۇ-زور دۈشمەن ياساپ يۈرمەيلى دۈشمەن بولمىسا.

ھەممە يۈكتىنمۇ ئېغىر ئادەم ئۈچۈن "مەن"نىڭ يۈكى،
تاغ يۈدۈپ ماڭغۇسى يەڭگىل كۆڭلىدە "مەن" بولمىسا.

غەمگۈزار ئىزلەيدۇ دەرتمەن دەردى بولغاچقا ئۇنىڭ،
لازىمى يوق دادىگاھنىڭ① ئەلدە دەرتمەن بولمىسا.

دادىخاھنىڭ② دەردىگە دەرمان تېپىلماس ھىچقاچان،
دادىگاھ ئەھلى ئۆزى دەرتنى چۈشەنگەن بولمىسا.

① دادىگاھ — دات ئېيتىش ئورنى.
② دادىخاھ — دەرتمەن.

## ئەمدى ...

سىردىشىم دەپ سېنى مەن، ئېيتتۇدۇم ھەممە سىرىمنى،
شۇندا گوھەر دۇنىدىك سەن يۈرىگىمنى، جىگىرىمنى.

ۋەدىلەشكەن بۇ ئۆمۈر لەززىتىنى تەڭ كورىمىز دەپ،
ھەمدە يۈكنى كوتىرىشكە مەن يېرىمنى، سەن يېرىمنى.

پىتنە - ئىغۋا قويۇنى چىققان ئىدى، ئۇچـتى قارارىڭ،
كورمىدى ئىككى كوزۇڭ قىلدەكمۇ بىر توغرا يېرىمنى.

بىر زاماندا مېنى سىپاپ ئەكىلەتكەن شۇ قولۇڭدا
ساق تېنىمنى زىدىلەپ ئاچقىلى تۇردۇڭ "يېغىرىم"نى.

باغلىغانتىمغۇ بېلىمنى ساڭا سادىق بولىمەن دەپ،
ئەمدىلىكتە "ماڭا سىرتماق" دىدىڭا بۇ كەمىرىمنى.

سەن مېنى ساق يېرى يوق نەرسە دىدىڭ، مەيلى بۇنىڭغا
كاشكى تاپساڭچۇ ئاشۇ كىبىرىگە لايىق بىجىرىمنى.

ئەمدى بېسىلدى قويۇن، ئاشكارا بولدى قارا ھەم ئاق،
ئاڭلىغايسەن شۇندا قايسى قۇلىغىڭدا خەۋىرىمنى؟



## ئوغرىدىن مەككار يامان

بىر گۈزەل باقتى ماڭا مېھرى بىلەن،
قۇچتى باغرىمنى كېلىپ باغرى بىلەن.

ۋەدە بەرگەچ سويىمەن دەپ بىر سېنى،
قىلدى تەستىق لېۋىنىڭ موھرى بىلەن.

بىر مەھەل زەپمۇ سويۇندۇردى مېنى
ۋەسلىنىڭ خويمۇ شىرىن بەھرى بىلەن.

بىر كۈنى سەيلىگە كەتتى ئوزىچە،
ئورتىدى بىرنەچچە ئاي ھىجرى بىلەن.

سەيلىدىن قايىتتى، بىراق يوقلىمىدى،
مېنى ئۇنتۇپتۇ، بولۇپ غەيرى بىلەن.

يۈتتۇرۇپتۇ ماڭا بەرگەن ۋەدىنى،
سەيلىدە بولغان چېغى ئوغرى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇغرىمۇ ئەپچىل ئەمەسكەن ئۇ قەدەر،
ئاپتۇ يۇتتۇرگۇچنىڭ ئەمرى بىلەن.

مەنمۇ بىلدىم، ئۇغرىدىن مەككار يامان،
ئۇغرىنى باپلايدۇ ھەم مىكرى بىلەن.





## نىم شېھىت خاتىرىسىگە

تۇرىدۇ تۇرقۇڭ غەزەلدەك كۆزۈ-كۆڭلۈم ئالدىدا،
مەن تېخى لال سەن كەبى شىرىن تەكەللۇم ئالدىدا.

بۇندا باشلامچى ئىدىڭ سەن مەرىپەت ئەشئارىغا،
يېڭىچە سەنئەتتە نامىڭ بولدى مەلۇم ئالدىدا.

زومىگەر قۇززات يولۇقسا ھومىياتتىڭ قەھرىلىك،
ئېگىلەتتىڭ يا كەبى دەپسەندە مەزلۇم ئالدىدا.

باشقىچە جەۋلانغا كىردى قەلىمىڭ ئاتقاندا تاڭ،
دىمىدىڭمۇ جەڭگىۋار كۈيگە قوشۇلدۇم ئالدىدا.

قىبلە قىلدىڭ كەبىتۇللادا ئانا يۇرتۇڭنى سەن،
بىزگە مەلۇم تۇرغىنىڭ قانداق تەرەھھۇم ئالدىدا.

كۈيلىرىڭ گويا مۇقامنىڭ نەغمىسىدەك جىلۋىدار،
بىز ھامان مەپتۇن ئىدۇق ھەر بىر تەرەننۇم ئالدىدا.

ياش ئىدى كوڭلۈك تېخى، دىلكەش ۋە خۇش ئاۋاز ئىد
تەك كۆلەتتۇق زوقلىنىپ ئىللىق تەبەسسۇم ئالدىدا.

"توت زىياندداش" قىلدى گوھەرنى گويا ئەخلەتكە تا
ئېيتقۇسىز دەپسەندە بولدۇك بىر ئوچۇم شۇم ئالدىدا.

خەستە ھالىڭنى بىرىپ يوقلاي دىسەم، مەن بەنت ئى
گەر كورۇشسەم سوز قىلالايتتىمۇ مەھكۇم ئالدىدا.

قۇترىغان چاغدا جۇدۇنلار بىگۇنا كەتتىك، ئىست!...
ئايرىلىپ قالدۇق سېنىڭدىن ياخشى مەۋسۇم ئالدىدا.

شېرىيەت گۈلزارىدا توزمايدۇ ئەجرىڭ ھېچقاچان،
بىز بىلەن بىللە يەنە، بولساڭمۇ مەرھۇم، ئالدىدا.



## مەيلىمۇ

كەلمەك بولۇپ سەن كەلمىدىڭ، سوز بولسا يالغان مەيلىمۇ؟
ۋەسلىڭگە ئىمكان بەرمىدىڭ، كويدۇرسە ھىجران مەيلىمۇ؟

كورمەي سېنى بىغەم ئىدىم، ئازادە، خاتىرجەم ئىدىم،
باغلاپ ئەقىدە مەن ساڭا، بولسام پەرىشان مەيلىمۇ؟

ئىشقىڭ ئۇرۇق، كوڭلۇم زىمىن، ئاھىم شامال، ياشىم يېغىن،
ئەيلەپ ئېكىننى پەرۋىرىش، ئاچ قالسا دىخان مەيلىمۇ؟

مەن ئەيمىنىپ گەپ ئاچمىغان، بۇ قىسسىنى سەن باشلىغان،
ئەپسۇس، تېخى پۇتمەي تۇرۇپ يىرتىلسا داستان مەيلىمۇ؟

كۆلگەن ئىدىڭ سەن گۈل بولۇپ، مەن سايرىغان بۇلبۇل بولۇپ،
بۇلبۇل كېتىپ، قۇزغۇنغا جاي بولسا گۈلستان مەيلىمۇ؟

ئالدانغىنىڭدىن تۇلكىگە، قويدۇڭ مېنى ھەم كۆلكىگە،
ئالدامچى يىرتقۇچ ئالدىدا خارلانسا ئىنسان مەيلىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

مېھرىڭگە مەن لايىق ئىدىم، لەۋزىمگە چىن سادىق ئىدىم،
سادىقلىقىمدىن خارلىنىپ، ئورتەنسە ۋىجدان مەيلىمۇ؟

توھمەتتە تەسۋىرلەپ مېنى، ئالدامچى ئازدۇردى سېنى،
بۇ سىر ماڭا تۇرسا ئايان، يۇرسەم خىرامان مەيلىمۇ؟

كىم بار نادانلىقتىن ھايان تاپقان، چوقۇم تارتار زىيان،
سەن ئايرىلىپ دەسمايىدىن، قىلساڭ پۇشايمان مەيلىمۇ؟





## بىزار بولدۇم

مېنى سەن بىۋاپا دەيسەن، ئۆزەڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ؟
ئەجەپ گەپقۇ، نىمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ؟

لېۋىمدىن مەي بېرەي، گۈلدەك ئېچىلغىن دەپ مېنى گوللاپ،
سېلىپ جىسمىمغا تەشنالىق، يۈزۈمنى كەھرىۋا قىلدىڭ.

ماڭا سەن گۈل تاقايمەن دەپ ۋە لېكىن ئاتتىڭ ئازغاننى،
بۇ قانداق گۈل تاقاش بولدىكى، باغرىمنى يارا قىلدىڭ.

كوتەرگەيمەن بېشىمدا دەپ لاپ ئۇرغانتىڭ (كوتەرمەي قوي)،
مىنىپ گەجگەمگە ئەكسىچە، "ئىلىپ" قەددىمنى "يا" قىلدىڭ.

مۇھەببەتنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ-باراۋەرلىك،
مېنى نىچۈن ساناپ داڭگال، ئۆزۈڭنى بىباھا قىلدىڭ؟

ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۈر ئىكەن سەن ئوقۇغان باپتا،
ئەمەس بولسا، نىمىشقا مەن ۋاپا قىلسام. جاپا قىلدىڭ؟

جاھاندا تۇتىيانى ھېچ كىشى كورمەپتىكەن زادى،
گويا سەنمۇ ۋۇجۇدۇڭدا ۋاپانى تۇتىيا قىلدىڭ.

ساڭا ياغدۇرسا ئەل نەپرەت تېشىنى، ماڭا دوڭگەمسەن؟
مۇھەببەت رەسمى ئالدىدا ئۆزۈڭ سانسىز گۇنا قىلدىڭ.

سېنىڭدىن شۇنچە بىزار بولغىنىمنى كورمىگىن مەندىن،
ئامالىم يوق، بۇ ئەھۋالغا مېنى سەن مۇپتىلا قىلدىڭ.





# جانان كېلىدۇ

ياز كەلدى، تولۇپ قەددى سۇۋادان كېلىدۇ،
يەلپۈنگىنچە شۇ چېچى بوستان كېلىدۇ.

تارقاتتىمۇ دەپ يۇرمە شامال شۇندا ئىپار،
پۇركۇپ يەنە خۇش بۇيىنى رەيھان كېلىدۇ.

ھېيت كەلدىغۇ دەپ ئەگمە قېشى جىلۋە قىلىپ،
تاڭ ئاتتى مانا دەپ كوزى چولپان كېلىدۇ.

كاككۇكنى خىجىل ئەيلىگىدەك كۈلكىسى بار،
گۇل غۇنچىسىدىن ئۇز لېۋى خەندان كېلىدۇ.

بوغجۇمىسىدا پەتنۇس ئەمەس، بەلكى كىتاپ،
كوڭلۇم ئويىگە ئوزگىچە مېھمان كېلىدۇ.

دەستۇر ئېلىپ ئاستانە ئەرەستۇ①لىرىدىن،
ئەل رەنجىگە مەلھەم يېڭى لوقمان كېلىدۇ.

① ئەرەستۇ — ئارىستوتىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىللە ئۇچىمىز دەپ ئىدى پەن ئاسمىنىدا،
شۇ لەۋزىگە خاس قىلغىلى جەۋلان كېلىدۇ.

كوڭلۇم سويۇنۇپ تەلپۈنىدۇ، ئىنتىلىدۇ،
چۈنكى يۈرىگىم پارسى جانان كېلىدۇ.

چىقماي نە ئۇچۇن قوچقىلى باغرىمنى ئېچىپ،
ئۇمرۇمگە مېنىڭ ئەزگۇ شەرەپ ـ شان كېلىدۇ.





## مېنىڭ ئۇز خىلىم بار

ئانا، ئۇ "يىگىت"كە دالالەت قىلىپ،
چېچىلماڭ دىلىمنى جاراھەت قىلىپ.

تونۇيمەن ئۇ يۈزسىز ھايانكەشنى مەن،
بولۇپ قاپتۇ "يۈزلۈك" تاپاۋەت قىلىپ.

ھەمىشەملا پىنھان ئۇنىڭ سودىسى،
سېزەلمەيدىكەنسىز نازارەت قىلىپ.

غېرىپ ئانىسىنى قويار ئاچ ـ يېلىڭ،
سەتەڭلەرگە تۇندە زىياپەت قىلىپ.

بېرىپ سوغا ئاچكوز ئەمەلدارغىمۇ،
پالاقلايدىكەن بەك خوشامەت قىلىپ.

ئەگەر مەن ئىلىنسام ئۇنىڭ ئىلكىگە،
مېنى خارلىماسمۇ ھاماقەت قىلىپ.

چوقۇم سىزمۇ شۇندا ئەلەمگە پېتىپ،
قالارسىز پۇشايمان ـ نادامەت قىلىپ.

پېتەر، ئەمدى توسماڭ يولۇمنى مېنىڭ،
چۈشەنمەي ماڭا دوق ـ ئاھانەت قىلىپ.

مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ئۆزەم خالىغان،
ئۇ يۈرمەس غەلىتە تىجارەت قىلىپ.

ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىغى شۇنچە كوپ،
ساداقەتكە قويغان ئامانەت قىلىپ.

ياشايدۇ خوشامەت، تامادىن يىراق،
ھالال مېۋىسىگە قانائەت قىلىپ.

مۇھەببەتتە زادى ئەمەس سودىگەر،
مېنى قويمىغاي ھېچ خىجالەت قىلىپ.

كېچەلمەيمەن ئەسلا ئۇنىڭ مېھرىدىن،
ۋاپا ئەھدىنىسگە خىيانەت قىلىپ.



# مۇقام

سازچى ياڭراق سازىدا قىلسا سېنى ناخۇن،① مۇقام،
جان قاناتلانغاي شۇ ئان بولغاچ ساڭا مەپتۇن، مۇقام،
سەن بىلەن دائىم ئۆمۈر گۈلزارىمىز گۈلگۈن، مۇقام،
دىلغا ئاتەشتەك ھارارەت بەرگۈچى يالقۇن مۇقام،
ئاھ مۇقام، ئۇتلۇق مۇقام، گۈلگۈن مۇقام، ئالتۇن مۇقام.

سەن ئۈچۈن چىقتى ساتار، تەمبۇر، فارابى قالۇنى،
قوشتى نەغمەڭگە ناۋا ساھىر② ناۋايىنىڭ ئۈنى،
تىزدى مارجاندەك قىدىرخان ھەم رەشت، خانىش③ سېنى،

① ناخۇن ــ زەخمەك، ناخۇن قىلىش ــ زەخمەك ئۇرۇش.
② ساھىر ــ (ئەرەپچە) لۇغەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا، "سېھرىگەر" دېگەن بولىدۇ. بىراق بۇ سوزنىڭ: ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھۈنەرۋەن، ئاجايىپ سەنئەتكار دېگەن مەنىسىمۇ بار. ناۋايى بۇ سوزنى كېيىنكى مەنىدىمۇ ئىشلەتكەن ۋە خىسرەۋ دېھلىۋىينىڭ ئاجايىپ شائىرلىق ماھارىتىنى تەرىپلەپ، ئۇنى ھىندىستان ساھىرى دەپ ئاتىغان ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن مەنمۇ ناۋايىنى "ئوتتۇرا ئاسيا ساھىرى" دېگۈم كەلدى.
③ رەشت ــ 16 ـ ئەسىردىكى يەركەن خانى ئابدۇرەشىتخان، خانىش ئامانىسالار كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەندە بار بىرنەچچە مىڭ يىللىق مۇسىقىي مەزمۇنى،
نەغمىلەر سورۇنىدا ئورنۇڭ شۇڭا ئۈستۈن مۇقام.

سەندە كۆيلەيدۇ كوكۆل كۆيىنى ئۇيغۇر مىللىتى،
سەندە ياڭرايدۇ ئۇلۇغۋارلىق، پەزىلەت رىغبىتى،
سەندە روشەن سويگۈ ئەھلىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى،
سەندە ئۇرغۇيدۇ ئازاتلىق ئاشىقىنىڭ جۇرئىتى،
سەن ئازاتلىق ھەم گۈزەللىك ئىشقىغا ئۇيغۇن مۇقام.

ھەر مۇقامنى خۇددى بىر دەريا دىسەك، كوپ تارمىغى،
ئاقىدۇ شەرۋەت ئۇنىڭدا ھەممە بار سۈت-قايمىغى،
ھەر مۇقامنى بىر دەرەخ دىسەك، ئۇنىڭ كوپتۇر شېخى،
كوزلىرىڭنى چاقنىتار ھەر شاختىكى گۈل، ياپرىغى،
جانغا راھەت، دىلغا ئارام، مۇڭسى نۇرغۇن مۇقام.

ھەممە ئادەم ئىنتىزار ساز تەڭشىلىپ باشلانغىچە،
ئويغا چومگەن بىر ھازا "چوڭ نەغمە"گە ئاتلانغىچە،
دىل گويا دەريا بولۇپ ئوركەشلىنەر "داستان"غىچە،
ئېيتسا بىر داستانىمۇ پۇتمەيدۇ ھەتتا تاڭغىچە،
مەشرەپى ئۇندەر ئۇسۇلغا، پەيزى مول، جۇشقۇن مۇقام.



سەندە ياڭرايدۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئىسىل كۆي-نەزمىسى،
بارچە ئۇيغۇرنىڭ سىڭىنگىسىز قىزىماس توي-بەزمىسى،
سەن خەلقىنىڭ بىباھا، رەڭدار، ئۇلۇغۋار غەزنىسى،
سەن بىلەنمۇ ئولچىنەر ئۇيغۇر دىگەننىڭ ۋەزنىسى،
ئېسى بار ئادەم سېنى ھەرگىز دىمەس يوچۇن مۇقام.

سەن گوھەرنى بىر زامان ئەخلەتكە تاشلاپ قىلدى خار،
يىغلىدى خەلقىم سېنىڭ ھىجرىڭدە قاخشاپ زار-زار،
شۈكرى ئەمدى، سېنى قۇتقازدى زامانەم غەمگۇزار،
يېڭىدىن چىقماقتا تۇرداخۇنغا ئوخشاش ئىزباسار،
ئەمدى يايرا، سەن ئەمەس مەڭگۈ "سېرىق"، تۇتقۇن مۇقام.

ئەي مۇقام، ساز ئوردىسىنىڭ بەكمۇ كوركەم قەسرى سەن،
مۇرغىزارنىڭ زىننىتى، گوياكى بۇلبۇل، قۇمرى سەن،
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سەن ھەم قەھرى سەن ھەم پەخرى سەن،
سەندىن ئايرىلمايدۇ ئەل، چۈنكى ئۇنىڭ ئوز ئەجرى سەن،
سەن گويا لەيلى، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەل مەجنۇن، مۇقام.

ئەي مۇقام، كەلدى زامانەڭ باشقىدىن نۇر ياغدۇرۇپ،
يېڭى ئەۋلاتلار كۆيۈڭنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ،
تەنتەنەڭگە تەنتەنە قوشقۇسى زىننەت قوندۇرۇپ،

چالدۇرار ئالقىش چاۋاك ئالەمنى ھەيران قالدۇرۇپ،
ياپقۇسى ئىنسانىيەت شەنىگە شاھى تون، مۇقام.

1982 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.



شۇكۇر يالقىن
(ئۆزبېك)

## غەزەل ۋە گۈزەل

ئاڭلىدىم مەن بىر غەزەل، بەكمۇ يېقىملىق، بەك گۈزەل،
بۇ غەزەل قانداق گۈزەل، قانداق گۈزەلدۇر بۇ غەزەل!

قانچە مەنا، قانچە مەنتىق، قانچە ئىلھامبەخش پىكىر،
بۇ غەزەلنىڭ ھەر سوزى بولغاي تۇمەن زەر بۇلمەسەل①.

شۇ غەزەلنى بىر گۈزەل ئېيتتى يۈرەك تارىم چېكىپ،
بولدى بۇ بىر ئاز مەھەل، لېكىن ئۆمۈرلۈك ساز مەھەل.

لەۋزى شىرىن، سوزى تاتلىق، جۇملىسى ھالۋاسىمان،
بىلمىدىم، ئۇشبۇ گۈزەل قەنمۇ، ناۋاتمۇ يا ھەسەل؟

---

① زەر بۇلمەسەل — ماقال - تەمسىل.

شۇ گۈزەلنىڭ مەدھىگە ئاجىز تىلىم، ئاجىز قەلەم،
يۈزى ئايمۇ، مەڭزى گۈلمۇ، جۈپ كۆزى چولپان، زۆھەل①

ئاي دىسەم ئاپتاپ ئىكەن، كورگەن چېغىمدا مەن ئۇنى،
تاڭدىكى ئالتۇن شەپەقتەك چاچتى ھەر يان زەر ۋە ھەل.

تەڭرى ئۆز دىدارىدىن بىر پارچىنى يەرگە سۇنۇپ،
يا ياراتقانمۇ ئۇنى نۇردىن ئىلاھى لەمىيەزەل②؟

ھور-پەرىدۇر ئۇ چوقۇم، يا بولسا ئۇ ئىنسان ئەگەر،
تاپمىسۇن ئومرى زاۋال، ئۇندىن يىراق بولسۇن ئەجەل!

قىسمىتىم بولغاي بالاگەردان③، پۈتۈپ قويسۇن قوشۇپ،
ئاڭا كەلگەن شۇم ئەجەلنى ماڭا تەقدىرى ئەزەل.

شۇ غەزەل ياكى ئۇنى ئېيتقان گۈزەل ئەۋزەلمۇ دەپ،
باش قاتۇردۇم ئۇشبۇ دوت كاللام بىلەن مەن لايغەزەل.

ئىزلىمە كوكتىن ئىلاج، دەردىڭگە دەرمان يەردىدۇر،
تاپ ئۇنى، يالقىن، بۇ ئەلدىن، قىل داۋا، دەرتتىن تۇزەل.

① چولپان، زۆھەل — سەييارىلەرنىڭ ئىسمى.
② لەمىيەزەل — ئەزەلدىن.
③ بالاگەردان — بالا-قازانى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى.



## بىل

مېنى ئىشق ئالىمىدە ئۆزگىچە بىر يېڭى مەجنۇن بىل،
گۈزەل لەيلىمگە مەجنۇندىن تۇمەن مىڭ ھەسسە مەپتۇن بىل.

ئېقىپ دەرىيادا تاھىر خارەزىمدىن ئۆتمىدى قىلچە،
ئەرەپ سەھراسىدا مەجنۇن يولىنى ئۇندىن ئەپزۇن① بىل.

كېلىپ ئەرمەنگە پەرھات توختىدى، ئەمما مېنى سورىساڭ،
كۇرىلدىن پورتۇگال، تا يېڭى يەردىن ھىندۇ سەيلون② بىل.

نىگارىمنىڭ قولىدا يەتتە دەۋزەخ، سەككىزۇ جەننەت،
بۇنى ئىشق ئىلمىدە بىر باپ ۋە ياكى يېڭى مەزمۇن بىل.

ئۇنىڭ ئەمرىدىدۇر قۇدرەت مېنى ھەر كويغا سالغۇچى،
مېنى بىر تال غازاڭ بىلسەڭ، مېنىڭ يارىمنى كەلكۈن بىل.

① ئەپزۇن — ئۇزۇنراق.
② كۇرىل — ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ ئەڭ شەرقىدىكى يەر؛ پورتۇگال — ئەڭ غەربىدىكى مەملىكەت؛ يېڭى يەر — ئەڭ شىمالىدىكى ئارال؛ سەيلون — ئەڭ جەنۇبىدىكى ئارال مەملىكەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزى مەبئۇد، قېشى مېھراپ، جامالى سەجدىگاھ قىبلەم،
شۇ ئىمانغا خىلاپ قىلسام، مېنى شەيتانى مەلئۇن بىل.

جىمى ئىنسانغا ئاللا، ماڭا بولسا يەردە يار تەڭرى،
ئەقىدەمدىن يانار بولسام، ياتار جايىمنى ۋەيلۇن بىل.





بىر مەنمۇ

جامالىڭغا كۆڭۈل پەرۋانىدۇر، ئۇ ئوتمۇ، گۈلخانمۇ،
ۋىسالىڭ دەپ شۇ ئوتتا كويگۈچى پەرۋانە بىر مەنمۇ؟

قىزىلگۈل كەشتىسىمۇ يا قۇياش چەككەن تولۇن ئايمۇ،
كورۇنگەن نۇرغا پۇركەنگەن خىيالمۇ ياكى ئەينەنمۇ؟

چىرايىڭدىن تۇتۇلمىش كۈن، خىجىلمىش ئاي بىلەن چولپان،
جامالىڭ كۈن ۋە ئاي، چولپاندىن ئارتۇق شۇنچە روشەنمۇ؟

گۈزەل سەن ھەم شىرىن سەن، ئاق بەدەنلىك ھەم قىزىل يۈزلۈك،
قىزىلگۈل بىرلە ئاق قەندىن قىلىنغان ياكى گۈلقەنمۇ؟

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تۇرسام، ھومايغانچە قاراپ ئوتتۇڭ،
بۇ ھوسنۇڭ خامىندىن ئۇشرىمۇ، ھابدالغا كەپسەنمۇ؟

مۇسۇلماندىن سېنىڭدەك ئاپىتى جان چىقمىغى مۇشكۈل،
دىگىل ئەسلىڭنى، ئەي تەرسا، يەھۇدمۇ، ھىندى، ئەرمەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئازاپ چەكسەڭ تېنىم ئاغرىر، يىسەڭ ئازار جېنىم قاخ
ئەزەلدىن سەن بىلەن مەن، بىلمىدىم، بىر جانمۇ، بىر نە

كوﻳﯘﯕﺪا ئورتىنىپ كۆل بولدى-غۇ ئوتلۇق يۈرەك يالقىن،
دىلىمدىن چىقمىغان سوز بولسا زادى ساڭا دەرمەنمۇ؟





## بولۇپ كەتتى

ئۇسۇپ يەتكەنچە گۈل يارىم گۈزەل قامەت بولۇپ كەتتى،
ئۇنىڭ قەد-قامىتى جانىمغا مىڭ ئاپەت بولۇپ كەتتى.

قىلاي سەبرۇ تەھەممۇل① دەپ كوڭۈلنى نوختىلاپ باقتىم،
ۋە لېكىن بۇ كوڭۈل بارغانچە بىتاقەت بولۇپ كەتتى.

بۇزۇپ تاشلاي دىدىم ئىشق ئەھلىنىڭ ئادەتلىرىن، ئەمما
ئۇزۇمگە ئۇشبۇ ئادەتلەر تولۇق ئادەت بولۇپ كەتتى.

قىلاي دەپتىم خۇدايىمغا هامان تائەت-ئىبادەتنى،
ئىشىم بىر بۇت پەرەستەك يار ئۇچۇن تائەت بولۇپ كەتتى.

تىلاۋەت ئورنىغا ياد ئەيلىدىم بەش ۋاخ نىگارىمنى،
سوزى گويا ھەدىس، ئىسمى دۇرۇد-ئايەت بولۇپ كەتتى.

مۇھەببەتتىن چېكىن، راھەتكە چىققايسەن دىگەنچە ئەل،
بۇ مۇدھىش ئىشق ئازاۋى مەن ئۇچۇن راھەت بولۇپ كەتتى.

① تەھەممۇل — چىداش، تاقەت قىلىش.

مىنىڭ ھالىمنى كورگەنلەر ئەجەپ ھالەتكە دۇچ كەلدى،
ئەجەپلەنگەن چىرايى بەك قىزىق ھالەت بولۇپ كەتتى.

نىمانچە بولدى ھاجەت ساڭا رەسۋالىق مۇھەببەتتە،
دىگەنچە ئەل بۇ رەسۋالىق ماڭا ھاجەت بولۇپ كەتتى.

ھامان بىر توختىماي يالقىن پىراق ئۇتىدا كويگەنگە
تولۇق ئۇن ئىككى ۋاخ، يىگىرمە توت سائەت بولۇپ كەتتى.





# ئەرزى ھال ئەتتى

سىنى كورگەن كىشى بىر يول خىيال بۇ دەپ خىيال ئەتتى،
خىيالىدا: بۇ ھورمۇ يا پەرىمۇ، دەپ سوئال ئەتتى.

تەبىئەتمۇ ياراتقان ياكى قۇدرەتمۇ ئىلاھى بىر،
نە ماھىر ئۇستا سەنئەتكار سىنى ساھىپ جامال ئەتتى.

پەلەكتە ئاي، چىمەندە گۇل نىچاغلىق مىڭ گۇزەل بولسۇن،
تەبىەت ئاينى، گۇلنى ھوسنىڭگە ئاجىز مىسال ئەتتى.

ساڭا تەمسىل تاپالماي بۇ جاھاندا بار لەتاپەتتىن،
لىۋىڭ غۇنچە، كوزۇڭ چولپان. قىېشىڭ گويا ھىلال ئەتتى.

نە ئاجىز ئوخشىتىش بولدى، ساڭا تەقلىت قىلىپ گويا
چىرايىڭ ئاي. يۈزۈڭ ئالما دىدى، قەددىڭ نىھال① ئەتتى.

ھوسۇن تىللا ئۇزۇك بولسا، جامالىڭ ئۇندا ياقۇت كوز،
دىگەن شائىر بۇ تەسۋىردە شۇ سوزنى بەك قوپال ئەتتى.

---

① نىھال — يىڭى ئۇسكەن نوتا.

www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتتە بۇ تەقلىتلەر ساڭا نۇقسان بولۇپ چۈشكەي،
سېنى ئۇ ماختىدىم دەپ، ھوسنىڭگە چەكسىز ئۇۋال ئەتتى.

پىراقىڭدا قارا كۆنلەرنى باشىمغا سېلىپ تەقدىر،
شۇ كۆنلەردىن ساڭا كوز ـ قاش ياساپ، مەڭزىڭدە خال ئ

مۇھەببەت ئوردىسىدا ھوسنى تەختىن تاجدارىغا
ۋىسالىدىن تاماگەر قۇل ـــ بۇ يالقىن ئەرزى ھال ئەتتى.





ئابدۇرېھىم ئوتـكۇر

## ياخشى

تىرىكتاپ قاغا ـ قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى،
سەھەر گۇلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتـىپ ناۋا ياخشى.

كېرەكمەس يالتىراق شوھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشنا ياخشى.

تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋا تونغا،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۆلا ياخـشى.

قەسەم بىللا تامايىم يوق بەھەيۋەت قەسرى زىننەتتىن،
پىشانەم تەرىدىن پۇتكەن بى مىننەت بورىيا ياخـشى.

مېنىڭ تاجىسىز ساياق باشىم ئۇزۇمگە تاجۇ ـ دولەتـتۇر،
ئېرىكسىز پادىشالىقتىن جاھانكەشـتە گادا ياخشى.

نه هاجەت جەننەتۇلمەئـۋا، ۋەتەننىڭ قوينى بىر جەننە
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر، لېچىنـغا كەڭ ساما ياخشى.

مەلامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۇز دىيارىمدا،
بۇسۇقتىن داجىماس ئۈتتەك ماڭا ئەھدۇ ۋاپا ياخشى.

1979 ـ يىل 3 ـ سېنتەبىر، ئۇرۇمچى





## كېرەك بولـسا

كويۇكنى دىلغا جا ئەيلە، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا،
ۋاپا لەۋزىنى ۋىجدان بىل، ۋاپادار يار كېرەك بولسا.

ناۋاكەش بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغرىڭنى قان ئەيلە،
مۇرات ـ مەقسەت گۇلى كۇلگەن گۇلى گۇلزار كېرەك بولسا.

تىكەننىڭ رەنجىدىن قورققان كىرەلمەس بۇ چىمەن ئىچرە،
جاپانى جانغا راھەت بىل، ساڭا دىدار كېرەك بولـسا.

جاپا مەڭگۇ ئەمەس ھەرگىز ئەقدە ساقلىسا ئاشىق،
ئۇمىتنى رەھنەما① قىلغىن، ئەگەر سەردار كېرەك بولسا.

كورۇك بۇلبۇل كېچە يىغلاپ، سەھەر گۇل ھوسنىـنى كوردى،
بۇنىڭدىن ياخشى ئۇرنەك يوق يەنە بىسيار كېرەك بولسا.

لېكىن دوراش بىلەن تۇتى بولالماس ھىچقاچان بۇلـبۇل،
ئېلىڭ شاتۇتىدىن ئىبرەت، نامۇسۇ ـ ئار كېرەك بولسا.

① رەھنەما ــ يول كورسەتكۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇنۇن سەھراسى گەر چەكسىز، ھەقىقەت مەنزىلى روشە
ئېلىمنىڭ ئىشقىنى كۈيلە ساڭا ئەشئار① كېرەك بولسا.

1977 - يىل 8 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

① ئەشئار — شېئىرلار.



## ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى

ئەي سازىم، سازلان بۈگۈن، سازلان يەنە سەن ياخشىراق،
نۇغسا چولپان، كۈلسە گۈلشەن، مەن نىچۈن ئېيتماي قوشاق!

اق، ئەنە كۈلمەكتە بوغدا، مەڭزىدە گۈل جىلۋىسى،
مەر سەھەر ئالتۇن شەپەقتىن چېچىلىپ سانسىز باشاق.

ناڭ بىلەن چىللاپ گۈدۈك كەلگۈسىدىن ئېيتسا خەۋەر،
خوشلۇغۇڭ سىغماس تېنىڭگە كېپىگە سالساڭ قۇلاق.

قوش ئۇنۇڭى ئەل كۈيىگە، بول دېڭىزنىڭ تامچىسى،
شاقىراپ ئاققايمۇ دەريا، بولمىسا سانسىز بۇلاق.

خۇش بولار ئانا ۋەتەن داۋان ئېشىپ ماڭغاندا ئەل،
سوڭغى نارنىڭ بويىندا بولسام ئەگەر بىر قوڭغۇراق.

نە قەدەر زور بەخت ماڭا ئۇزۇن سەپەر مەنزىلىدە
بىر قاتار مەشئەل ئارا بولالسام بىر شام-چىراق.

کاشکی جان بىر باغ ئۇتۇنغا ئەرزىسە ئارمان نىمە،
ۋەتىنىم گۈلخانىدا يانسام چاراسلاپ تا ئاداق.

ئەي سازىم، ئەۋجىڭ بىلەن ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى،
ئەمدى تەگمەس ئەل كۈيىنى كۈيلىسەڭ باشقا تاياق.

1979 - يىل 10 - نويابىر، ئۈرۈمچى





## باھار ھەققىدە ئىككى غەزەل

### باھار ۋەسلىگە مۇشتاقلىق

ىراق ئۇتىدا پەرۋانە كويەر مەستانە-مەستانە،
ۈزەل ۋەسلىڭگە، ئەي دىلبەر، بولاي قۇربانە-قۇربانە.

ۇلۇپ كەلگەن ئىدىڭ بىر چاغ، يېتىپ ۋەسلىڭگە گۈلشەن باغ،
يان كەتتى ئاشۇ كۈنلەر، كۈنۈم سەرسانە-سەرسانە.

ىراقىڭدا بولۇپ مەجنۇن، يانارمەن شەمئىدەك ھەر تۈن،
ېرىپ جىسمىم ئاقار كوزدىن يېشىم دۇردانە-دۇردانە.

ېچىم بەلدە، ھاسام قولدا، بۇ نۇرسىز كوزلىرىم يولدا،
ىشى كورسە بۇ ھالىمنى بولۇر ھەيرانە-ھەيرانە.

ۈزەل ھوسنۇڭنى بىر كورمەي، ئاياغىڭغا بېشىم قويماي،
وتەرمۇ ئۇشبۇ ھەسرەتتە ئۇمۇر غەمخانە-غەمخانە؟

ېنىپ كەلسەڭ يەنە باققا، قونۇپ بۇلبۇل كەبى شاخقا،
ناماشا ئەيلىسەم بىر دەم يۈرۈپ سەيلانە-سەيلانە.

جامالىڭ نۇرىدا بىر دەم مۇنەۋۋەر ئەيلىسەڭ كۆلبەم،
سائادەت شۇ ئىدى مەڭگۈ ماڭا يىگانە-يىگانە.

قۇياش يۈزىگە كىر قونماس، ئۈمىتنىڭ قانتى سۇنماس،
يولۇڭدىن نا ئۈمىت بولماق ماڭا بىگانە-بىگانە.

ناۋايى ئىزىدىن مىسكىن① كورەي دەپ مەيدە يار ئىزلا،
ئېلىپ قولغا ساپالنى كېزەر مەيخانە-مەيخانە②.

## باھار كەلدى

باھار كەلدى، جاھان كۆلدى، كۆلەر مەستانە-مەستانە،
ئېرىپ قار-مۇز، ئاقار ئەگىز، ئاقار دۇردانە-دۇردانە.

باھار كەلدى، ياشاردى چول، ياشاردى ھەم ساماۋى كۆ
بۇقۇلداپ قىردا كەكلىكلەر كېزەر ھەر يانە-ھەر يانە.

بۇلۇتسىز كوك گويا ئەينەك، ئۇچار كوكتە قاتار لەگلەك،
نە لەگلەك، بەلكى ئاققۇلار ئۇچار جەۋلانە-جەۋلانە.

---

① مىسكىن — بۇ يەردە ئاپتور ئۆزىنى دىمەكچى.
② بۇ ئاخىرقى ئىككى مىسرا ناۋايىدىن پايدىلىنىلغان.



ھار كەلدى، چىمەن كۆلدى، چىمەندە گۈل تۇمەن كۆلدى،
، گۈلكى، ھەممە جان كۆلدى، كۆلەر جانانە-جانانە.

بىچەكلەر بەرگىدە شەبنەم قۇياشتا يالترار ھەر دەم،
پچىلغاچ گۈل، قىزىل مەيگە تولۇر پەيمانە-پەيمانە.

ھار كەلگەچ يېنىپ باققا، قونۇپ بۇلبۇل يەنە شاخقا،
ەنەمۇ سەيلىگە چىقتى يۇرۇپ سەيلانە-سەيلانە.

اھار كەلدى، قۇياش كۆلدى، قۇياشلىق ئەلمۇ خۇش كۆلدى،
ەقىپلەر قان يۇتار ئەمدى، كۆنى ۋەيرانە-ۋەيرانە.

اھار كەلدى، ياشاردى جان، جىرىڭلار قولدا ئالتۇن جام،
بولۇپ ئەل بەختىگە ساقى، كېزەي مەيخانە-مەيخانە.

1980-يىل 23-مارت، ئۈرۈمچى.

## گۇمنام غەزەلگە مۇشائىرە

بىلەمسەن دىلرەبا، ھوسنۇڭنى ئاختۇرغان نىگاھىمدۇر،
بۇ گۇلدۇرماما-چاقماقلار مېنىڭ پەريادۇ-ئاھىمدۇر.

ئۈزۈڭنى ئۈت بىلەن تاۋلا دىگەچ سەن سويگۇ سۇلتانى،
قەيەردە يانسا بىر يالقۇن، شۇ يالقۇن بارىگاھىمدۇر.

ئاداشسام زۇلمەتى دەشتتە، تىگىرقىپ نالە چەكمەسمەن،
جامالىڭ شولىسى پارلاق ئۈمىت بەخش سۇبھگاھىمدۇر.

مەلامەت، تەئنە، توھمەتتىن، رەقىپتىن قىلمىدىم پەرۋا،
دىلىمگە ئورنىغان ئىشقىڭ نىجاتكار باشپاناھىمدۇر.

سېنى ئويلاش بىلەن كوڭلۇم تاپۇر ھەر جايدا مىڭ لەززەت
خىيالىڭ كۈندۈزى ئاپتاپ، كېچەلەر كوكتە ماھىمدۇر.

ئەگەر رەشك ئەيلىسە مەيلى ئەرەپ يۇرتىدىكى كەئبە،
مۇشۇ تۇپراق-ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدەگاھىمدۇر،



كوڭۈل مۇلكىدە جاي يوقتۇر سېنىڭدىن ئوزگىگە مۇتلەق،
قەسەمىيادىم ئۈچۈن مىسكىن مېنىڭ ئولمەس گۇۋاھىمدۇر.

1968-يىل 15-فېۋرال، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۇمۇر ھەققىدە مۇخەممەس

ئۇمۇر مەنزىلىدە ئىستەپ غۇبارسىز چىن ھەقىقەتنى،
قەلەندەردەك كېزىپ يۈردۈم چېكىپ مىڭ بىر مۇشەقق
ۋە لېكىن يوق ئىكەن تۈز يول تېپىشتا ئۇشبۇ مەقسەتنى،
تىگىرقىپ ئۆتتى كۆپ ئۆمرۈم چۈشەنمەي سىرى ھېكمەتن
ئىشىت، دىلبەر، بايان ئەيلەي ساڭا بۇ ھەققە سوھب

تۇغۇلغاچ ئىككى مومىندىن، ئۆتۈپ ئەللىكتە سەككىز يىل
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايدىل،
نەزەر سالسام بېسىپ ئۆتكەن يولۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆز ياشلىرىم گويا بولۇپ ئېرىتىش ۋە ياكى نىل،
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مېنىڭدەك كۆپ نادامەتن

يا ھەققە ئەتمىدىم قۇللۇق، يا ئەلگە قىلمىدىم خىزمەت،
بېغىمغا كۈز يېتىپ كەلدى، قولۇمدىن كەتتى كۆپ پۇرسە
ھەمىشە ئۇرتىبان دىلنى يېلىنجاپ بىر ئەلەم-ھەسرەت،
ئازاپلاپ كېچەيۇ-كۈندۈز قىلۇر جانىمنى بىتاقەت،
راۋادۇر قانچىلىك قىلسام ئۆزۈمگە دوق-مالامەتنى.



ئانا يۇرتۇم بېرىپ ئاق سۈت، بېقىپ ئۇستۇردى مىڭ ئاسراپ،
ئاۋايلاپ مايسىدەك ھەر تاڭ چېچىپ باشىمغا زەر ئاپتاپ،
بېرىپ تىل ھەم ئەقىل-ئىدرەك، قاتارغا قوشتى يول باشلاپ،
قاناتى ئاستىغا ئالدى ئېغىر كۈنلەردە قولتۇقلاپ،
نىچۈكمۇ ياندۇرارمەن بۇ ئانالىق مېھرى-شەپقەتنى!

باھارنى كۈيلىشەر قۇشلار چېغىدا ھەر سەھەر دەمدە،
نىمىشقا بولمىسۇن بىر ھىس تىرىك پەرزەندى ئادەمدە؟
ۋاھالەنكى، ئادا بولماي ھىساپسىز قەرز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايىنايدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمان ئابى دىدەمدە①،
ئۆمۈرنى قىلمىغىن زايا، ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

خىيالىم دېڭىزى تىنماي تېشىپ مىڭ چايقىلىپ قايناق،
كېچەلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق،
چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق،
ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق،
يولاتما، ئەي كۆڭۈل، ئەمدى ئۆزۈڭگە زەررە غەپلەتنى.

پىكىر دەرياسىغا قانچە تېرەن چومگەنسېرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇن،

---

① ئابى دىدە — كۆز يېشى.

ھاياتىمدۇر پۇشايمانلىق، دىلىمدۇر ناتىۋان، مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىتاۋىغا قوشۇلدى يۈز تۇمەن مەزمۇن،
شۇكۇر كىم، قوغلىدى مەڭگۇ يورۇق تاڭ قارا زۇلم

تەپەككۇر كوزىلە باقساڭ ئەگەر ئالەمگە بىر كەررە،
ئەمەستۇر خالى ھىكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە،
چۈمۈلە چېغىدا تىنماي تاپۇر ئۆز ئەجرىدىن مەررە①،
كىشىكىم بىلسە بۇ بەلكى خەزىنە سىرىدىن زەررە،
پىكىر قىل ھەم چۈشەن، ئۆگەن بۇ جانلىق سىرۇ-ھىكم

بىلىپ يەتكەنسېرى ئىنسان ھاياتنىڭ سىرىنى كوپراق،
كوڭۇل روشەنلىشىپ ئاندىن چۈشەنگەي ئۆزىنى خوپراق،
مىسال: قارغۇ نىچۈك بىلسۇن قۇياش قانداغۇ، ئاي قانداق،
بىلۇر ئەمما گودەك ھەتتا نىچۈكتۇر گۈل، نىچۈك ياپراق،
دىمەككى، مەرىپەت جانلاندۇرار ئەقلۇ-پاراسەتنى.

ئۇلۇمنى ئويلىسا ھەركىم بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق، سوڭرە ئۆلمەكلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن،
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۇلۇشنى كىم بىلۇر ئالدىن،
يېشىلمەس بىر تۇگۈن بولدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى-دەۋراندىن،
غەنىمەت بىل ئادەمزاتقا بېرەر توھپە ۋە خىزمەتنى.

① مەررە — مەرتىۋە، دەرىجە.



اھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مسالدۇر رۇمى ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان،
ېلىپ-كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھساپ كارۋان،
وتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۇرەر دەۋران،
ئومۇر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

ۇغۇلغان ھەر بوۋاق يىغلاپ چۈشەرمىش يەرگە ئادەتتە،
ەجەل كەلسە يەنە يىغلاپ كېتەرمىش كىشى ھەسرەتتە.
ۋە لېكىن يىغلىماي كەتكەن كىشىلەر ھەم بار ئەلۋەتتە،
كى شەرمەندە قىلىپ ھەر دەم ئۇلۇمنى جەڭگىۋار سەپتە،
نە يەڭلىغ بەخت ئىدى بىزگە ئەگەر تاپساق شۇ پۇرسەتنى!

يېتىپ كۆز، سوغ شامال تەككەچ غازاڭ بولغان كەبى ياپراق،
ئومۇر مەنزىلىدە ئاخىر بولۇرمىز بىر دوۋە تۇپراق،
بۇ تۇپراقتا ئۈنەر بەزەن تىكەن ياكى خۇنۇك قامغاق،
ئېچىلغاي بەزىسىدە گۈل، چېچىپ خۇش ئەترىنى ھەر ياق،
دىمەك، ھەركىم بېرۇر شەخسەن ئومۇرگە ئۆزى قىممەتنى.

كىشى قىسمەتنى بىلمەيدۇ سوراپ ھەتتا سۇھەيلىدىن①،
تاپۇر ئىززەت ۋە يا كۇلپەت كوڭۇلنىڭ زەۋقى مەيلىدىن،

① سۇھەيلى — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمقى يۇنان دانىشمەن-لىرىدىن بىرى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ باش مەسلىھەتچىسى.

www.uyghurkitap.com

نىمە تەرسە شۇنى ئالماق بولۇر ئۇز خۇيى-پەيلىدىن،
نە بولدى ھالى فىرئۇنىنىڭ تەكەببۇرلۇق تۇپەيلىدىن،
ئۇرۇقنى تاللىماي چاچساڭ، تىكەن باسقاي زىرائەت

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر، ئەمما-
نامايەندۇر قۇياش ئەكسى كى تامچە سۇدىمۇ ھەتتا.
مۇخەممەس ئەلگە يەتكۇزسە ئۇمۇر چىنلىغىدىن مەنا،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۇن، ئەمەسمەن ئۇزگىگە تەشنا،
كوچەتنى تىككۇچى مەيلى كورەلمەي ئوتسە راھەتنى

1981 - يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى





# بوغدا ئانام

ئاق لىچەك باشىڭدا قۇددۇس غەمگۇزار بوغدا ئانام،
ئولتۇرۇپسەن كوك گىلەمدە بەرقارار بوغدا ئانام،
ھەرقاچان كورسەم سېنى، ئەي گۇلئۇزار بوغدا ئانام،
ھىس قىلىپ قەلبىمدە چىن بىر ئىپتىخار، بوغدا ئانام،
خوشلۇغۇمدىن كوز يېشىم دۇردەك① تامار، بوغدا ئانام.

ھەر ساباھ باقسام سېنىڭ چېھرىڭدە ئىقبال جىلۋىسى،
جىلۋە بىرلە قامىتار كوزلەرنى قارىغاي جىلغىسى،
جىلغىلاردا گۇل-چىمەن ياشنار يەنە تاغ لەيلىسى،
جۇش ئۇرار شامۇ-سەھەر سەندە ھايات تەنتەنىسى،
چۇنكى تاج كىيدىڭ قۇياشتىن، بەختىيار بوغدا ئانام.

شوھرىتىڭ ئالەمچە بار، لېكىن قاراڭغۇ ئوتمۇشۇڭ،
نەچچە ئون قىسسە-راۋايەت بولدى ھەر بىر كەچمىشىڭ،
دەردى مېھنەت، غەم ۋە ھەسرەتتە ئاقارمىشتۇر بېشىڭ،
قانچە مىڭ يىللاپ كوزۇڭدىن بىز ئۇچۇن توككەن يېشىڭ—
شۇ ساماۋى كولدە تىنماي چايقىلار، بوغدا ئانام.

---

① دۇر — ئۇنچە-مەرۋايىت.

چايقىلىپ تۇرغان بۇ كۆل كۆز ياشلىرىڭ دۇردانىسى،
بەلكى نەپرەت ھەم مۇھەببەت نەزمىسى، پەيمانىسى،
ياكى ئۇ قەدىمقى شەرق تەقدىرىنىڭ ئابىدىسى،
ئەمدى مۇندا ئاڭلىنۇر كۈلگەن بەخت شادىيانىسى،
چۈنكى سەندە باشلىنىپ كەتتى باھار، بوغدا ئانام.

مەڭگۈ كۈلسۇن نۇر قۇياش باشىڭدا، سەن بولغىن ئامان،
باسمىغاي ئۈستۈڭنى ھەرگىز ئەمدى زۇلمەتلىك تۇمان،
سۈزۈلۈپ تۇرغاي ساماۋى كۆل كەبى كۆك ئاسمان،
سەن ھايات—بىزمۇ ھايات، ئەۋلاتلىرىڭ ئويغاق ھامان،
ئاق لىچەككە قونمىغاي دەپ بىر غۇبار، بوغدا ئانام.

1981 – يىل 29 – ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.





ئەخمەت زىيائى

## تىلەك

تىلەرمەن ئايرىما دەپ ئەمگىكىمدىن ھەر زامان، ھەي-ھەي،
نېسىپ بولغاي ياشاش دائىم تېنىمدە باركى جان، ھەي-ھەي.

قانائەت تاغىدىن بۇ ھىممىتىم سۇمرۇغى جاي ئالسۇن،
بەلەن بۇ ھىممىتىم ئالدىدا پەستۇر ئاسمان، ھەي-ھەي.

تەكەببۇر گەر زالالەتتىن ئىبارەت بولمىسا ئەردى،
بويۇن ئەگمەس ئىدىم ئۇ بولسىمۇ شاھى جاھان، ھەي-ھەي.

ھەقىقەتنى سويەر باغرىم، سوكەر ئۇ بىھەقىقەتنى،
ئەگەر ناھەقچى بولغاندا، كېرەكمەس بەگ ۋە خان، ھەي-ھەي.

غېرىپ كوڭلۇم ھەمىشە دەرتتە مەزلۇم ئاھى-دادىدىن،
يېتىملەر زارىغا يەتمەس كىشىلەردىن پىغان، ھەي-ھەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەگەرچە ئىززىتۇ-نەپسىمنى ھەرگىز ئەتمىگەيمەن خار،
يىتىم، ئاجىز، غېرىپلەر پۇت توپاسى ئۇشبۇ جان، ھەي-ھ

زىيائى باغرى دەرت بىرلە ئېزىلگەن تۇرپە① شائىردۇر،
يامانلار قەستىدىن بىچارە بولسىدى ئامان، ھەي-ھەي.

1947-يىل

① تۇرپە — ئاجايىپ، بىر خىل، بىر قىسما.



## ۋىسال ئۈمىدى

نىچۈك كۆن ئەردىكىم كىرپىكلىرىڭ باغرىمغا سالدى داغ،
چىرايىم سارغىيىپ بولدى خازان ۋاقتىدىكى ياپراغ.

تىلەرمەنكىم ۋىسالىڭ ئەيلىسە دەردىمگە بىر دەرمان،
پىراقىڭ ئىچرە جىسمىم تىترىمەكتە ھەر زامان لاغ-لاغ.

خىيال قىلغان ئىدىم كۆڭلۈمدىكى ئوتنى ئۇچۇرگەي ياش،
تەئەججۈپ، كۆز يېشىم بولدى بۇ ئوتنى ياندۇرۇشقا ياغ.

ئۆزۈڭ جان كۆيدۈرەر دىلبەر ئېرۇرسەن، ئى پەرى يۈزلۈك،
ئۈمىدىم شۇكى، بولغايسەن يامان كۆزدىن يىراق ھەم ساغ.

كى تا بىر كۈن چۈشۈپ كۆڭلۈڭگە سويگۇ ئوتىدىن زەررە،
ئەجەپ ئەمەسكى بولساڭ بۇ زىيائىغا يېقىن بىر چاغ.

1947-يىل.

# سايرا

قويۇن يەكلىنغ ئىدىنك ئاۋارە، ئى بۇلـبۇل، باياۋاندا،
پىغانۇ نالە ئەيلەپ قونمىدىنك بىر گۇلگە دەۋراندا،
باھارنى كوپ كۇتۇپ ئوتكەن ئىدى ئۆمرۈك زىمىستاندا،
چىقىپ تاڭ شاملى، بەختىڭگە بولدى ياز گۇلىستاندا،
ئېچىلدى غۇنچە، كۇلدى لالە، دىل يوق ئەمدى ئارماندا.

چىرايلىق گۇل ئېچىلسۇن دەپ تەپەككۇر دانىسىن تىكتىنك،
قۇرۇتقان جۇت، شۇۋرغان قايسى بىر شاخىنكى كوكلەتتىنك.
ئېچىلماي ھىچ گۇلۇڭ قان يىغلىدىنك، شۇ دەرت بىلەن كەتتىنك
ۋاپا ئىستەپ جاھاندىن ھەر دەمى يۇز مىڭ جاپا چەكتىنك،
قادالدى مىڭ تىكەن باغرىڭغا بىر گۇل ئۈزرە قونغاندا.

سەھەرلەر ئۇخلىماي ئىلھام بىغىدا گۇل تىرىپ يۇرسەڭ،
بىرىپ جان گوھىرىنى ئىش قىلىپ بىر مايسە ئۇندۇرسەڭ،
يۇرەك سۇيى بىلەن سىراپ ئېتىپ كوپ ـ كوك كوكەرتۇرسەڭ،
ئېغىر ئەمگەك بىلەن بىر غۇنچىنى بىر شاختا كۇلدۇرسەڭ،
زۇلۇم تىغى بىلەن چورت ئۈزدى بۇ گۇلنى ئېچىلغاندا.



قارالسا ئوتمۇشۇڭگە ھەممىسى ئاھ بىرلە ھىجراندۇر،
گۇزەل گۇل ئىشقىدا كوڭلۇڭ جاپا، دەرت بىرلە تولغاندۇر،
ئەلەملىك قان بىلەن تارىختا كوپ بەتلەر بويالغاندۇر،
ئۇمىدىڭ گۇللىرى دەھشەت بورانلار بىرلە سولغاندۇر،
دىلىڭ قالدى تۇگۇنلۇك غۇنچىلاردەك قاتمۇ ـ قات قاندا.

ئېچىلدى ئەمدى بەختىڭ، قالمىدى غەم ـ قايغۇ، ئى بۇلبۇل،
ئېچىلماقتا ۋەتەن گۇلزارىدا خۇش بۇي، چىرايلىق گۇل،
قانات قاق، سايرا، بۇ گۇللەر ئارا سايراشقا تەييار بول!
باھاردۇر بۇ گۇلىستانىڭ، ئاڭا يەتمەس خازاندىن قول،
ئەجەپ خۇش چاغ بولۇر ئاشىق سويۇملۇك يارنى تاپقاندا.

راۋابىڭ تارىنى تۇز، سايرا، سايراشقا خۇمارىڭ بار،
سىنى سايراشقا ئۇندەر پارتىيەمدەك كاتتا يارىڭ بار،
جۇدۇنلار كۇز قىلالماس مەڭگۇلۇك ئازات باھارىڭ بار،
گۇلۇڭ بار، گۇلشىنىڭ بار، غۇنچە تولغان لالىزارىڭ بار،
زىبائى خۇش، نىچۇك خۇش بولمىسۇن بۇ باغۇ ـ بوستاندا.

1957 ـ يىل باھار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## نەسرۇللا قارى پەرھەتى*

(ئۇزبېك)

# پىدايىگمەن

مەن ھەم بۇلبۇل سىپەت چىن ئاشىغى گۇلگۇن چىرايىڭ
مۇھەببەت باغىدا، ئى نازىنىنىم، گەردى پايىگمەن①.

ساڭا ئىشقىمنى ئىزھار ئەيلىسەم قىلدىڭ ئاھانەتلەر،
نىتەي، جانۇ-كوڭۇلدىن بىر ئەسىرۇ مۇپتىلايىگمەن.

رەقىپلەرنىڭ سوزىن تىڭلاپ مېنى ھىجرىڭدە زار ئەتمە،
گۇزەل شاھىم، ئىشىت ئەرزىمنى، مۇڭلۇق بىناۋايىگمەن.

ئىتاپ② ئەيلەپ يۇزۇمگە سالما نۇقسانىمنى بىر-بىرلەپ،
بولالماي قالغان ئىرسەم كامىلەن ئەھلى ۋاپايىگمەن.

* ئاپتور ئۇزبېك بولغىنى ئۇچۇن ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن، سوزلەر ئۇز تىلى بويىچە ئېلىندى.
① گەردى پاي — پۇتنىڭ توپىسى.
② ئىتاپ — تاپا-تەنە.



سىرىق يۇزۇمنى ئاستانەڭگە قويماقتىن مۇرادىم شۇ:
بولاي دەيمەن گۇزەل بوينۇڭغا سالغان كەھرىۋايىگمەن.

ۋىسالىڭغا يېتەر بولسام تەنۇ-جانىم ساڭا قۇربان،
دىلىمدا كوپتۇر ئارمانىم بولالماي جان پىدايىگمەن.

كويۇڭدىن قوغلىما، بۇ پەرھەتىدىن ئېھتىراز① ئەيلەپ،
زاكاتى ھوسنىڭگە مۇھتاج كى بىر مىسكىن گادايىگمەن.

① ئېھتىراز — ھەزەر قىلىش.

# ئۆزگىدۇر

سويگۈ دەپ ھەركىمگە كوڭۈل بەرمىگىل، يار ئۆزگىدۇر،
ئەھدىنى بۇزماس ساداقەتلىك ۋاپادار ئۆزگىدۇر.

ئاشنالىق رىشتىسى ھەركىمدە مۇستەھكەم دىمە،
چىن مۇھەببەتتىن سادا بەرگەن پىشىق تار ئۆزگىدۇر.

دىل بېرىپ ھەر بىۋاپاغا چەكمە ھەسرەتلىك جاپا،
ئۆمرى بويى تاشلىماس جانانە دىلدار ئۆزگىدۇر.

ئىچكى سىرىڭنى بىلىپ ئالماققا تالىپ بەزىلەر،
قولغا كەلسە مۇددىئا بۇنداق تەلەپكار ئۆزگىدۇر.

كورىنۇر قاشىڭدا گويا جان-جىگەر دوستۇڭ بولۇپ،
بىلمىگەيسەن كىم ئۇنىڭ كوڭلىدە ئەسرار ئۆزگىدۇر.

گەرچە بولماس گۇل تىكەنسىز بۇ جاھان گۇلزارىدا،
گۇل ھامانە خۇش پۇراق، چاققان تىكەن-خار ئۆزگىدۇر.



مۇددەئىلەر① ئىشقىدىن لاپ ئۇرسا، يوقتۇر ئېتىۋار،
بۇ كېسەلگە مۇپتىلا چىن ئىشقى بىمار ئۆزگىدۇر.

باغ ئارا سايرامدۇ قۇمرىلەر② قىزىلگۇل ئىشقىدا،
كېچە-كۇندۇز نالە قىلغان بۇلبۇلى زار ئۆزگىدۇر.

ئادىمى شەيتانغا يانداشما، سېنى ئازدۇرغۇسى،
دىمىگىل دامى يامان ئىبلىسنى، مەككار ئۆزگىدۇر.

يىقىلىپ مۇشكۇلدە قالغانىڭدە ئىلكىڭنى تۇتۇپ،
كۇچ بېرىپ، قۇتلۇق تاياق بولغان مەدەتكار ئۆزگىدۇر.

بىۋاپالار سوزىگە ئالدانمىغىل، ئى پەرھەتى،
مەڭگۇ سادىق، مېھرى ئارتۇق ياخشى دىلدار ئۆزگىدۇر.

1938-يىل ئىيۇن.

① مۇددەئى — دەۋا قىلغۇچى.
② قۇمرى — تورۇلغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دىخان

ساڭا قۇتلۇق سالامىم ئېيتىمەن، يۇز مەرھابا، دىخان،
پۇتۇن ئىنسانغا نان بەرگەن مەدەتكار، جانپىدا دىخان،
خالايىق كوپ خوشال-خۇرام، بولۇپ قايىل راسا، دىخان،
جاھان ئەھلى ساڭا پەرزەنت، ئۇزۇڭ خۇددى ئاتا، دىخان،
كويۇمچان، مېھرىۋانلىقتا چوقۇم مۇشپىق ئانا، دىخان.

قاقاس چوللەر ئارا ماڭلاي تېرىڭدىن گۇللەر ئۇندۇردۇڭ،
ئۇنۇمسىز يەرنى ئۇزگەرتىپ، ھوسۇلدارلىقتا كوندۇردۇڭ،
ھەمىشە ئەلنى تەمىنلەپ، كوڭۇللەرنى سويۇندۇردۇڭ،
پاراق توككەندە دولەت ساڭىنى ئاشلىقتا تولدۇردۇڭ،
ئۇلۇغۋار توھپىلەر قاتتىڭ، ۋەتەن سەندىن رىزا، دىخان.

سەن ئالغان پاختا، كەندىردىن توقۇلماقتا سانائەت مال،
كىيىپ ھەر ياڭزا رەخلەردىن خالايىق ھەرقاچان خوشال،
كوپەيدى ئۇي بىساتلەر ھەم سۇپەتلىك رەڭمۇ-رەڭ ئەديال،
شېكەردەك مىۋىلەر ئەلۋەك، قوغۇن-تاۋۇزلىرىڭدۇر بال،
تىلىم مەدھىڭگە ئاجىزدۇر، ئۇزۇڭ ھاجەت راۋا، دىخان.



بېرۇرسەن ئاممىگە ھەر يىل ئۇزۇۋق قىلماقتا دانلىق ئاش،
زىغىر، شال، ئارپا، بۇغداي، مول قوناق، پۇرچاق، تېرىق ھەم ماش،
جاھاندا قايسى كەسپ ئەھلى سېخى بولغاي ساڭا ئوخشاش،
شۇڭا مىڭ ئاپىرىن دەيمىز كامالىڭغا بولۇپ قولداش،
شەرەپلىك خىسلىتىڭ كوپ، سوزلىسەم بولماس ئادا، دىخان.

ئەجەپ مەمۇرچىلىك قىلدىڭ بازارغا كەلتۇرۇپ بۇغداي،
چىرايلىق ياقتى نانلارنى كوڭۇلنى خۇش قىلىپ ناۋاي،
ئېلىپ ئۇ ناننى يىگەندە جېنىم بەك يايرىدى، ئايھاي،
پالاۋ، گاڭپەن، يىسەم لەڭمەن، خىيالىمدىن ئالۇرسەن جاي،
ساڭا رەخمەت، تەشەككۇر ئېيتىمەن ھەر دائىما، دىخان.

قىزىلچا ئۇستۇرۇپ شېكەرگە تولدۇردۇڭ بازارىمنى،
قىلىپ ئاغزىمنى شېرىن، خوپ ئاشۇردۇڭ ئىپتىخارىمنى،
سېنى ناخشامدا كۇيلەپ، مەدھىيىلەپ سولماس باھارىمنى،
زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردا چېلىپ تەمبۇر، دۇتارىمنى،
سېنىڭ ئەجرىڭ بىلەن تاپتىم جاراڭلىق، خۇش ناۋا، دىخان.

جاپالىق ئەمگىكىڭدىن ھور ھاياتىمىز پاراۋاندۇر،
كوڭۇللەرنى بىغەم قىلغان زاپاس ئاشلىق بىلەن ناندۇر،

تامام پەررەندە-چەررەندە① سېنى ماختاپ غەزەل-خاندۇر،
دېسەم راست گەپنى، ئەي دوستلار، ئاتامىز ئىشچى-دېخاندۇر،
ساڭا ھۆرمەت بىلەن ئالقىش، ياشا ئىشچى، ياشا دېخان!

ئاشۇر دېخانچىلىق ساھەسىدە ئىلمىي ساۋادىڭنى،
سىناق قىل، تەجرىبە توپلا، بوشاتما ئىجتىھادىڭنى،
تونۇشتۇر ھەممە دېخانغا يېڭىلىقتىن ئىجادىڭنى،
زېمىن ھەم ئەجرىڭگە لايىق بېرەر كۈتكەن مۇرادىڭنى،
ئېلىشقا مول ھوسۇلنى غەيرىتىڭ ئۇرغۇت راسا، دېخان.

نى پەرمان بەرسە گۇڭچەنداڭ، بەجانۇدىل قوبۇل قىلغىل،
جاسارەت، غەيرىتىڭ بىرلە قاقاس چۆللەرنى گۈل قىلغىل،
زېمىن يەرلەرنى كۈچلەندۈر، ئەمەل، چارە، ئۇسۇل قىلغىل،
ۋەزىپەڭنى كېچىكتۈرمەي، كېرەك ئىشنى ئۇدۇل قىلغىل،
ئىگىز تاغدەك ھوسۇلۇڭغا بولايلى مەھلىيا، دېخان.

ھوسۇل توپۇڭنى تەبرىكلەپ خوشال ئويناپ كۈلەي دەيمەن،
مۇبارەك، خاسىيەتلىك جۈپ قولۇڭغا مىڭ سۆيەي دەيمەن،
بولۇپ باشىڭدا پەرۋانە، تەسەددۇق بىلدۈرەي دەيمەن،
كۈلۈپ تۇرغان مۇھەببەتلىك يۈزۈڭدىن ئورگۈلەي دەيمەن،
ھەمىشە پەرھەتى ساڭا قەدىردان ئاشىنا، دېخان.

1982-يىل يانۋار، غۇلجا.

① پەررەندە — ھەر خىل ئۆي قۇشلىرى.



قۇربان ئىمىن

## غەزەل

جانان ئىشىكىنى ئاچماس زەنجىر قېقىلمىغۇنچە،
جەننەت دىلىمغا ياقماس ئەنجۇر قېتىلمىغۇنچە.

باغدا ئېچىلسا لالە، بۇلبۇل قىلۇركى نالە،
پەسلى باھار ئاتالماس گۈللەر ئېچىلمىغۇنچە.

ئاشىق مۇرادى يۈكسەك، ياردىن ۋاپانى كۆرمەك،
پەرۋانە ئۆزىنى ئۇرماس نۇرلار چېچىلمىغۇنچە.

گۈلشەن ئىچىدە رەيھان دىلنى مۇئەتتەر ئەيلەر،
نازى ھىساپقا كىرمەس تاللار ئېگىلمىگۈنچە.

شىرىن يولىدا پەرھات چەكتى جاپانى ھەر دەم،
گوھەرمۇ قولغا كەلمەس كانلار قېزىلمىغۇنچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇل "رابىيە"نى كورسە، "سەيدىن" جىنى سويىنۇر،
ئالماس ئارام مۇساپىر بەللەر يېشىلمىگۈنچە.

ئاستاندا تۇرارلەر توت كوز بولۇپ "شوخ - ئەركىن"،
ياردىن بولەككە باقماس كوزلەر تېشىلمىگۈنچە.

1945 - يىل ئوكتەبىر.





# مىنىڭ سازىم

چىمەننى ئويىنىتىپ شاتلىق بىلەن ياڭرار مىنىڭ سازىم،
بىغىشلاپ زوق يۈرەكلەرگە، داۋام سايرار مىنىڭ سازىم.

پىداكار ئىشچى، دىخان، ئارمىيە ناخشام نىشانىدۇر،
گۈلىستان گۈللىرى ئوخشاش گۈزەل، رەڭدار مىنىڭ سازىم.

ۋەتەن بوستانىدا خەلقىم خوشاللىق بەزمىلەر قۇرسا،
تىلىدا بولىسەن داستان، كەل ئەي دىلدار مىنىڭ سازىم.

سېنى دىلغا يېقىن بىلگەچ ئوزۈڭنى تاللاپ ئالغانمەن،
ياشايمەن سەن بىلەن دائىم، كۈرەشتە يار مىنىڭ سازىم.

مۇھەببەتلىك دىلىم ئېيتار ئۇلۇغ پارتىيىمگە رەخمەت،
ئۇقۇر دۈشمەنگە نەپرەتلەر، سىلىپ دىشۋار مىنىڭ سازىم.

1961 - يىل 3 - ئوكتەبىر.

# تارىم غەزىلى

كۆز ئېچىپ، ئەقلىم تېپىپ، ئېيتتىم غەزەل تارىمدا مەن،
خەلق، ۋەتەننى كۈيلىدىم سازىم-يۈرەك تارىمدا مەن.

بەختىيارمەن بۇ گۈزەل تارىمدا ئۆتكۈزگەچ ھايات،
تەر تۆكۈش ئەھدىم مېنىڭ ئەلگە كۈچۈم بارىمدا مەن.

ئەنجۈرى، ئۈژمە، ئانارىدىن يېدىم مەن بەھوزۇر،
ھەر كوچەتنى ئاسرىدىم كۆز قارچۇغۇم-جانىمدا مەن.

سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ كۈيچىسى بولماق شەرەپ،
شۇ قىزىل تۇغنى ئېگىز تۇتتۇم كەسپ-كارىمدا مەن.

جانىجان ماۋجۇشىمىز ئۇستاز بولۇپ ئۆستى ئېڭىم،
ئايرىدىم بۇلبۇل بىلەن ھۇقۇشنى گۈلزارىمدا مەن.

سايرىسام كاككۇك كەبى بەردى باھار ئىمكانىيەت،
تەقدىم ئەتتىم دەستە گۈلنى دىل چەمەنزارىمدا مەن.



قەترە ئەجرىم بولسا مەقبۇل، شۇنچە شاتمەن بىر ئۆمۈر،
ھور ياشايمەن ناخشىلاردەك مەڭگۈ يەر شارىمدا مەن.

1978 - يىل 10 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى.



# سەن ئۇچۇن

ئاي مەسەللىك ئى پەرى، مەستانە بولدۇم سەن ئۇچۇن،
تاپمىدىم ئىزلەپ سىنى، ھەيرانە بولدۇم سەن ئۇچۇن،
ئەسلى رەھمىڭ كەلمىدى، ئاۋارە بولدۇم سەن ئۇچۇن،
ھەر نەپەستە مىڭ ئۇلۇپ، ۋەيرانە بولدۇم سەن ئۇچۇن،
تەلمۈرۈپ ھەر كوچىدا دىۋانە بولدۇم سەن ئۇچۇن،

سەن مىنىڭ بىر شىرىنىم، تۇتقىن شارابىڭنى، ئىچەي،
سەن ئۇچۇن چەكتىم جاپا، كەلتۈر ئازابىڭنى، چېكەي،
يەككە پەرھادىڭ ئۆزۈم، كەلگىن، جامالىڭنى كۆرەي،
سۆيمىگىم ئاشكارىدۇر، گۈل غۇنچە بويىنۇڭنى ئېگەي،
سۆيگۈ سازىنى چېلىپ، بىگانە بولدۇم سەن ئۇچۇن.

كۆز يېشىم دەريا مىسالى، چىقتى ئاھىم مەۋج ئۇرۇپ،
كىرپىگىم مىسلى قومۇش، ئۆستۈردى ياشىم مەۋج ئۇرۇپ،
ئول قومۇش بولدى قەلەم، كۆزدە سىياھىم مەۋج ئۇرۇپ،
بولدى كۆكسۈم قەغىزى، تولدى شۇئارىم مەۋج ئۇرۇپ،
مەن يازاي؛ سەن كۆر ئوقۇپ، ئەپسانە بولدۇم سەن ئۇچۇن.



گۈل يۈزۈڭنى كۆرمىسە، ھەسرەتتە قالغاي ئاشىغىڭ،
بىللە سوھبەتلەشمىسە، ئارماندا قالغاي سادىغىڭ،
شوخ-ئەركىنىنى تاپمىساڭ، ئاغزىڭدا قالغاي بارمىغىڭ،
ئەيىپ ئېرۇر يار ئالدىدا بىر خەندە قىلماي قاچمىغىڭ،
كەل قېشىمغا، سۆيگۈجان، بىچارە بولدۇم سەن ئۇچۇن.

1946 - يىل.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەركەن

ئەزىز يەركەن، ئۇماق يەركەن، سېنى مەن كورگىلى كەلدىم،
سېنىڭ ئاپتاپ مىسالى نۇر يۈزۈڭدىن سويگىلى كەلدىم،
قەلەم تۇتقان قولۇم بىرلە ساڭا تەر توككىلى كەلدىم،
بولۇپ دىخان، دېڭىز قوينۇڭغا چوڭقۇر چوككىلى كەلدىم،
خەزىنەڭدىن ئېلىپ گوھەر ۋەتەنگە بەرگىلى كەلدىم.

يىگىتلەر قەلبىدە مېھنەت ئوتى يالقۇن چېچىپ تۇرغان،
جەسۇر قىزلار ئېتىزلاردا يىگىتلەردىن ئېشىپ تۇرغان،
جۇۋانلار ناخشىلار توۋلاپ بۇلاقلاردەك تېشىپ تۇرغان،
كېلىنچەك ئالسا بايراقنى، خەلق تەبرىكلىشىپ تۇرغان،
سېنىڭ تويۇڭغا ھەسسەمنى سەممى قوشقىلى كەلدىم.

بېغىڭدا مەي بولۇپ پىشقان ئۈرۈك، شاپتۇل، ئانار، ئالما،
تۇرار شاخلاردا ياقۇتتەك، دىدىڭ: كىرسەڭ يىمەي قالما،
جىنەستە، پىستە، ئالۇچا، ياڭاق... شۇنداقلا كوپ باغدا،
يىدىم قەندەك قوغۇن، تاۋۇز — يىمىشلەرنى سەھەر چاغدا،
جاپا-راھەتنى مەنمۇ سەن بىلەن تەڭ تارتقىلى كەلدىم.



ئېسىمدىن چىقمىدى، چىقماس بۇرۇنقى خارە ئەھۋالىڭ،
دىلىمنى ئاچتى گۈلزاردەك بۈگۈنكى شادۇ دەۋرانىڭ،
گادايلىق كەتتى كەلمەسكە، گۈلىستان بولدى مەيدانىڭ،
سانائەتتە، زىرائەتتە ئىگىز بولماقتا پەرۋازىڭ،
يەنە ئۇس، گۈللىگىن يەركەن، ساڭا جۇر بولغىلى كەلدىم.

گۈزەل بەختىڭ ھامان چەكسىز، بۇنى يەتكۈزدى پارتىيە،
باھار كەلدى كۈئىنلۈنغا، بۇنى كەلتۈردى پارتىيە،
تارىم دەريا ۋادىسىنى راسا كۈلدۈردى پارتىيە،
تىيانشاننى خوشاللىققا تولۇق چومدۇردى پارتىيە،
تىلىڭدىن پارتىيىمىزگە سالاملار يازغىلى كەلدىم.

قوبۇل قىلغىن، ئەزىز يەركەن، ماكانلاپ مەن قالاي سەندە،
پىشانەمدىن توكۈپ ئۈنچە، پۈتۈن دىخان بولاي سەندە،
كۈرەشنىڭ قاينىمى كاننى تازا ئاستىن قازاي سەندە،
قەغەزدەك ئاق سەھىپەڭگە جاۋاھىرلار تىزاي سەندە،
ئومۇربات ناخشىلار ئېيتىپ، مىراتقا يەتكىلى كەلدىم.

1961 - يىل ئاۋغۇست.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

## نۇرمەھەممەت ئېركى

# بۇلبۇل

نەۋ باھار بولدى، ئېچىلدى بۇ ۋەتەن — بۇ گۈل يەنە،
سايرىماقتا گۈل ئۈچۈن شەيدا بولۇپ بۇلبۇل يەنە.

قىلدى جىلۋە، بىزىدى تاڭ نۇرلىرى باغ ھوسنىنى،
قايتىدىن كىردى ساداغا پەنجىگاھ، مەرغۇل يەنە.

باغدا مەشرەپ قىزىماقتا، قىز-يىگىتلەر شۇنچە ساز،
قامىتى شەمشات مىسالى، چاچلىرى سۇمبۇل يەنە.

چىن قېرىنداشلىق بىلەن كوتەردى جام ئۇتتقاش بولۇپ،
بەزمىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ بىلەن موڭغۇل يەنە.

بىر مەھەل قاغا قاقاقلاپ، بولدى بۇلبۇل ئاغزى بەنت،
كىم "ھەقىقەت" دىسە، قىلدى ئىت تالاپ غۇلغۇل يەنە.



تورگە چىققان ئەردى مايمۇن يۈزىنى قىزىل بوياپ،
كىم زۇلۇمغا ئۇستا بولسا، بولدى شۇ مەقبۇل يەنە.

كۈلدى ھۇقۇش باغدا يايراپ، چايىندى ئاقانچى ماي،
ئاقىۋەت تارىخ بۇلارنى كورمىدى ماقۇل يەنە.

شەيئىلەرگە تاڭ يورۇپ چۈشكەچ ھەقىقەت نۇرلىرى،
ئىشىگى چىقتى ئىشەك ھەم دۈلدۈلى دۈلدۈل يەنە.

بۇ جاھان شۇنداق جاھانكىم، ھوكمىران قانۇنىيەت،
ئۇ ھامان ئىنسانىيەت تەقدىرىگە مەسئۇل يەنە.

قىلدى بۇلبۇل پىكرى غەلىبە، گۈلگە چىن ئاشىق ئىدى،
توغرىنى بوققان بوغۇچلار بولدىغۇ چۇل-چۇل يەنە.

كەل، قەلەم، سەن ئېركى بىرلە ئىشلىگىن ھەمكارلىشىپ،
ۋەتىنىڭنى قىل بۈگۈن زامانىۋى بىر گۈل يەنە.

1980 - يىل، قەشقەر.

# پەن دەيمەن يەنە

كىم جاھاننى قىلدى بۇنداق دىسە، پەن دەيمەن يەنە،
ھەممىدىن كىم پەنگە ئامراق دىسە، مەن دەيمەن يەنە.

قايسى بىر دولەت قالاق، تەكشۈر ئۇنى، ئۇ پەنگە سۇس،
قايسى ئەل پەنگە قىزىق، بولدى چىمەن دەيمەن يەنە.

دەل تەرەققىيات كوكىگە قىلدى شاھ ئادەمنى پەن،
ئەگدى باش نى-نى دېڭىز، ھەر تاغ دىگەن دەيمەن يەنە.

سالدى پەن ئەنئەنەغىمگە ئاددى تومۇرنى، كور بۇگۇن!
ئەتە چىققاي چوڭ كارامەت، كورىسەن دەيمەن يەنە.

سەن بارالامتىڭ بېيجىڭگە ئالتە سائەت يول بېسىپ،
قىل تەپەككۇر، پەن كۇچى قانداق ئىكەن دەيمەن يەنە.

ياشلىغىڭدا بار كۇچۇڭنى پەنگە تەقدىم قىل، يىگىت!
پەننى سويگەنلەر جاھاندا يەيدۇ قەن دەيمەن يەنە.



بولما شەيدا قاشۇ-كوزگە، قىل نىگار پەن يارىنى،
باشقا يارلار ئەگمشەر بولساڭ ئىسەن دەيمەن يەنە.

ئۇسسە دۇنيا، بىلمىسەڭ پەن، ئارتتا قالساڭ بەك ئۇيات!
يار، تۇگۇل بىر خەس سېنى قىلماس پىسەن دەيمەن يەنە.

بۇ زامان قىلدى نىدا: دەس تۇر دىدى ئەھلى ۋەتەن!
ئەسرىمىزچە ئورلىگىن دەپ پەن بىلەن...دەيمەن يەنە.

تۇتتى ئەغيار باشقا يۇلتۇزدىن ئورۇن بىلگەچكە پەن،
ئاچىمەن دەپ كان، نېفىت... سالدى سورەن دەيمەن يەنە.

ئېركى خۇشتار پەن قىزىغا، يولىدا ماڭسام كۇلەر،
گۇل بولار ئاخىر چىرايلىق بۇ ۋەتەن دەيمەن يەنە.

1980 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

# يېتىپ كەلدىم

چاقىردى يېڭى دەۋرانىم، قېشىڭغا مەن يېتىپ كەلدىم،
قولۇم كوكسۇمدە، جان خەلقىم، ئىشىڭغا مەن يېتىپ كەلدىم.

سەپەرگە ئاتلىنىشقا پارتىيەم بەردى ئۇلۇغ بۇيرۇق،
يۇرۇشكەن كاتتا كارۋانغا ئوزۇمنى مەن چېتىپ كەلدىم.

مۇھىم ئىشلاردا! يوتكەلدۇق، كوزۇڭ ئاچ، يېڭى دەۋران بۇ،
ۋاقىتقا يېڭى ئىش كورسەت، چۇشەنسەڭ ئەسلىتىپ كەلدىم.

تۇزۇپ ھەم سازلىدىم سازنى زامانلاشماق مۇقامىغا،
ئىجات مەيدانىغا شېھرى ئېتمنى سەكرىتىپ كەلدىم.

كىرىشتىم ئەمدى خىزمەتكە، ئېلىمنىڭ خىزمىتى پەخرىم،
كوڭۇل گۇلزارىنى بۇ تۇيغۇ بىرلە ياشنىتىپ كەلدىم.

"بەخت" دەپ بىر گۇزەل سوز بار، بەخت ھەر كىمگە ھەر تۇرلۇك،
بىراق مەن ئەلگە ئىشلەشنى بۇيۇك بەختىم ئېتىپ كەلدىم.



تەبەسسۇم قىلدى شۇ بەختىم يەنە بىر ئىلتىپات ئەيلەپ،
ئوزۇمنى شۇنچە بۇلبۇللار قاتارى سايرىتىپ كەلدىم.

تەشەككۇر، پارتىيەم دانا، كوڭۇلنى ئەيلىدى خەندان،
كۇلۇپ ئېركى، گېزىت دوستۇم، قېشىڭغا مەن يېتىپ كەلدىم.

1979 ـ يىل ماي، قەشقەر.



# قاپىيە

نەزمە يازماقلىق ئۈچۈن ئەلۋەتتە دەركار قاپىيە،
ئوخشمايدۇ بولمىسا بىزنىڭچە ئەشئار قاپىيە.

نەزمىنىڭ مەزمۇنى ئەمما قاپىيە قوغلاشمىسۇن،
پىكرىگە ئەگەشسە ياخشى، بولسا خۇشتار قاپىيە.

كەلتۈرۈپ "ئارمان"غا "دەرمان"، ئېيتمىساڭ بىر يېڭى گەپ،
ئەل تۈگۈل، شۇ قاپىيەڭدىن بەلكى بىزار قاپىيە.

نىمە ئۇ "ئىجادىيەت" ناملىق سوزۇڭنىڭ مەنىسى؟
نىمە ئېيتساڭ يېڭى سوز ئېيت، تىزما بىكار قاپىيە.

خەلقىمىز ئامراق غەزەلگە، چىقسا ئۇ جان دەپ سويەر،
قارىسا گەپ-سوزى ئەرزان، ئوزى بىمار قاپىيە.

قاپىيە ئەشئار ئەمەس، ئەشئار ئۈچۈن بىر خىل بېزەك،
ئەلنى تارتماققا ئېتەر پىكرىڭنى رەڭدار قاپىيە.



پىكرى بولسا رەخقە ئوخشاش، يېڭى پىكرىڭ-يېڭى رەخ،
كونا رەخقە رەڭ ياراشماس، بەرسە بىسيار قاپىيە.

ئەسلىدە بولساڭ گوزەل، چۈشمەس گىرىمگە ھاجىتىڭ،
خام پىكرىنى قىلمىغاي بىر ياخشى رۇخسار قاپىيە.

قاپىيەسىز ھەم شېئىر ياز، نەزمىدە ئەلا پىكىر،
گەپكە كىرمەس ئېركى دەر: كەت قاپىيە، بار قاپىيە!

1981-يىل، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ۋەتەنگە سوزۇم

جەڭگە سال، ئەجدەرگە سال، قايتسام ئۇلۇم، خىزمەت ئەمەس،
ئەڭ قىيىنغا ئەمرى قىل، بىر ئاز قىيىن مېھنەت ئەمەس،
سەن ئۇچۇن كورسەم جاپا، راھەت ماڭا، كۇلپەت ئەمەس،
چۈنكى ھىچ نەرسە ماڭا سەندەك يېقىن ئۇلپەت ئەمەس،
شان-شەرەپ سەنسىز ۋۇجۇت-قەلبىمگە كۈچ-قۇۋۋەت
ئەمەس.

بارمۇ بىر نەرسە كىشىگە ۋەتىنىدەك مۇھتەرەم،
باقسا ھارماي، شۇنچە قىلسا، بەرسە نېمەت، بەرسە دەم،
بەرسە ئۇلسەڭ قويىنىدىن ئۇ بىر غۇلاچچە جاينى ھەم،
ئىشلىمەك ۋەتەن يولىدا، بەلكى كورمەك دەرت-ئەلەم،
بىر ۋەتەن پەرزەندىگە بۇ نە ئۇچۇن لەززەت ئەمەس!؟

تۇتتى دەۋران ئەقلۇ-ئىدراك مەيلىرىدىن ماڭا جام،
ئىككى ئوت باغرىمغا تەگدى بىر ۋاقىت-بىر چاغدىلام،
بىرسى سەن، ئەي مېھرىۋان تۇققان ئانام، باققان ئانام،
بىرسى بىر مەھبۇپ ئوتى، ھەر ئىككىنسى ئەتكەي داۋام،
جۇپلىشىپ كەلمەك ماڭا ئامەت ئېرۇر، ئاپەت ئەمەس.



ئوت بولامدۇ ئىشق ئوتى سېنىڭ ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا،
خۇددى ئۇ بىر جىن چىراقتۇر، سەن قۇياشنىڭ نۇرىدا،
بىر مۇھەببەتكى، مۇھەببىتىڭ مۇھەببەت بابىدا
بولغۇسى بارلىق مۇھەببەتلەر كېلىپ ئاڭا پىدا،
ئەكسىچە، پۈتلاشمىغى مۇمكىن ئەمەس، رۇخسەت ئەمەس.

تۇتىيادەك تۇپرىغىڭنى كوزگە سۇرتەي، ئوز ۋەتەن،
سەنسىز ئادەم كورغا ئوخشاش، سەن كورەرگە كوز ۋەتەن،
قەدرى بىر تۇپ يانتىغىڭ مىڭ يىل يازارغا سوز، ۋەتەن،
شايىدىن، كىمخاپتىن ئارتۇق سەندە كىيسەم بوز، ۋەتەن،
لاي سۇيۇڭنىڭ ئالدىدا كەۋسەر دىگەن شەرۋەت ئەمەس.

ئىززىتىم شۇ ئوسسە دۇنيادا ۋەتەننىڭ ئىززىتى،
سەن ئەگەر چەكسەڭ ئەلەم، زىممەمدە مەسئۇلىيىتى،
بۇنچىلىك ھىس يوق ئىكەن، ئارتۇق ماڭا "ئادەم" ئېتى،
كىمكى ھورمەت نەپسى چۈن ساتسا ۋەتەننىڭ ھورمىتى،
كاتتا خائىنلىق تۇمار ئۇ، ھىچقاچان ھورمەت ئەمەس.

قانچە ئالىم، پەيلاسوپ ئۇ، كەشپىياتچى بولسا ھەم،
قانچە باتۇر، قەھرىمان ئۇ، ئاپتوماتچى بولسا ھەم،
قانچە شائىر، قانچە ماھىر، زور ئىجاتچى بولسا ھەم،
بولسا ئەمما باغرىدا ۋەتەن سويۇش—بىر نەرسە كەم،
خۇددى ھىسسىز بىر ماشىنا، خىسلىتى خىسلەت ئەمەس.

ياتقا سۇلتان بولغىچە، يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول ئەخىر،
شۇ ماقالنى ئەسلىتىپ ئۆتتۈم ئۆزۈمگە قايتا بىر،
خۇددى بىر گۈل سەن، ئەگەر بولساڭمۇ سەھرايى كەبىر،
مەن ئۈچۈن سەندىن جۇدالىق ئەڭ قىيىن بۇ، ئەڭ ئېغىر،
كۆتىرىش پامىر تېغىنى، ئۇ ئېغىر ھەركەت ئەمەس.

ئۇلسە ئۇلمەك، كۆلسە كۆلمەك — چىن قارارىم ئۆز ۋەتەن،
ئىپتىخارىم، ئېتىۋارىم، كۈچ-مادارىم ئۆز ۋەتەن،
ھەر قېتىم شېئىرىمدا ئېيتقان ئۇ نىگارىم — ئۆز ۋەتەن،
ئەڭ تەرەققى بىر جامالىڭ، كۆز خۇمارىم ئۆز ۋەتەن،
مەن ئۈچۈن ھەرقانچە جەننەت سەنچىلىك جەننەت ئەمەس.

جان دىگەننى مەن ئۈچۈن تەن شىشىسىدە ساقلىماق،
شۇ ئۈچۈنكىم: ياۋ بىلەن بىر نەيزىۋازلىق ئوينىماق،
تىغ تۇتۇپ، ئات ئوينىتىپ، دۈشمەننى قوغلاش ئىشتىياق،
قان تۆكۈش — ئىسيان ئۈچۈن بىر نامۇناسىپ ئىش، بىراق —
دۈشمىنىڭ كۆكسىنى يارماق — بۇ گۈزەل، بۇ سەت ئەمەس.

گاھدا تۇردۇم مۇزدا، ھىچ توڭلاتمىدى ئۆتۈك مېنى،
"جىلۋە" ئەيلەپ كەلسە دۈشمەن، ساتمىدى ئۆتۈك مېنى،
ئۇققا كەردىم مەيدىنى، قورقاتمىدى ئۆتۈك مېنى،
تۇر دىدى، كۆرەش دىدى، ئۇخلاتمىدى ئۆتۈك مېنى،
مەندە باركى ئاشۇ ئوت، ھەرقانچە ئوت دەھشەت ئەمەس.



سېنى چوڭقۇر سويمىگەن قانداق يۈرەك بولسۇن بىكار،
سېنى مەزمۇن قىلمىغان قانداق تىلەك بولسۇن بىكار،
ساڭا خىزمەت قىلمىغان قانداق بىلەك بولسۇن بىكار،
ۋەتىنى يوق بىر كىشى قانداق كېرەك بولسۇن بىكار،
چىقسىمۇ ئاسمانغا ئۇ، شەۋكەت ئاڭا شەۋكەت ئەمەس.

ئىلمۇ-پەنگە، ۋەتىنىم، يۈردۈڭ بۈگۈن، روھىم بەلەن!
ئارزۇيۇم دەل شۇ ئىدىكى: بىزدىمۇ بىر كۆلسە پەن،
يار ماڭا شۇ چاغدا يار، تاتلىق ماڭا شۇ چاغدا قەن،
بىر كۆرۈپ ئۇلسەم تەرەققى گۈللىرىدىن يۇرتۇمدا مەن،
ئۇلمىگەنگە تەڭ ئىدىم، بۇنداق ئۇلۇم ھەسرەت ئەمەس.

ئۈچ بۈگۈن شەھرۇ-يېزاڭدا ئىلمۇ-پەن دۇنياسىغا،
خاتىمەڭ بەر، ئېركى، ئۇششاق ئائىلە غەۋغاسىغا،
ئايغا قول بەر، مارسنى سويگىن، كوي ئىلىم رەناسىغا،
مەينى قۇي ھەييام كەبى تەتقىقتا ئالتۇن كاسىغا،
يۈكسىلىش مەقسەت بۈگۈن، ئىجراسى يوق مەقسەت ئەمەس.

1979-يىل ماي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كادىرغا مۇراجەت

بۇرادەر، سەنمۇ بىر كادىر، ئۆزۈڭنى خان قىياس قىلما،
خەلقنىڭ چاكىرىدۇرمىز، ئاڭا سۇلتان قىياس قىلما،
ئاۋامنى خۇددى يەر، گويا ئۆزۈڭ ئاسمان قىياس قىلما،
پىلاتون① بول جاھاندا، خەلقنى ھېچ نادان قىياس قىلما،
ئەگەر شۇنداق قىياس قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئىنسان قىياس
قىلما.

يۈگەنسىز ئات ئەمەس كادىر، ئۇنى باشقۇرغۇچى ئامما،
خاتامۇ، توغرىمۇ، سەن بايقىماي مەيلىڭچە يول سالما،
ئورۇنسىز تۇتسا كىم ئالما، باھاسىن سورىماي ئالما،
بىكاردىن تاشتا "قۇيرۇق" تۇرمىغاي، بىخۇت بولۇپ قالما،
ئۆزۈڭنى نەپسىنىڭ ئاۋارىسى ئىشان قىياس قىلما.

ئەمەل قىل ھەممىدىن بالدۇر ئۆزۈڭ توغرا سىياسەتكە،
پىرىنسىپ، ئىنتىزامنى ساتمىغىن يىگەن زىياپەتكە،
زىياپەت، سوۋغىدىن سوڭرە ئورۇنساڭ سەن شاپائەتكە،

① پىلاتون — ئەپلاتون، قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بىرى.



كىرەر بۇ ئىشلىرىڭ بىر شەكلى ئۆزگەرگەن خىيانەتكە،
بۇنىڭدىن بىر خەتەر كەلمەيدۇ دەپ ھەر ئان قىياس
قىلما.

مۇلايىم بولمىساڭ كادىر، نە پەرقىڭ كونا بوتۇڭدىن،
قىلالمايسەن ئۇنۇملۇك ئىش، كىشلەرھەم قاچار توڭدىن،
ئىلىپتەك توغرا ماڭ يولدا، ھەزەر قىل "سول" بىلەن ئوڭدىن،
ساڭا بەرگەن ئورۇن خەلقنىڭ، غادايما ئانچە ئورنۇڭدىن،
ئورۇن، خىزمەت ئەمەس مىراس، بۇنى يالغان قىياس
قىلما.

ساڭا ئەل ھاجىتى چۈشسە، ئىلاج باركى، راۋا قىلغىن،
تېپىپ ئەل دەردىگە دەرمان، "جاراھەت"كە داۋا قىلغىن،
يىگىت سەن، كوپ قىلىپ خىزمەت، شەرەپنى كەم تاما قىلغىن،
ھالال ئەجرىڭ بىلەن كادىرلىغىڭنى بىباھا قىلغىن،
ئۇنى شەخسى غەرەزگە كەلدى دەپ دەۋران قىياس
قىلما.

ئۆزۈڭ پىكاپقا چىققاندا، كېرىلمە، كادىرىم، سەن بەك،
ئېشەك مىنگەننى ئەسلەپ قوي، قويۇپ مەغرۇرلۇغۇڭغا چەك،
سوزۈڭگە ئەل چاۋاك چالسا، ئۇچۇپ كەتمە بولۇپ لەگلەك،
ئورۇن ئوسكەنچە لازىمدۇر ئۆزۈڭ ئەلدىن تۆۋەن كورمەك،
ئۆزۈڭنى ھېچ قۇسۇرسىز — ھەممىدە تولغان قىياس قىلما.

# كادىرغا مۇراجەت

بۇرادەر، سەنمۇ بىر كادىر، ئۆزۈڭنى خان قىياس قىلما،
خەلقنىڭ چاكىرىدۇرمىز، ئاڭا سۇلتان قىياس قىلما،
ئاۋامنى خۇددى يەر، گويا ئۆزۈڭ ئاسمان قىياس قىلما،
پىلاتون① بول جاھاندا، خەلقنى ھېچ نادان قىياس قىلما،
ئەگەر شۇنداق قىياس قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئىنسان قىياس
قىلما.

يۈگەنسىز ئات ئەمەس كادىر، ئۇنى باشقۇرغۇچى ئاما،
خاتامۇ، توغرىمۇ، سەن بايقىماي مەيلىڭچە يول سالما،
ئۇرۇنسىز تۇتسا كىم ئالما، باھاسىن سورىماي ئالما،
بىكاردىن تاشتا "قۇيرۇق" تۇرمىغاي، بىخۇت بولۇپ قالما،
ئۆزۈڭنى نەپسىنىڭ ئاۋارىسى ئىشان قىياس قىلما.

ئەمەل قىل ھەممىدىن بالدۇر ئۆزۈڭ توغرا سىياسەتكە،
پىرىنسىپ، ئىنتىزامنى ساتمىغىن يېگەن زىياپەتكە،
زىياپەت، سوۋغىدىن سوڭرە ئۇرۇنساڭ سەن شاپائەتكە،

---

① پىلاتون — ئەپلاتون، قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بىرى.



كىرەر بۇ ئىشلىرىڭ بىر شەكلى ئۆزگەرگەن خىيانەتكە،
بۇنىڭدىن بىر خەتەر كەلمەيدۇ دەپ ھەر ئان قىياس
قىلما.

مۇلايىم بولمىساڭ كادىر، نە پەرقىڭ كونا بوتۇڭدىن،
قىلالمايسەن ئۇنۇملۇك ئىش، كىشلەرھەم قاچار توڭدىن،
ئىلىپتەك توغرا ماڭ يولدا، ھەزەر قىل "سول" بىلەن ئوڭدىن،
ساڭا بەرگەن ئۇرۇن خەلقنىڭ، غادايما ئانچە ئورنۇڭدىن،
ئۇرۇن، خىزمەت ئەمەس مىراس، بۇنى يالغان قىياس
قىلما.

ساڭا ئەل ھاجىتى چۈشسە، ئىلاج باركى، راۋا قىلغىن،
تېپىپ ئەل دەردىگە دەرمان، "جاراھەت"كە داۋا قىلغىن،
يىگىت سەن، كوپ قىلىپ خىزمەت، شەرەپنى كەم تاما قىلغىن،
ھالال ئەجرىڭ بىلەن كادىرلىغىڭنى بىباھا قىلغىن،
ئۇنى شەخسى غەرەزگە كەلدى دەپ دەۋران قىياس
قىلما.

ئۆزۈڭ پىكاپىقا چىققاندا، كىرىلمە، كادىرىم، سەن بەك،
ئىشەك مىنگەننى ئەسلەپ قوي، قويۇپ مەغرۇرلۇغۇڭغا چەك،
سوزۈڭگە ئەل چاۋاك چالسا، ئۇچۇپ كەتمە بولۇپ لەگلەك،
ئۇرۇن ئۈسكەنچە لازىمدۇر ئۆزۈڭ ئەلدىن تۇۋەن كورمەك،
ئۆزۈڭنى ھېچ قۇسۇرسىز — ھەممىدە تولغان قىياس قىلما.

ئۇنىڭسىز چىقماق، تۇۋەن چۈشمەك بولۇر، خىزمەت ئىشى — شوتا،
چىقىش، چۈشمەكتە مەردانە تۇرۇشقا باغلىغىن پوتا،
ئۆتۈك ھەم كەمچىلىك يوقتۇر پەقەت مۇردا بىلەن بۇتتا،
خاتالىق ھەم ئۆتۈك بولغاي جېنى جىسمىدا مەۋجۇتتا،
خاتا قىلساڭ تۈزەت، ھېچكىمنى بىنۇقسان قىياس قىلما.

تۈزۈك كادىر تۇرار ئۇلچەپ ئۆزىنى كۈندە «مىزان»دا،
ئۇمۇمنى ئويلىغاي ھەتتا نەپەستىن بىرسى قالغاندا،
ۋە بەزەنلەر بولۇر ئاكتىپ كىشى كورگەندە، مەيداندا،
ھەسەلدىن قىلنى ئايرىيدۇ، ھوپۇپنى يەيدۇ پىنھاندا،
ساداقەتسىز كىشىنى ھېچقاچان مەردان قىياس قىلما.

دىلى پاكىز، ئۆزى كەمتەر، ئىشى ئەلانى سەن ئۈگەن،
بىھرىلمەس نەپسىگە قەلبى ئىسىل، زىبانى سەن ئۈگەن،
ئۆزىگە چوڭ تەلەپ، خەلققە دىلى دەريانى سەن ئۈگەن،
پەقەت ھەر ئىشتا ئادىل، ھەركىتى لىللانى سەن ئۈگەن،
قاراپ ئاغزىدىكى "ھە-ھۇ" غىلا، ئىشچان قىياس قىلما.

ھەزەر قىل تەخسكەشلەردىن، سالار كوڭلۈڭگە كىرلىكنى،
ھەزەر قىل يەنە غەممازدىن①، بۇزار ھەرجايدا بىرلىكنى،

① غەمماز — گەپ توشۇغۇچى.



www.uyghurkitap.com

ھەزەر قىل ھەم كورەلمەستىن، كورەر ناباپ قەدىرلىكىنى،
ئۆزۈپ تاشلا ئۇلارنىڭ مىكرىگە بولغان ئەسىرلىكنى،
ھىجايىغان تۈلكىنى ئىلپەت بىلىپ، جانان قىياس قىلما.

تىيانشاندىن بۈيۈك قەدرى خەلقىقە ياخشى كادىرنىڭ،
تىلى ياخشى، دىلى ياخشى، ئىشى ياخشى باھادىرنىڭ،
قەلەم، كەتمەنگە تەڭ كەلگەي قولى خىزمەتكە ماھىرنىڭ،
ئۇلارغا رەخمىتى كوپ ئېركىنىڭ ھەم بارچە شائىرنىڭ،
مېنىڭ شەنىم ئۈچۈن يازمايدۇ دەپ رومان قىياس قىلما.

1981 - يىل، قەشقەر.

ئابدۇكېرىم خوجا

# قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل

## 1

تەلپۈنۈپ كەلدىم يىراقتىن گاڭ تۇياق دۇلدۇل بىلەن،
ئۇزلىبان دىدارلىشىشنى بوشۇگۇم قۇمۇل بىلەن.

ئۆك قولۇم قويدۇم يۈرەككە، باش ئېگىپ كوكسۇمگىچە،
"جان ئانا، سالام!" دىدىم مەن مىسلى چوغ كوڭۇل بىلەن.

كەل دىدى يايدى قۇچاق ئۇ، باغرىغا باستى مېنى،
چىن يۈرەكتىن قارشى ئالدى بەختىيار مەرغۇل بىلەن.

تىڭىرقاپ قالدىم تونالماي بىر كورۇپ رۇخسارىنى،
پۈركىنىپ تۇرغاچ باھاردا مىڭ تۇمەن خىل گۇل بىلەن.

مىڭ ئەسىر تامشىپ لېۋىنى سۇغا زار ياتقان قاقاس،
باغرىدا سۇلار ئېقىپتۇ ئوينىشىپ سۇمبۇل بىلەن.



باغرىنى خوپ قاندۇرۇپ چوللەرگە سۇ بەرگەچ ھايات،
باغ ئارا گۇللەر كۇلۇپتۇ تويلىشىپ بۇلبۇل بىلەن.

بىپايان كوك مايسىلار پىچىرلىشىپ بىر بىرسىگە،
ئېيتىدۇ ئىچ سىرىنى ئىغاڭلىشىپ ئۇسۇل بىلەن.

زەڭ قويۇپ سالسام قۇلاق، سوزلەيدۇ گويا كائىنات:
"كۇزدە توي ئەلۋەتتە قاينار ساڭدا مول ھوسۇل بىلەن..."

زەر ئۈزۈكنىڭ كوزى خۇددى شۇ يېشىل ياقۇت يېزام،
بايلىغى، ھوسنى ئۇنىڭ مەردانە قىز-ئوغۇل بىلەن.

ساينى تۇرتۇپ، قۇمنى قوغلاپ يىلسېرى باتۇر خەلق،
خوشلىششقا يۈز تۇتۇپتۇ جانغا زىخ دەشت-چول بىلەن.

بۇ ئۇتۇق كەلدى قاياقتىن دەپ سوئال قويساڭ ماڭا،
كەلدى ئۇ مىلتىقتا ھەم كەتمەنگە سىرداش قول بىلەن.

كەلدى ھەم يەككە ئاياقلار ئۇملىشىپ ماڭغاچ ئۇدۇل،
پارتىيىمىز شولا چاچقان ئاشۇ داغدام يول بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2

كەڭ ئۇپۇقنىڭ سەھنىسىدە كوز قىسىپ چولپان كىلەر،
كورسىتىپ گاھ نۇر يۈزىنى، گاھ موكۇپ پىنھان كىلەر.

تاڭدىكى قۇياش مىسالى ھەرتەرەپنى يورۇتۇپ،
دەشت-باياۋانلار ئارا ئۇچقۇنلىنىپ گۇلخان كىلەر.

كولدىكى ئاق لەيلىدەك ئاپپاق چىدىرلار ئۇستىدە
قىپ-قىزىل تۇغ يەلپۈنۈپ، سۇبھى بىلەن جەۋلان كىلەر.

ئىنىسى-جىن ئىز باسمىغان شۇ تىلسىماتلىق چول ئارا
خۇددى تويدەك شادىيانە ناخشا-ساز، خەندان كىلەر.

گاھى سىگنال، گاھى كەتمەن، گاھى بازغان ئۇنلىرى
قوشۇلۇپ بىر بىرسىگە چولنى بىسىپ چۇقان كىلەر.

ئۇيغىتىپ چولنى، چۇشۇپ بەس-بەستە گويا بەيگىگە،
چاپتۇرۇپ گاڭ ئاتلىرىنى قانچلاپ پالۋان كىلەر.

ئۇيقۇچان شەبنەم شۇ تاپتا: بۇ نىمە موجىزە دەپ،
سىلكىنىپ چوپ بەرگىدىن يەرگە چۇشۇپ ھەيران كىلەر.



قانچە يىل، قانچە ئەسىرلەر چول ئارا ئۇتقان ماكان
قاغا-قوزغۇن تەمترەپ، "ئات"① ئالدىدا ۋەيران كىلەر.

تەن بىرىپ تەقدىر ئىلاھقا قول بولۇپ ياتقان قاقاس
باغرىدا ئورلەپ قىزىل دولقۇن گويا ئىسيان كىلەر.

شۇ سىھىي يەر قوينىدا ئوسكەن ياۋا چوپ، شومبۇيا،
قىرىلىپ تامام پەيدىن يەر بىلەن يەكسان كىلەر.

ئەلمساقتىن ئەلگە ھىچ نەپ بەرمىگەن يەر قوينىغا
ئۇنجى رەت بەركەت توكۇپ ساپ ئۇنچە-مارجان دان كىلەر.

باش باھاردا يەرگە چۇشكەن دان بىلەن تەر-ئۇنچىدىن
كۇزدە جەزمەن تاغ بولۇپ بەس-بەس بىلەن خامان كىلەر.

ئومرىدە بىر توپ دەرەخنىڭ سايىسىغا ئىنتىزار
شۇ باياۋان قوينىغا ئەمدى باھار-بوستان كىلەر.

كورگىنىم بۇ يىڭىلىقنىڭ، لاپ ئەمەس، مىڭدىن بىرى.
بىزدە مۇنداق يىڭى ئىشلار يىلىغا چەندان كىلەر.

---

① "ئات" — تىراكتور كوزدە توتولدۇ.

شۇڭا مەن ئالسام قەلەم، پاتماي قىنىمغا شاتلىقىم،
پارتىيەمنىڭ شەنىگە پۇتمەس شېئىر-داستان كېلەر.

1963-يىل ئاپرېل، قۇمۇل.



## كىتاپخانىغا

—«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشردىن چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن

باقىقا مەن قويدۇم كوچەت باغدىن ئېلىپ،
يىگىندە تاغدىن گويا ئالتۇن قېزىپ.

مەقسىدىم روھىي ئوزۇق بەرمەك ئىدى،
جاننى خەشلەپ كۈن ۋە تۈن پەرۋىش قىلىپ.

ئارىدا بىرقانچە رەت چىقتى جۇدۇن،
ياش كوچەتنى كەتكىلى نابۇت ئېتىپ.

ئەمما پەرۋا قىلمىدىم قىلچە ئاڭا،
قايسى باغۋەن داجىغان جۇتتىن قېچىپ؟!

بىخ ئۇرۇپ، يىلتىز سۇرۇپ ئاتتى چېچەك،
كەتمىدى ئەجرىم مېنىڭ سۇدا ئېقىپ.

www.uyghurkitap.com

غورىسىدىن ئالدىراپ سۇندۇم بىزە،
باقسىلا ئاچچىق ـ چۈچۈك تەمىن تېتىپ.

1975 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.





## چېچەك

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى»غا بېغىشلايمەن)

يۈرىكىم يۇرتۇم سايان تېپچەكلىدى،
چىقتى دەپ ئاڭلاپ قۇمۇل چېچەكلىرى.

قەلبىمىز تۇرسۇن نىچۈك جىم، تەۋرىسىمەي،
كۈلسە خەلقىمىزنىڭ ئۈمىت ـ تىلەكلىرى.

ھەرقاچان بۇلبۇلغا باغۇ ـ گۈل كېرەك،
بولمىسا ھىجراندىدۇر يۈرەكلىرى.

گۈلگىمۇ شامۇ ـ سەھەر بۇلبۇل كېرەك،
بولمىسا كۈلگەيمۇ گۈل پۈرەكلىرى.

ئەمدى قەلەمداشلىرىمىزنىڭ تىنىمىغاي
بۇ چېچەك ئىشقىدا قول ـ بىلەكلىرى.

ياڭرىغاي ئورلەپ تېخىمۇ ئەۋجىگە
يېڭى سوتۇقتا① قۇمۇل غىنچەكلىرى.

① سوتۇق ـ ئاھاڭ مەنىسىدە.

شاخ ـ شېخى مەي باغلىغاي مېۋە تۇتۇپ،
يىلمۇ ـ يىل ئەلنىڭ تولۇپ ئېتەكلىرى.

ئۇسسۇغانغا ئۇسسۇلۇق بولغاي ھونۇز،
ۋاقتىدا قوغۇن بولۇپ خەمەكلىرى.

شۇ چېچەكتىن ئاتلىغاي كومپارتىيەم،
نىمدۇر يۇرتنىڭ تەلەپ ـ ئىستەكلىرى.

قالمىغاي توساپ ھەقىقەت يۈزىنى،
ساختا ـ يالغاننىڭ تۇمان ـ تۇتەكلىرى.

1980 ـ يىل 15 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى.



## قىلدىلا

بىلمىدىم، دوستۇم، بۈگۈن نە ئىشنى نىشان قىلدىلا؟
بىتۈيۈق نامە ئەۋەتىپ مېنى ھەيران قىلدىلا.

تېخى يادىمدا مېنىڭ، غورا يىگەندە دوست ئىدۇق،
غورىدىن پۈتكەندە ھالۋا، مېنى سەرسان قىلدىلا.

بىر چاپاننىڭ تېگىنى بىللە قويۇپ ياتقاندا بىز،
تەڭ قىلىشقان ۋەدىنىڭ كوزىنى گىريان قىلدىلا.

جۈت چۈشۈپ بۇ باغ ئارا، ياز كەتكىنىدە بىمەھەل،
ئەتىۋالاپ قاغىنى، بۇلبۇلنى ۋەيران قىلدىلا.

يوگىمەچ قالدى، كېتىپ گۈل، قالدى نامەرت، ئەر كېتىپ،
مەرتنى مۈشكۈلدە قويۇپ، نامەرتنى ئاسان قىلدىلا.

دوملىتىپ دۈلدۈلنى نامەرت ئۇيىنىدى ئەيلەپ پاقا،
نە ئەجەپكىم، ئاقنى قارا، راستنى يالغان قىلدىلا.

www.uyghurkitap.com

ئىس ـ تۈتەكنىڭ ئاچچىغىنى ھەممىدىن تۇرخۇن بىلەر،
مەن كويۇپ دەشتلەردە يۈرسەم، باغدا خەندان قىلدىلا.

بىر كوڭۇل ئاغرىغى گويا مىڭ تاياقتىن كوپ ئىكەن،
تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرەكنى خويمۇ نىمجان قىلدىلا.

بىۋاپالىقتىنمۇ ئاچچىق نەرسە بارمىكىن، تاڭەي،
چىن ۋاپانىڭ ۋەزنىگە شۇملۇقنى مىزان قىلدىلا.

ھول نىمە ئادەم دىگەن دەپ توغرا ئېيتىپتۇ خەلق،
گاھ ئېگىلدىم، سۇنمىدىم، ئەكسىنچە مەردان قىلدىلا.

كەتسىمۇ چىش، قالىدۇ تىل ھەممىگە شاھىت بولۇپ،
ھەق نىمە، ناھەق نىمە تىلىمدا ئايان قىلدىلا.

جۇت كېتىپ، باغىم ئارا كەلسە باھارىم قايتىدىن،
ئەمدى، دوستۇم، نىمنى كوڭۇلدە پىنھان قىلدىلا؟



رەھمىتۇللا جارى

## بېغىمغا قىل قەدەم تەشرىپ

بېغىمغا قىل قەدەم تەشرىپ، باھارمۇ كەلدى، جانانىم،
جاھاندا تاپقىنىم بىر سەن، ئەزىز يارىم، قەدىردانىم.

ساناپ تۇردۇم كېلەر چاغىنى، يولۇڭغا تەلمۈرۈپ باقتىم،
جامالىڭ ئىنتىزار قىلدى، تۇگەي دەپ قالدى دەرمانىم.

ئۇقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئەلا، مۇئەللىملىكنى خالاپسەن،
يېتىشكەچ بۇ خەۋەر تېزلا، تېنىمدە يايرىدى جانىم.

پۈتۈشكەن ئەھدىمىز بارغۇ يېزامدا بىللە ئىشلەشكە،
بۇ يەردە مەنمۇ باش تېخنىك، دىلىمدا يوقتۇر ئارمانىم.

ئەۋەتكەن ھەر ۋاپانامەڭ جېنىمغا بىر ئارام بولدى،
مۇناسىپ كۆتمىسەم ئەمدى، قويامدۇ مېنى ۋىجدانىم؟

چىمەنلەر سەن ئۈچۈن سالدى پاياندار ياپ-يېشىل، كوركەم،
قۇچاق ئاچماقتا راسلاندى تۈزەپ ھوسنىنى بوستانىم.

سابامۇ سېپىلاپ ھەر يان، مۇسەپپا ئەيلىدى باغنى،
يولۇڭغا ئەترە چاچماقتا ئېچىلدى گۈل-گۈلىستانىم.

سۈۋادان، سەرۋىلەر رەت-رەت سېنى كۈتمەككە سەپ تۈزدى،
كۈمۈش سۇ سازىنى چالدى، يېشىل تون كىيدى ھەر يانىم.

غەنىمەت بىل بۇ چاغلارنى، يېتىپ كەل ياخشى سائەتتە،
كۆتەر بىزنى گۈزەل ئىقبال، بۇنىڭغا كامىل ئىمانىم.

1982-يىل فېۋرال.





# ئۇلۇغ توي

تاڭ سۈزۈلدى، كۆلدى چولپان باشقىچە،
كائىنات ئويغاندى شۇ ئان باشقىچە،
زەر كىيىپ كۈن چىقتى تابان باشقىچە،
نۇرغا چۆمدى شەرقتە ئاسمان باشقىچە،
جىلۋە قىلدى تاغۇ-ئورمان باشقىچە.

يۇرتىمىزنى تاڭ سەھەر كەزدى سابا،
باشلىۋەتتى كۈي توقۇپ بۇلبۇل ناۋا،
ۋاھ، ئەجەپ تارقالدى ھەر يان شوخ سادا،
بەزمە، مەشرەپ قىزىدى باغلار ئارا،
ئەترە چاچتى گۈل-گۈلىستان باشقىچە.

ۋەتىنىم بالدۇرلا ئويغاندى بۈگۈن،
ئويغىنىپ شۇ ئانلا جانلاندى بۈگۈن،
كېچىلەپ چوڭ تويغا راسلاندى بۈگۈن،
ياش-قېرى بۇ تويغا ئاتلاندى بۈگۈن،
لالىرەڭ تۇغ قىلدى جەۋلان باشقىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوچىلاردا زور ئېقىم پايانى يوق،
ئاي جامالىلار، غۇنچە لەۋلەر سانى يوق،
ھوسنىنى تەرىپ قىلىش ئىمكانى يوق،
تويىنى بىر كورگەن كىشى ئارمانى يوق،
گۇل - چېچەككە تولدى مەيدان باشقىچە.

چومدى شاتلىققا بۇگۈن ئوتلاق - دالا،
كىيدى رەڭدار شايى، ئەتلەس كەڭ يېزا،
ياڭرىدى دۇتار، راۋاپ ھەم دومبۇرا،
بەخت كۈيى ئاقتى يۈرەكلەردە راسا،
زوققا تولدى قىز ۋە ئوغلان باشقىچە.

مەنىسى بار بۇ ئۇلۇغ توينىڭ بولەك،
بۇنى يازساق قانچىلاپ داستان كېرەك،
خەلقىمىز ئالغان شۇ كۈن تاڭدىن دەرەك،
قۇچتى ئەرك، قۇچتى زەپەر مىليون يۈرەك،
ئاچتى تارىخ يېڭى دەۋران باشقىچە.

ئوتتى شۇ كۈندىن بۇيان ئوتتۇز باھار،
ھەر باھارنىڭ ئوزگىچە بىر ھوسنى بار،
نى قاقاسلىق ئەمدى كورسەڭ لالىزار،
بولدى خەلقىمگە سائادەت مەڭگۇ يار،
يۇرتىمىز بولدى پاراۋان باشقىچە.



قېنى، دوستلار، توشقۇزايلى تويغا جام،
توختىماي تەنتەنىمىز قىلسۇن داۋام.
پايتەخت بېيجىڭغا بىزدىن ئېھتىرام،
پارتىيىگە بارچىدىن قىزغىن سالام،
كوڭلىمىز جۇش ئۇردى شۇ ئان باشقىچە.

1979 - يىل ئوكتەبىر.



## تۇردى سامساق

### ياتۇر

(قۇتلۇق شەۋقىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

كور، بۇ يۇرت باغرىنى كور، باش ئۇستى پالۋانلار ياتۇر،
باغرىنى باخ-باخ ئېتىپ مەيداندا پاۋانلار ياتۇر،
شوھرىتى ئالەمگە مەشھۇر داڭقى داستانلار ياتۇر،
كورمىگىل قەشقەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى قائانلار① ياتۇر.

ئۇل ئانا ئوغزىنى ئەجرى قانۇ-تەر بىرلە تولەش،
مۇددىئا ئەيلەپ پەقىر، مىسكىنۇ، مەھكۇمنى يولەش،
بىر ئۇلۇغ مەقسەت يولىدا شەمشىرى خەنجەر بىلەش،
خەلق ئۇچۇن جانىنى تىكىپ دۇشمەن بىلەن قىلغان كۇرەش،
ئۇل شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.

① قائان — خاقان.



ئاھ، ئەجەپكى، شۇم زامان ئەل-يۇرتنى باسقان نالە-زار،
تاغدا چوپان، چولدە كارۋان يول تاپالماي زارۇ-زار،
يۇرگىنىدە غەم ئىچىدە بارچە كوزلەر ئىنتىزار،
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۇسۇپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.

خەلقىغە مېھرۇ-ۋاپا، روھىي داۋا ئىزلەپ ئەبەت،
يورۇتۇپ شەمئى چىراغى شوھرىتىنى نۇر سۇپەت،
يەر يۇزىدە ياشنىسۇن ھەم گۇللىسۇن دەپ مەرىپەت،
يادىگار ئەيلەپ جاھانغا يازدى دىۋانى لۇغەت،
مەخمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپشانلار ياتۇر.

كور، كارامەت يۇلتۇزىدەك ئىختىرادىن يول ئېچىپ،
ئۇل قەلەم قەھرى-غەزەپتىن غەپلەتۇ، غۇربەت قېچىپ،
كەشپىيات كەۋسەرلىرىدىن شىنۇ-شەرۋەتلەر ئىچىپ،
ئەيلىگەن شەۋقىنى مەپتۇن ئەل ئۇچۇن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كوپلىگەن ئەل ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

1981-يىل 5-يانۋار، ئۇرۇمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خوتەن

"ئاھ، گۈزەل يار ئۈينىغان قەشقەر، كۇچار، يەركەن، خوتەن"[1]،
شوھرىتى ئالەمگە مەشھۇر، شەۋكىتى شانلىق ۋەتەن،
شەپقىتىدىن شوخلىنىپ يايراپ ئۇسەردى جانۇ-تەن،
ئەجرىدىن قومى-قېرىنداشنى ئەيلەپ بەھرىمەن،
نەسلىگە ئىش، ئىجتىھادىدىن ئۈدۈم بەرگەن خوتەن.

ئاچسا تارىخنى كورەركىم باشتا ماۋزۇ ئىلچىسى[2]،
كوزنى تارتار خان سارايىنىڭ تورگە ئاسقان زىلچىسى،
قوندۇرۇپ بۇلبۇلنى خۇشنۇد ھەر چىمەن، ھەر غۇنچىسى،
كەلسە ئورنەك ئالغىلى مەغرىبۇ-مەشرىق ئەلچىسى،
سەلتەنەت، سەنئەتلىرىدىن ئۈلگە كو سەكەن خوتەن.

قاش تېشىڭغا قاش ئاتار بەيتۇل بېھىشنىڭ قىزلىرى،
باغلىرىڭدىن شىرنە يۇققان لەۋلىرىدە ئىزلىرى،
شۇ شىرىن شەرۋەتلىرىڭنىڭ تەمى سىڭگەن سوزلىرى،

[1] بۇ مىسرا نىم شېھىتنىڭ.
[2] ئىلچى — خوتەن.



"خوش..." دېگەن خۇاقى مۇلايىم ھەر لېۋەنىنىڭ ئوزلىرى،
جاننى چاغلاپ ئالغۇسىدۇر، ئىبخ، ئەجەپ يۇرتسەن، خوتەن!

قارىقاش قاشنى ئاتادۇر كەتكىلى قويماي مېنى،
تېتىدىم مەن لوپتىكى ئاشتىن تۇخۇمنىڭ تەمىنى،
چىرىيەدە چايدىمەن، بولدۇم ئانارنىڭ مېھمىنى،
تىلدا قالدى كىرىيە تونۇر كاۋابى، لەغمىنى.
دوست ئارا كەڭ داستىخانغا مېھرىنى توككەن خوتەن.

نوۋىتىدە مەن تاۋاپ قىلدىم نىيازنىڭ تاغىنى[1]،
باش قويۇپ سۇرتسەم كوزۇمگە ئەرزىگەي تۇپراغىنى،
توپا يولغا تامغا باسقان ھەر يالاڭ ئاياغىنى،
كۇندە مىڭ قىلسام زىيارەت چورگىلەپ ھەر ياغىنى،
ھەر قەدەم، ھەر بىر ئىزىدىن گۈل، چىمەن ئۈنگەن خوتەن.

خۇش مۇبارەك تۇغ ئىدى مەشۇتلىرىڭنىڭ شايىسى،
نۇر مىسالى تاج ئىدى باشلارغا چۈشكەن سايىسى،
خەنجىرى شەمشات ئىدى ئوغلانلىرىڭنىڭ غايىسى،
ئاھكى...تەپرىق، پىتنىلەر بولدى مۇسىبەت بائىسى،
باشلىرىغا قاتمۇ-قات كۇلپەت، ئەلەم يەتكەن خوتەن.

[1] نىيلىق شائىر موللا نىيازنىڭ «تەزكىرەئى ئىمام» داستانىدىكى "ئانا يۇرتى خوتەن ئاتا تاغى" مىسراسى كوزدە تۇتۇلدۇ.

قوغلىساڭ ياڭ① بىرلە جىلڭ② نى، كەلدى ماخۇسەن يېتىپ،
ئەرنى ئەسكەرگە تۇتۇپ، خوتۇننى قوشلارغا قېتىپ،
قانلىرىنى شىلڭ③ شوراپ، جاننى جەھەننەمگە ئېتىپ،
قالغىنىنى "توت زىياندىاش" قاتمۇ-قات ئاستى چېتىپ،
چەرخى كەيۋانىڭ ھامان تەتۈرگە چورگەلگەن خوتەن.

قۇم دوۋەڭنىڭ ھەر بىرى بىر باتۇرۇڭنىڭ گۈمبىزى،
تاشلىرىڭغا تامغا باسقان جەڭدە مىنگەن ئات ئىزى،
ئابدۇراخمان خان خوجا ④ شاھىتلىرىڭغا پىر ئۆزى،
چۈنكى تارىخقا تەۋەرۈك زاتى ئەجداتلار سوزى،
ئەل "شەھىدانە خوتەن" دەپ نامەھەق پۈتكەن خوتەن.

ئاھ، ئەجەپ ئۆتتى ئەسىرلەر چۆلنى چۆمكەپ قەۋرىلەر،
قۇم بىلەن ساندىشىمىكىن بۇ يۇرتقا كەلگەن جەۋرىلەر،
بولدىلا، ئۆتتاي ئۆنى، ماڭا ئارام بەر، سەۋرىلەر،
ئۆرلىسۇن ساھىپقىران باتۇر بولۇپ ھەر نەۋرىلەر،
نەزمىسى دۇردانىسىدىن ئەلگە نۇر بەرگەن خوتەن.

---

① ياڭ — ياڭ زىڭشىن.
② جىلڭ — جىلڭ شۇرېن.
③ شىلڭ — شىلڭ شىسەي.
④ ئابدۇراخمان خان خوجا — شۇ ناملىق خەلق داستانىنىڭ قەھرىمانى.



ئاقسا ئۆركەشلەپ يۈرۈڭقاش ئۆرغۈتۈپ شوخ ئەۋجىنى،
ئىرغىتىپ تاشلاپ يىراق لاي لاتقا، بەتبۇي لوجىنى،
كۆلسە كاككۇك دىل ئارامىدىن مۇدام يايراپ جېنى،
ئىشق-مۇھەببەت رىشتىسىگە سىڭدۈرۈپ ئەل ئەجرىنى،
ئەيلىسە پەرۋاز، پاراغەت زوقىدىن كۈلگەن خوتەن.

بۇلبۇلۇڭغا جۈر بولۇپ كۆيچىلىڭ سالامەت سايرىسا،
شاتلىنىپ شۇڭقارلىرىڭ، باغرى-يۈرەگى يايرىسا،
يەڭ تۈرۈپ دېخانلىرىڭ داننى ساماندىن ئايرىسا،
سويۈنەر يارانلىرىڭ غەلىبەڭنى ھەر چاغ ئاڭلىسا،
چوڭ يۈرۈش، شانلىق سەپەردە ئالغا يۈكسەلگەن خوتەن.

ئەتلىسىڭدىن ئورنەك ئالدىم، گۈللىرىڭدىن ئەترىنى،
شاھ قىزى شەيدا بولۇر يۈتسا ئىپارىڭ قەترىنى،
بەلكى جەننەت ھورلىرى بەخشەندە ئەتكەي قەلبىنى،
كىم يۈرەكتىن سويمىسۇن سەندەك مۇقەددەس قەلئەنى،
ئامتى ئۇڭدىن كېلىبان، چەرخى چورگەلگەن خوتەن.

مەن سالام يازدىم ساڭا ئىشقىمنى بەتكە تولدۇرۇپ،
ئىشتىياقىڭ ئىنتىزارى كوزلىرىمنى تالدۇرۇپ،
خۇش چىراي ئىشچانلىرىڭ قەلبىمدە ئوتلار ياندۇرۇپ،

توقۇدۇم ئارمان ئېتىمنى مەنمۇ راس ئوت چالدۇرۇپ،
قىل سالامىمنى قوبۇل، هور كېلىچەك كۈتكەن خوتەن.

1981 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.





www.uyghurkitap.com

ئەرشىدىن تاتلىق

## ئالمىنى

مۆلىك باقچا كىرىپ كوردۇم چىرايلىق ئالمىنى،
جىلۋىلەندى قارىشىپ گويا دىگەندەك "ئال مېنى!"

شاختا تۇرغان ئالمىلارنىڭ سانى يۇلتۇزدەك تولا،
دىدى: "قورقۇتالمىدى ئۇششۇك، قۇرۇت ۋە هال مېنى".

"قىلىدۇ هەر كىمنى مەپتۇن، ـــ دىدى، ـــ گۇلدەك رەڭگىمىز،
سويگىنىڭگە سوۋغا دەپ ئۈز، يانچۇغۇڭغا سال مېنى.

قىز-يىگىتلەر بەزمىسىدە داستىخاننىڭ زىننىتى،
يىسە قەلبى ياشىرار توقسانغا كىرگەن چال مېنى.

شەرۋىتىم تىلنى يارار، شىرىنلىگىم قەندىن لەزىز،
تاڭ قالۇر بىرلا تېتىپ كورسە مۇبادا بال مېنى".

خۇش پۇراققا تولدۇرۇپتۇ باغنى كوركەم ئالملار،
يايرىتىپ كوڭلۇمنى زوقى، قىلدى ھەيران ـ لال مېنى.

سەيلە قىلدىم مەن خوشال باغ ئايلىنىپ، ئالدىم ھوزۇر،
بىر كورۇپ قايتىتىم يەنە مەيلىمنى تارتقان ئالمنى.

1979 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.





تاجىدىن قادىرى

# ئېتىز

ئېخ، ئېتىز، گۇلشەن ئېتىز، سەن ياپ ـ يېشىل بوستان ئېتىز،
مول ھوسۇللۇق خامىنىڭ شائىر ئۈچۈن داستان ئېتىز.

تاڭ بىلەن كەلدىم قىشىڭغا كەتمىنىمنى چاپقىلى،
سازچى بوز تورغايلىرىڭ بەزمە قۇرۇپتۇ، جان ئېتىز.

ياڭرىتىپ گاڭ ناخشىنى باغرىڭغا توكتۇم ئۈنچە تەر،
كۈزلۈگى ئالتۇن باشاق يەلپۈللىگەن مەيدان ئېتىز.

سەندە ئىشلەپ ناخشا ئېيتسام شاتلىنار كوڭلۇم مېنىڭ،
دائىما مەيلىمنى ئىللىق قوينىڭغا تارتقان ئېتىز.

1965 ـ يىل ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئازات ئولكەم

يېرىڭ مۇنبەت، سۈيۈڭ شەرۋەت، قۇياشلىق، ھەي ئازاد ئولكەم،
ياشار قوينۇڭدا ھەرمىللەت پاراۋان، خۇش، ئاۋات ئولكەم.

تالاي يىللار ئازاپ چەكتىڭ بېسىپ يەلكەڭدىن ئۇچ چوڭ تاغ،
ئاتا قىلدى ساڭا داھى يېڭى، پارلاق ھايات، ئولكەم.

شەپەقتەك قىپ-قىزىل بايراقلىرىڭ كوكتە قىلىپ جەۋلان،
غەزەلخان قەلبدە قوزغايدۇ شىرىن ھىسسىيات، ئولكەم.

ئاشۇ ھەيۋەت ئېگىز تاغلار كىيىشكەن ياپ- يېشىل مەخمەل،
شۇ تاغلار ئاستىدا بايلىق يېتىپتۇ قاتمۇ-قات، ئولكەم.

زېمىنىڭ تەكتىدىن نېفىت چىقىپ ئوركەش ياساپ ئاقتى،
تولۇپ تاشتى ۋۇجۇدۇڭدا جاسارەت، ئىجتىھات، ئولكەم.

ھەسەتخور، رەزگى ھۇقۇشلار بېغىڭغا كوز ئالايتقاندا،
قىزىل لاچىنلىرىڭ ياۋنى دىگۇزدى پەندىيات، ئولكەم.



ئانا جۇڭخۇا ئېلىمىنىڭ چىڭ پولات قورغانى سەن ھوشيار،
سېنىڭ ئالدىڭدا دۈشمەن ھەرقاچان بولماقتا مات، ئولكەم.

گۈزەل مەنزىلىسىرى كوكنى يېرىپ قىلماقتىسەن پەرۋاز،
ئۇلۇغ ماۋجۇشى بەرگەچكە ساڭا ئۇچقۇر قانات، ئولكەم.

شۇڭا گۇلدەستىلەر تىزدىم سېنىڭ شانلىق تويۇڭغا مەن،
غەزەلخان، نەغمىكەش كوڭلۇم بۇگۇن ئالەمچە شات، ئولكەم.

1975 - يىل ئوكتەبىر.



# جەڭچى

تېپىلماس بارچە ئالەمدە سېنىڭدەك قەھرىمان جەڭچى،
بۇ "جېيفاڭجۈن" دېگەن نامىڭ جاھانغا كەڭ ئايان، جەڭچى،
توكۇپ سەن تەر ۋەتەننى گۈللىتىشكە ھەر زامان، جەڭچى،
ھېساپسىز تۆھپىلەر قوشتۇڭ ئېلىمگە، جانىجان جەڭچى،
يازاي مەن بۇ مۇخەممەسنى ساڭا دىلدىن شۇئان، جەڭچى.

ۋەتەن-ئەل ئىشقىدا ھەر دەم پىدا ئەيلەپ ئەزىز جاننى،
كېچىپ دەريا، ئېشىپ تاغنى، توكۇپ ساپ لالەرەڭ قاننى،
ئۆرۈپ ياۋنى، سۈرۈپ چاڭنى، سويۇپ تاڭنى، قۇچۇپ شاننى،
ياراتتىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئىزىڭدىن نى-نى داستاننى،
سېنى جاندىن سويەر خەلقىڭ، ۋاپادار، قەدىردان جەڭچى.

يۈرەك-قەلبىڭگە ماۋجۇشى كىتاۋىدىن دەرس ئالدىڭ،
ۋەتەندىن بولسا پەرمان، سەن شۇئانلا جەڭگە ئات سالدىڭ،
بوران-چاپقۇندا مەردانە، جاسارەت سازىنى چالدىڭ،
چېنىقتىڭ مەردۇ-مەيداندا، كۈرەش-جەڭلەردە سىنالدىڭ،
تېپىپ قۇدرەت، يېتىلدىڭ سەن، زەبەردەس، پەھلىۋان جەڭچى.



سېنى كورسەم ھاياجاندا باقارمەن مەرت سىياقىڭغا،
ۋەتەنگە باغلىغان چەكسىز مۇھەببەت-ئىشتىياقىڭغا،
ئوقۇپ مىڭ ئاپىرىن، ئالقىش ئىرادەڭ، ئىجتىھادىڭغا،
سېنىڭ شانلىق ھاياتىڭغا، تارالغان نامۇ-داڭقىڭغا،
تۈگەرمۇ بىر ئۆمۈر يازسام غەزەل، كۈي، داستان، جەڭچى.

ياساندى، سۇ ئىچىپ قاندى گىيا ئۈنمەس قاقاس چۆللەر،
توكۇلگەن ئۈنچە تەرىڭدىن ئېچىلدى چوغلىنىپ گۈللەر،
تىبابەتتە كۈمۈش يىڭنەڭ چىقارغاچ ياخشى يەكۈنلەر،
تەشەككۈر ياغدى شەنىڭگە، پەلەككە ياڭرىدى ئۈنلەر،
يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان كويۇمچان، مېھرىۋان جەڭچى.

شۇڭا، مەغرۇر قىران بۈركۈت، ساڭا ھەر دەم سالام دەيمەن،
چوكۇپ ئىلھام، ھاياجانغا، يۈرەكتىن ئېھتىرام دەيمەن،
ئۇلۇغ كومپارتىيەم بولغاچ دىيارىم شات-خورام دەيمەن،
ۋەتەنگە كوز ئالايتسا ياۋ، ئەجەل قۇچقاي تامام دەيمەن،
ئۆزى ھوشيار، كوزى روشەن، ۋەتەنگە پاسىۋان جەڭچى.

ياراتتىڭ بىھىساپ ئۇلگە ۋەتەن دەپ ئايىماي جانلار،
قىزىل بايراققا رەڭ بەردى توكۇلگەن ساپ قىزىل قانلار،
يازار خەلقىم سېنىڭ بىرلە ۋەتەن تارىخىغا شانلار،

باھارنىڭ قوينىدا گۈللەپ ياشارغاي باغۇ-بوستانلار،
يەنە ھەم قۇدرىتىڭ ئاشسۇن، كامال تاپ ھەر زامان جەنۇبى.

1974-يىل فېۋرال.





سۈزۈك

## تاپتىم

پىغانىم كەتتى كوڭۈلۈمدىن، يورۇق، كەڭ بىر زامان تاپتىم،
يۈتۈم سۈغا ئەجەپ تەشنا ئىدىم، ئابى راۋان تاپتىم.

ئەجەپ خامۇش ئىدىم، ئەپسۇس، تىلى كەمتۈك كېكەچتىم مەن،
بۈگۈن ناتىق بولۇپ، بۇلبۇل كەبى ئەركىن زابان تاپتىم.

تۈنۈگۈن قايغۇ-غەم ئىچرە پاناھىم يوق ئىدى ئەسلا،
بۈگۈن بۇ يېڭى دەۋرىمدە ئۈزۈمگە مېھرىۋان تاپتىم.

ئەمەس يالغۇز بۇ دەۋران قوينىدا ئازادە بولغان مەن،
ئۈزۈمدەك شات-خوراملارنى تۈمەن، مىليونلىغان تاپتىم.

نىچۈك شات بولمايىن روھىي كىشەنلەردىن خالاس تۇرسام،
بۈگۈن كومپارتىيە قەددىمنى رۇسلاپ، قايتا جان تاپتىم.

يېشىم ئاتمىشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇرغۇپ تۇرار غەيرەت،
بۈنىڭدەك ياخشى دەۋراننى دىيەلمەيمەن ئاسان تاپتىم.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# شائىرانە خىيال

قەلەمنى ئۇيىنىتىپ قەغەز يۈزىدە يورغا يۈرگۈزسەم،
بۇ سەنئەتلىك يۈرۈشتىن ئاق ۋاراقنى تىلغا كىرگۈزسەم،
ۋاراق گۈلزارىدا ئۆز ئەمگىكىمدىن گۈللەر ئۈندۈرسەم،
زامانە ئەھلىنىڭ كوڭلىنى خۇرسەنلىككە چومدۇرسەم،
ئۇلۇك روھلارغا ئىلھام بەزمىسىن تۈزسەم، تىرىلدۈرسەم.

ئەجەپ بەڭۋاش ئىكەن ئىلھام قۇشى، دامىمغا چۈشمەيدۇ،
قىلىپ كاجلىق بۇ تەرسا، ئۈندىسەم يانىمغا چۈشمەيدۇ،
قىلۇر قەيدىمنى رەد، ھەر تاشلىغان دانىمغا چۈشمەيدۇ،
نىچۈن بۇ باغرى تاش ئاخىر كوڭۈل كانىمغا چۈشمەيدۇ،
ئەگەر چۈشسە ئىدى ئىززەت قىلىپ بوينۇمـغا مىندۈرسەم.

كىلىپ ئۇ بولسا ھەمدەم، ئەلگە خىزمەت ئۇتىسەك بىللە،
كۈرەش سازىنى "ئالغا" پەدىسىگە يوتكىسەك بىللە،
ئىچىلساق بىللە گۈلدەك، باغ ئىچىدە كوكلىسەك بىللە،
ۋەتەننىڭ تۈزىنى ئاقلاش يولىدا ئۇرلىسەك بىللە،
ئۇنىڭ گۈللەنمىگە تەر توكۇپ ئەجرىمنى سىڭدۈرسەم.



بولاتتىم شات ئەگەر ئەل خىزمىتىمدىن شادىمان بولسا،
ئىجادىم چاڭقىغانلارغا بۇلاق يەڭلىغ راۋان بولسا،
ئەگەر ئۇلسەم ھاياتىمدىن ۋەتەنگە بىر نىشان بولسا،
قەلەم ھەر تامچىغاندا، قەترىدىن باغۇ-چىمەن بولسا،
بۇ باغنىڭ ھەر بىرىدە توزىماس گۈل-غۇنچە كۈلدۈرسەم.

ۋەتەن گۈلزارىنىڭ ئاۋازى پۈتمەس بۇلبۇلى بولسام،
يىتەتتىم ئارزۇ-ئارمانغا كى ئۇڭمەس بىر گۈلى بولسام،
ۋەتەنكىم مېھرىۋانىمدۇر، ئۇنىڭ ئوتكۇر تىلى بولسام،
ئىشكتە تۇرغۇزۇپ خىزمەتكە سالسا، بىر قۇلى بولسام،
دىسە "ئوغلۇم" سۆزۈكنى، بۇ باھاغا جان سويۇندۈرسەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇلبۇلغا

كەلدى ئەمدى ئارزۇ قىلغان گۈل باھارىڭ، سايرىغىن،
قاندۇرۇپ گۈل ھوسنىگە چەشمى خۇمارىڭ، سايرىغىن،
بولدى ئاۋازىڭغا دىللار ئىنتىزارىڭ، سايرىغىن،
تىلدا يوق ئەمدى پىچەت، بار ئىختىيارىڭ، سايرىغىن،
ئۆز دىيارىڭ، گۈلشىنىڭ، ئۆز مۇرغىزارىڭ، سايرىغىن.

ئال سۈكۈت موھرىنى تىلدىن، سايرا ئى شىرىن زابان،
دەۋر يارىڭدۇر سېنىڭ، ياڭرات غەزەلنى شادىمان،
ئەمدى خىلۋەتتىن ئۆزۈڭنى سەپكە ئال، قىلما گۇمان،
ئەيلە ئەركىنلىك ھاۋاسىدا بەلەن پەرۋاز ھامان،
باغۇ ـ گۈلزارىڭنى كۈيلەش ئىپتىخارىڭ، سايرىغىن.

ئۆتمىسۇن پۇرسەت يەنە ئەندىشە ئىچرە تۈگۈلۈپ،
كەتمىسۇن بەلكى ئىجادىيەت تۇغۇلماي، كومۇلۇپ،
پەيت مۇھىم، كوز ئاچ، ۋەتەندە كەتتى ئىشلار يۈكسۈلۈپ،
ئۇ بۇرۇنقى كونا رامكا، تارچىلىقلار ئۈزگۈرۈپ،
مۇنبىرىڭ بار ھەممە يۈكسەك ئىبتىۋارىڭ، سايرىغىن.



ئەمدى جىمجىتلىقنى قوي، بولسۇن راۋان سوزگە تىلىڭ،
كەتتى كۈلپەت يۈكى ئۈستۈڭدىن، تۈزەل، تىكلە بېلىڭ،
گەرچە توھمەتلەردە ئۆتتى خارلىنىپ ئۇنلاپ يىلىڭ،
داغى ھىجرانلاردا قات ـ قات قانغىمۇ تولدى دىلىڭ،
بولدى جارى ھەق ـ ئادالەت، پۈتتى زارىڭ، سايرىغىن.

كەلدى بىر سۈبھى سائادەت، كوز يورۇت، ياشنى قۇرۇت،
باسمىسۇن كوڭلۇڭنى زەڭ، ئۆتكەنكى دەرتلەرنى ئۇنۇت،
سەكرە مەيدانغا، ناۋا قىل، سايرا، ئاۋازىڭ تونۇت،
پارتىيە سوزىنى ئاڭلا، پارتىيە يولىنى تۇت،
ئى سۈزۈك، كومپارتىيە چىن غەمگۇزارىڭ، سايرىغىن.

1980 ـ يىل، قەشقەر.



كەڭ ئىكەن باغرىڭ ئەجەپ، گويا ھايات دەرياسى سەن،
شۇ ھايات دەرياسىدا تامچەڭ بولۇپ مەنمۇ ئۈزەي.

بار ۋۇجۇدۇم ئەل ئۈچۈن تۇرسا قىزىپ يانماق بولۇپ،
ئوت بولۇپ يالقۇنلىماي، "پىس-پىس" قىلىپ قانداق تۈتەي!

شوھرىتىڭ-شانىڭ ئۈچۈن بوغدانى سەن ئارتساڭ ماڭا،
دەس تۇرۇپ قەددىمنى پۈكمەي، مەنزىلىڭگە كۆتىرەي.

سەن يەنە خانتەڭرىدەك ئاق چاچلىرىڭدىن نۇر توكۇپ،
ماڭا بىر قىلدىك تەبەسسۇم، مەن قۇچاغىڭدا كۈلەي.

1981-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



غەنىزات غەيۇرانى

## سالام، ئۈرۈمچى

ئەسسالام، ئۈرۈمچى!— دەپ مەن ئېھتىرامىم بىلدۈرەي،
يېڭىچە ۋەسلىڭ بىلەن سولغۇن دىلىمنى كۈلدۈرەي.

ھۆرمىتىم ئىزھار قىلىپ كەلدىم بوسۇغاڭغا يەنە،
ئاچ قۇچاق، يار قوينىغا كىرگەن يىگىتتەك شات كىرەي.

نەۋقىران بىر ياش ئىدىم كەتكەندە سەندىن قوغلىنىپ،
"قار بوۋاي" بوپسەن دىسەڭ، يىللار ئىزى بۇ دەپ يۈرەي.

رەنجىمەيمەن ھېچ سېنىڭدىن قوغلىغانىڭ دەپ مېنى،
ئۆزگىدە تۇرسا ئۇۋالىم، نىمە دەپ سەندىن كۆرەي.

سېغىنىش دەردى-پىراقى ئۆتتى جاندىن شۇ قەدەر،
مەن ئۈچۈن چىمدىم توپاڭدۇر تۇتىيا، كۆزگە سۈرەي.

## يـەنـە

تاڭ يورۇپ چاچتى قۇياش نۇر شەرقىي ئاسماندىن يەنە،
ياڭرىدى بۇلبۇل ناۋاسى باغۇ-بوستاندىن يەنە.

سايرىدى تىل، يايرىدى دىل، چېقىلىپ دىل قۇلپىسى،
ناخشىلار، شات كۈلكىلەر جۇش ئۇردى ھەر ياندىن يەنە.

ياشنىدى قىرلار، ئېدىرلار، كىيدى ئەتراپ گۈل لىباس،
خۇش پۇراق كەلدى دىماققا لالە-رەيھاندىن يەنە.

كوزلىرى پۆتكەن بۇلاقلار ئۇرغۇدى پونتان بولۇپ،
بولدى ھاسىل مىسلى دەريا ئىلمۇ-ئىرپاندىن يەنە.

قانچە شائىر قازدى دۇر ئەقلۇ-تەپەككۇر كانىدىن،
تىزدى شانلىق بەتكە نۇرلۇق ئۈنچە-مارجاندىن يەنە.

چىقىدۇ مەھمۇت، يۇسۇپتەك① يۈزلىگەن ئالىم، ئەدىپ،
غۇلجا، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، كورلا، تۇرپاندىن يەنە.

① مەخمۇت قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ.



قىلدى تازىم، ئېيتتى رەخمەت زوقلىنىپ كۆي تەڭرىسى،
ئاڭلىغاچ شات ناخشىنى بىزنىڭ غەزەلخاندىن يەنە.

1980-يىل ئاپرېل، ئۇچتۇرپان.





www.uyghurkitap.com

# يۇرتۇم

ئانا يۇرتۇم — ئەزىز يۇرتۇم، مۇقەددەس، جانجان يۇرتۇم،
تېپىلماس كۈللى ئالەمدە سېنىڭدەك مېھرىۋان، يۇرتۇم.

تۇغۇلۇپ سەندە چوڭ بولغان ساڭا پەيۋەندە ئوغلۇڭ مەن،
شۇڭا قەلبىمدىكى مېھرىڭ مىسالى بىر قىيان، يۇرتۇم.

تەسەۋۋۇر قىلمىغىم مۇمكىن ئەمەس بەلكى تىرىكلىكتە
دەقىقە ئايرىلىپ سەندىن ياشاشنى ھېچقاچان، يۇرتۇم.

پۈتۈن كەچمىشلىرىم سەندە، سېنىڭ ئۈستۈڭگە كۆلپەتلەر —
يېتىپ كەلگەندە بولغانتى مېنىڭ باغرىممۇ قان، يۇرتۇم.

ئۆتۈپ قانچە سىناقلاردىن چېنىقتىم، سەندە تاۋلاندىم،
يەنە ئالدىڭدا تىك تۇردۇم بېرەي دەپ ئىمتىھان، يۇرتۇم.

سېنىڭ ئوغلۇڭ بولۇشتىن زور بەختنى مەن تاپاي نەدىن،
ئاشۇ بەختىمگە كوز تىكتى ھەۋەس بىرلەن جاھان، يۇرتۇم.



چىدامىڭ ئالدىدا ئالىپ گويا بىر لىڭشىغان قوزۇق،
يېشىڭ ئۇلغايسىمۇ غەيرەت، ماداردا نەۋقىران يۇرتۇم.

ئاجايىپ تارىخىڭ باردۇر پۈتۈلگەن قۇرلىرى زەردىن،
سېخى، مەردانە سەن، خەلقىڭ كۆرەشچان، پەھلىۋان، يۇرتۇم.

ئەگەر ئاچ كىرسە ھويلاڭغا تويۇپ ھەم كىيىنىپ چىقتى،
جاھاندا بارمۇ سەندەك كەڭ قوساق، چوڭ داستىخان، يۇرتۇم.

گۈزەللىك نۇر كەبى سەندىن تارالغان بارچە ئالەمگە،
شۇڭا نۇرانە گۈل ھوسنۇڭ جاھانغا خوپ ئايان، يۇرتۇم.

بولەكتىن ياشنىدىڭ، كۈلدۈڭ، جاھان مەپتۇن جامالىڭغا،
ھايات ئۆتمەكتە شاتلىقتا يوقالغاچ ئاھ-پىغان، يۇرتۇم.

1980 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

## يىغلىما

(تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

خۇيى ئۇ نامەرت دىگەننىڭ قىزنى ئالداش، يىغلىما،
ئۇ، مۇھەببەت بابىدا كەتكەنلا قاقۋاش، يىغلىما،
سېنى يىغلاتتى، لېكىن بولدى ئۆزى پاش، يىغلىما،
ئىچ-ئىچىڭدىن ئۆرلىتىپ ئاھ، ئەي قەلەمقاش يىغلىما،
كوزلىرىڭدىن مۇنچىلىك كوپ ئاققۇزۇپ ياش، يىغلىما.

يىغا قەلبىڭ يارىسىنى ياپسا، مەيلى يىغلىساڭ،
سېنى يىغلاتقاننى كولگە ئاتسا، مەيلى يىغلىساڭ،
ئوق بولۇپ نائەھلىنى قاخشاتسا، مەيلى يىغلىساڭ،
يىغىدىن ئادەم تەسەللا تاپسا، مەيلى يىغلىساڭ،
لېكىن ھەرگىز كوز يېشى بولماس تىلەكداش، يىغلىما.

تونىماي ئالدامچىنى سەن "ئۇ—مېنىڭ بەختىم" دىدىڭ،
"ئاشۇ بەختىمگە كۇشەندە چىقمىغاي..."دەپ غەم يىدىڭ،
"بۇ تۇيۇق يولدىن ئېتىڭنى تارت!" دىگەندىن رەنجىدىڭ،
شۇ يىگىت گۇل بەردى دەپ سەن ئالدىراپ كۇلگەن ئىدىڭ،
كۇلمىسۇن خەق، ئەمدى نامەرت ئاتتى دەپ تاش، يىغلىما.



سەن بولۇپ گوياكى كاككۇك، ئىشق كۇيىنى كۇيلىدىڭ،
ھەممىدىن كەچتىڭ، ھەۋەس دەرياسىنى كوپ بويلىدىڭ،
زەپ ئاسان مەپتۇنى بولدۇڭ، (ئەسلى شۇنداق گولمىدىڭ؟)
تىل بىلەن دىلنى ھەمىشە بىر تۇتاش دەپ ئويلىدىڭ،
ھەممىنىڭلا تىل-دىلى بولمايدۇ ئوخشاش، يىغلىما.

بەك ئاسان دەپ ئويلىغانمۇ دەرتكە يولداشلىقنى سەن،
خەلقى ئالەم ئالدىدا خورلۇقا بەرداشلىقنى سەن،
بىر كۇلۇشكە تېگىشىپ ئەتتىڭ گۇزەل ياشلىقنى سەن،
يارىشىملىق خۇي دىدىڭ يىگىتكە بەڭۋاشلىقنى سەن،
سېنى يىغلاتقانغا خوش ئۇ كەسپىي بەڭۋاش، يىغلىما.

ئىشقىدىن لاپ سوزلىسە، بولدۇڭ ئۇنىڭغا مەھلىيا،
باشتىلا ئالدانغىنىڭدىن گۇل كورۇندى شۇم بۇيا،
پەرق ئېتەلمەي پەس ھەۋەسنى ئۇنى بىلدىڭ تۇتىيا،
پەس ھەۋەس، ئالىجاناپلىق ئوت بىلەن سۇدۇر گويا،
بولمىغانغا بۇ ئىككەيلەن بىر نىشانداش، يىغلىما.

سالمىدىڭ ياشلىق ئېتىڭنىڭ بېشىغا تىزگىن-يۇگەن،
قوزا-ئوغلاقمۇ قاچار گەر بېشىدىن چىقسا كوگەن،*

* كوگەن — سېغىن ۋاقتىدا قوزا-ئوغلاقلارنى باغلاپ قويىدىغان ئىلمەكلىك ئاغامچا.

"ئالدىراپ بەرگەن كوكۇلـىنىڭ ئەتىۋارى يوق" ئىكەن،
كوك چىمەن دەپ يۇگرىدىڭ يالاڭ ئاياق، سايدىن تىكەن،
يىڭنە سانچىپ ئالغىچە بەر ئەمدى بەرداش، يىغلىما.

ئەمدى بىلگەنسەن ئۇزەڭمۇ، ئۇ ئەمەس ئىشىنىڭ ئوڭى،
كوپ ئورۇنسىز كۇلكىنىڭ راست بولىدۇ يىغا سوڭى،
ئالمىساڭ بۇندىن ساۋاق جەزمەن چىقار ئۇندىن چوڭى،
بايقىغىن كوپتۇر مۇھەببەت كوچىسىنىڭ ئوي ـ دوڭى،
ئەمدى بولغاي ئىبرىتىڭ باشلامچى يولداش، يىغلىما.

1982 ـ يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى.





ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن

## ۋەتـەن

ۋەتەن، سەن سويگۇ مىزانىم، گۇزەللىك بىنەزەر سەنسىز،
تاپالماس ئىپتىخار ئومرى تۇغۇلغان بىرلە ئەر سەنسىز.

ۋەتەن ـــ مىراجى ئەرشىمسەن①، خالايىق خالىقى ئالەم②،
ئىناۋەت تاپمىغاي شوھرەت ھاياتلىق ئوتسە گەر سەنسىز.

توپاڭ ـ جىسمىم، سۇيۇڭ ـ قانىم، ھاۋايىڭسىز نەپەس بولماس،
مەئىشەت، نازۇ ـ نېمەتلەر ماڭا گويا زەھەر سەنسىز.

مەگەر پەرۋان دىسەڭ، شەمئىم ئۇزۇڭسەن چەشمەئى ئەنۋەر③،
پىراقۇ شەۋقى ئىشقىڭدا ماڭا تۇندۇر سەھەر سەنسىز.

ۋەتەن شەيدايى ئوغلانىڭ قىلالماس تەركى شەيدالىق،
ماڭا ئار شاھى ئىسكەندەر ئېرىشكەن قۇت ـ زەپەر سەنسىز.

---

① مىراجى ئەرش ـــ پەيغەمبەرنىڭ تەڭرى بىلەن كورۇشكەن ساماۋى جايى، تەڭرىنىڭ ھەرىمى.

② خالىقى ئالەم ـــ ئالەمنى بىنا قىلغۇچى.

③ چەشمەئى ئەنۋەر ـــ نۇر بۇلىغى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خەلق

خەلق دېسەم باغرىم تولۇر، سۆيگۈم تولۇر، زېھنىم تولۇر،
خەلق دېسەم چەككەن جاپا، كەچمىش مۇشەققەت ئۇنتۇلۇر.

كائىنات — ئالەم ئارا گوھەر دېسەڭ گوھەر — زېمىن،
بۇ زېمىننىڭ جەۋھىرىنى ئىزلىسەڭ ئۇ خەلق بولۇر.

قۇدرىتىم خەلقىم يەنە، خەلقىم — تەپەككۇر زىننىتىم،
ھەر كۈنى سۆيگەچ قۇياش تۇپراقنى ھەر كۈن چوغلىنۇر.

تەنگە جان قىلماس ۋاپا، باقى ئەمەستۇر ھەر نەپەس،
ئەل گۈلىستان، ئۇندىن ئۆزگە بارچە گۈل بوستان سولۇر.

شۇنچە ھىكمەت قامۇسى ئالدىمدا بەتلەر ئاچسىمۇ،
ئۇندا خەلق مەۋج ئەيلىگەن تەقدىردە قەلبىم زوقلىنۇر.

خەلق — قۇتۇپ يۇلتۇز يەنە، خەلقتە ئادالەت ئۆلچىمى،
بولدى خەلق تەھرىرى تارىخ، ئەمدى ھەق تاپقاي غۇرۇر.

بىر قۇياشكىم پارتىيەم ئەلدىن ئېلىپ نۇر پارلىغان،
ئىپتىخارىم: بۇ يۈرەك كوكسۇمدە خەلقىم دەپ ئۇرۇر.



## ۋەتەن ۋە پارتىيە

(پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا ئاتاپ)

قۇي شارابىڭنى بۇدەم ياقۇت قەدەھقە، ساقىيا،
قىلدى بىر قۇتلۇق غەزەل ئىلھامى دىلنى مەھلىيا.

سىنە ياپراغىم شۇدەم بولغان كەبى ئالتۇن ۋاراق،
چىن دىلىمدىن ئۇرلىگەن ھەر تامچە قان بولدى سىيا.

دەۋرىمىزنىڭ ئىدرىكى، ۋىجدانى، شانۇ — شەۋكىتى —
پارتىيەمگە پاك مۇھەببەت قىلدى قەلبىمدىن نىدا.

ئىپتىخارلىق تۇيغۇدىن مەڭزىمدە شاتلىق تامچە ياش،
ئەل باھارى سەن بىلەن تارىختا بولغاچ ئىپتىدا...

*

دوزىخى ئوتمۇش ئىدى ئەل بېشىدا زۇلمەت زامان،
ئاچمىغان بەختىڭ چېچەك باسقاچ جاھاننى شۇم بويا.

پاجىئەگە قىسمىتىڭ دۇچ كەلسىمۇ يۈزمىڭ قېتىم،
قۇر ئېچىپ ئىقبال يولۇڭنى تاپمىغان ھېچ ئەۋلىيا.

يەتسمۇ پەريات، مۇناجات نالىسى ئەرش قەرىگە،
چۈشمىدى پەرۋاز قىلىپ قۇتقازغىلى سۇمرۇقمۇ يا.

باسسىمۇ يەلكەڭنى مىڭ مۇشكۇل، جاپالار تاغ بولۇپ،
چىقمىدى زاھىر بولۇپ شەپقەتكە خىزرى ئەنبىيا.

سۇسىراپ قاخشال بولۇپ سۇنغاندا بەرگى ياپرىغىڭ،
ياغمىدى شەپقەت سۈيى يا ئۇنگىدەك بىر تال گىيا.

نۇرغا تەلمۈرگەن كوزۈڭ زۇلمەتتە بولغاندا بەسىر،
كىم شاپائەت ياغدۇرۇپ سۈردى كوزۈڭگە تۇتىيا؟

تاڭ باھار بەخش ئەيلىدى كومپارتىيەم جۇتنى يېڭىپ،
بالقىغان كۈندەك ۋەتەنگە توكتى زەر-ئالتۇن زىيا.

پارتىيەم قىلغاچ مەدەت يوقسۇلغا كىردى كۈچ-قۇۋۋەت،
بولدى غۇربەتلىك ماكان گاڭدەك ئۇيۇل ئالماس قىيا.

قايتا قەست قىلغان ياۋۇزلار ئاقىۋەت بەربات بولۇپ،
بولدى تارىخ ئالدىدا پۈتلار تېگىدە بورىيا.

قايتىدىن كۈلدى باھار، شاتلىق سويۇپ، يايراپ كوڭۈل،
ھەر يۈرەكنىڭ خەندىدە سايرايدۇ بىر بۇلبۇلگويا.



ئالدىمىزدا چوڭ چېلىش، چۈشتۇق سەپەرگە ئاتلىنىپ،
جىلۋە قىلغاچ ئەتىمىز پەرھاتقا شىرىندەك مانا!

*

پارتىيەم، قۇتلۇق تويۇڭ، باغرىمدا سىر چوڭ توي بۈگۈن،
بەزمىدىن مەي جامى تۇتتۇم مەن خوشال مۇنبەر ئارا.

سنە ياپراغىم شۇ دەم بولغان كەبى ياقۇت قەدەھ،
قەترە مەي جىسمىم-ھوجەيرەم قوينىدا ئويىنار راسا.

1981 - يىل 1 - ئىيۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# سويگۈ

قايسى پەرۋان ئوت ئارا ئۆرتەنمىدى،
ياكى ئوت پەرۋانىغا گۇلشەنمىدى؟!

قايسى بۇلبۇل گۇلگە شەيدا بولمىغان،
ياكى گۇل بەرگىدە شەبنەم قەنمىدى...

شامغا پەرۋان بولدى شەيدا كويىدى ھەم،
يا ئىشق سەۋدالىغى سەھۋەنمىدى؟

توكتى قان پورەك كورۇپ بۇلبۇل سەھەر،
ياكى گۇل بۇلبۇل بىلەن بىر تەنمىدى.

بىلمىدىم، قەلبىمدە ئەلگە زور ئىشق،
يا مەلەك① دىلىغا ئۇنى تەرگەنمىدى.

① مەلەك — مالايىكلەر.



ئەي ۋەتەن، ئىشقىم ساڭا، زوقۇم ساڭا،
تەڭرى خاكىڭغا ماگىنىت كومگەنمىدى.

يادى شەيدايى تۇغۇلماقتىن بۇرۇن
روھى سويگۈ ئابىغا چومگەنمىدى؟...



# بـۇگـۇن

لاله هوسنۇڭ زەپىران رەڭگىمگە گۇل رەيهان بۇگۇن،
جۇت كېزىپ تاپقان باهارنىڭ پەيـزى خـوپ دەرمان بۇگۇن.

ئۇسسۇلۇقتىن سۇسراپ بولغان ئىدىم بىهۇش ئۇزەم،
يارنىڭ لەب جامىدىن مەي شەرۋىتى لوقمان بۇگۇن.

چوچىگەن قۇشتەك قەپەزدە تاپمىغان كوڭلۇم ئارام،
ئىپتىخارى، ئەركىگە ئەمدى، كورۇڭ، سۇلتان بۇگۇن.

چەكتى پۇرقەت ئاشىغىڭ هەم كۇلدى ۋەسلىڭ ئەركىسى،
گۇل باهارىم بەزمىگە ساقى ئەزىز دەۋران بۇگۇن.

دىل ياشاردى ئەل بىلەن، ئەلمۇ ياشارغاي قول بىلەن،
شات ناۋا بولدى كوڭۇلنى قاپلىغان ئارمان بۇگۇن.

تاڭ بىلەن، بۇلبۇل بىلەن شەيدايى چەك دىل تارىنى،
كوكتىكى مىڭ قۇش كەبى جىسمىمدە قان جەۋلان بۇگۇن.



# تۇرپان

قەدىم هەيۋەت تىيانشان قوينىدا تۇرپان گويا زۇمرەت،
ۋە ياكى ئەينى بىر پەرۋەش كۇلەر بوستان ئارا خىلۋەت.
ئاتا قىلمىش ئاڭا بوغدا زىمىننىڭ تەهتىدىن قۇدرەت،
ياساندۇرمىش ئۇنى تارىخ تاقاپ ئۇستىگە زەر زىننەت،
سالام، تۇرپان ـ تەۋەرۇك يۇرت، دىلىم مەدهىڭگە تولغان بەت.

ئۇزۇمىڭ بىغى سەن گويا جاۋاهىر كانىدەك تۇرپان،
ئۇنىڭ هەر دانىسى بولسا غەزەل، هەر شىڭگىلى داستان،
كورۇنمىش هەر ئۇزۇم چاقناپ قەدەھ مەي چايقىلىپ تۇرغان،
ۋە يا شۇ مەي قەدەھ ـ جامنى ماڭا سۇنغان گۇزەل جانان،
دىلىڭدا ئەۋجىگەچ سويگۇ يۇزۇڭنىڭ جىلۋىسى سۇلكەت.

ئۇزۇمغۇ ئەسلى خوپ شىرىن، ناۋاتتەك تەمى قوغۇن قاق،
سەهەر تىل تەككۇزۇپ كورسەڭ هەسەل شەبنەمگە لىق ياپراق،
سىڭىدىن ئۇزگە قاي جايدا شىكەر پەيدا قىلۇر يانتاق،
تەئەججۇپ، يا پۇتۇلگەنمۇ ئەزەلدە قەن بولۇپ تۇپراق،
ۋە يا گۇلقەنچىمۇ دىخان، بۇ ياڭقۇنتاغدا نە هىكمەت؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاقاقلاپ كۈلدى ياڭقۇنتاغ، ۋاراقلا، قامۇسۇم باي دەپ،
ئۇنىڭ ھەر ۋارىغى بىر-بىر ساڭا تارىخنى ئېيتقاي دەپ،
ياقام تۇتتۇم ئىدىقۇتقا كوزۇم چۈشكەندە ۋاي-ۋاي دەپ،
شۇڭا كەلدىم، ئەزىز تۇرپان، سېنىڭ قىسسەڭنى ئاڭلاي دەپ،
كوزۇمدە بىر خارابە، ئەمما قەلبىمدە بۈيۈك نۇسرەت.

زىكىردۇر نامە ئەپشانەڭ قەدىم قاڭقىلى① نامىدا،
يېزىلمىش تەسۋىرىڭ ئايان سىما چيەنىڭ② كىتاۋىدا،
يىپەك كارۋانلىرى پىشقان دىيارىڭ ئاپتاۋىدا،
تىلاۋەت قىلدى مىڭ راھىپ بېزەكلىك ئەتىكاۋىدا،
مېنى ھازىرمۇ بەنت قىلدى كامالەت شاھىدى سەنئەت.

ئەنە تەسۋىرى سۈرەتتە چېلىپتۇ مۇترىبىڭ③ ھەر ساز،
ئۇسۇل رەققاسلىرى قىپتۇ پەرىدەك كوكتە مىڭ پەرۋاز،
مەلىكە ئارسلان ساقى، يەنە ۋاڭ يەندى④دىن ئاۋاز،
ئوزۇمنى ئۇنتۇدۇم بىلمەي، قۇيۇق مەينى دىدىم ئاز-ئاز،
لېۋىمنى سۈركىدىم گويا ئاڭا تەككەن كەبى شەرۋەت.

① قەدىمقى يىلنامىلەردە تۇرپان — قاڭقىل دەپ ئاتالغان.
② سىما چيەن — غەربىي خەن دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخچى. «تارىخنامە»نىڭ ئاپتورى.
③ مۇترىب — سازەندە.
④ ۋاڭ يەندى — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى.



كېلىشكەن بارىگاھ تۇرقۇڭغا باقسام، ئاز كېلەر مىڭ زوق،
مەگەر ئاستانە تور بولسا، مەئىشەت داسخىنى بۇيلۇق،
تۇيۇقنىڭ غارى يا بولسا، ئاڭا قاڭقى مۇنارى ئوق،
كېۋەزلىك شىردىغىڭ بولسا، بۇ ئوينىڭ ئوگزىسى ئۇپۇق،
چەۋەنداز نەسلى ساھىپخان كۈتۈپ مېھمان، تاپار شوھرەت.

ۋاقىت لاچىنلىرى ئۇچقۇر، بۈگۈن تۇرپاندا گۈل ئەنبەر،
سائادەت سۇمرۇغى كوكتىن ئۈزۈمزارلىققا توككەن زەر،
گۈزەل تۇرپاندا باغ مەشرەپ قىزىتماقتا ئايال ھەم ئەر،
مۇجەسسەم ئەيلىسەم نەزمەم، دىمەك تۇرپان ئىسىل گوھەر،
قەدەھنى قايتۇرۇپ ئېيتار ساڭا شەيدايى مىڭ رەخمەت.

1981 - يىل 1 - سېنتەبىر.



ئابدۇسالام توختى

## باھار ئىشقى

ئاتقاندا تاڭ چىقتى قۇياش، كەلدى باھار - كۆكلەم مانا،
نۇر ئىلكىدە كۈلدى زېمىن، نۇر ئىلكىدە كۈلدى سامان.

چۆللەر يېشىل كىمخاپ كىيىپ، باغلار ياساندى گۈل بولۇپ،
زەپمۇ چىرايلىق بۇ باھار، زەپمۇ ئېسىل، كوركەم، زىبا.

قوزغاپ كۆڭۈلدە زوق - ھەۋەس، قۇشلار چۇرۇقلاپ چالدى ساز،
ياڭراتتى بۇلبۇل ناخشىنى گۈلشەن ئارا، گۈلباغ ئارا.

قايناتتى بۇ شات بەزمىنى، توكۇپ دىلىدىن نەزمىنى،
كەڭ سەھنىسى كۆك باغرىدا قالغاچ ئۇسۇل ئويناپ راسا.

شىددەت بىلەن قوغلاپ - سۈرۈپ قۇزغۇننى تارمار ئەيلىدى،
بۈركۈت، جەسۇر لاچىن ھامان پەرۋاز قىلىپ ئاسمان ئارا.



قۇتلۇق - مۇبارەك ئەي باھار، ئالتۇن قۇياشلىق گۈل باھار،
پۈتتان بولۇپ تاشتى شۇ ئان ئۇتلۇق يۈرەك ئىشقىم ساڭا.

1977 - يىل باھار، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تىيانشان باغرىدا شاتلىق

قىزىل دولقۇن ئاجايىپ خۇش خەۋەرلەرنى① تاراتقاندا،
كۆلۈپ كەتتى جىمى مىللەت ئانا يۇرتۇم تىيانشاندا،
يېقىملىق ساز، خوشال ناخشا جاراڭلاپ يەرۇ-ئاسماندا،
ئۇسۇلغا چۈشتى شات خەلقىم قىزىل گۈللۈك گۈلىستاندا،
خوشاللىقتا چومۇپ مەنمۇ قەلەم ئالدىم ھاياجاندا.

ھاياجانىم دېڭىز بولدى، ئۇنىڭ دولقۇنىدا ئاقتىم،
ھاياجانىم قانات بولدى، گويا قۇشتەك قانات قاقتىم،
ئۇچۇپ ئۆتتۈم ئېگىز تاغدىن، بۇلۇتقا كوكرىگىم ياقتىم،
تىنىق كوكتە قىلىپ پەرۋاز گۈزەل يۇرت ھوسنىگە باقتىم،
كۆلۈپتۇ ھور تىيانشانىم باھار نۇرىدا شۇ ئاندا.

بۇ قۇتلۇق خۇش خەۋەردىن كۈچ-قۇۋۋەت ئاپتۇ جىمى جانلار،
ئېرىپ مۇزلار ئېزىم تارىم چېچىپتۇ ئۈنچە-مارجانلار،
چېچەككە پۈركىنىپتۇ ھور تىيانشان باغرىدا باغلار،

---

① پارتىيە 11-قۇرۇلتىيى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى ۋە باشقا خەۋەرلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ.



كېيىپتۇ گۈل باھار ئەتلەسىنى كوركەم ئېگىز تاغلار،
تۈمەن بۇلبۇل قۇرۇپ بەزمە ناۋا ئەيلەپتۇ بوستاندا.

نەزەر تاشلاپ قىزىل تۇغنىڭ گۈزەل جەۋلانىنى كوردۈم،
ھەققەت سويگۈچى سانسىز جەسۇر، مەردانىنى كوردۈم،
كۈرەش ئۈتىدا تاۋلانغان ۋەتەن ئوغلانىنى كوردۈم،
ئۇنىڭ ئۇرغۇپ ئېتىلغان چىن يۈرەك پونتانىنى كوردۈم،
قىزىپتۇ تەنتەنە—بايرام شەھەر، يېزا، زاۋۇت، كاندا.

نەزەر سالسام، ياساپ ئۇركەش يۇرۇڭقاش ناخشا تۇۋلاپتۇ،
كېيىپ كەڭ بەقىسەم تونىنى كوئىنلۈن ئۇسۇل ئويناپتۇ،
ئەزىزانە، گۈزەل قەشقەر راۋاپ، دۇتارىنى چاپتۇ،
خوشاللىق دولقۇنى ئوخچۇپ، ئېقىپ ئەل ئىچرە يامراپتۇ،
سويۈملۈك پارتىيەمگە مەدھىيە ياڭراپتۇ ھەر ياندا.

قۇياش چاقناپ يوروق نۇرغا تولۇپتۇ سۈپ-سۈزۈك ئاسمان،
چىقىپتۇ كوككە لىۋ شاۋچى پەرىلەردەك ئۇچۇپ لەرزان،
كۆتۈپ ئاپتۇ ۋۇگاڭ، دالچىن شارابىنى قۇيۇپ شۇ ئان،
چۈشۈپتۇ شوخ ئۇسۇلغا ھەم غېرىپ چاڭئې بولۇپ شادمان،
شېھىتلەرمۇ خوشاللىقتا چومۇپتۇ ئەرشتە—ئاسماندا.

ئۇلۇغۋار پارتىيەم ئەلگە قۇياشتەك مېھرىنى چاچتى،
ئازاپ چەككەن تۈمەن مىڭ جان كۆتەردى قايتىدىن باشنى،
تىيانشان باغرىدا شاتلىق دېڭىزدەك جۇش ئۇرۇپ تاشتى،
جەسۇرانە يۈرۈش قىلدۇق، گۈزەل ئىقبال قۇچاق ئاچتى،
كۆرەشتە يۈكسىلىپ جەزمەن يېتەرمىز ئارزۇ-ئارمانغا.

1980 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.





مۇھەممەت رەھىم

## يېزا غەزەللىرى

(سىكىل)

### ياشارغان يېزا

يېتىپ كەلگەندە يېزامغا جاھان جەننەت كۆرۈنگەندەك،
تونالماي تېڭىرقىپ قالدىم ئېزىقاندا ئوكۇنگەندەك.

خىجىل بولماي سوراپ كوردۇم بىراۋدىن ئەسلى يېزامنى،
مۇشۇ، دەپ كورسىتىپ قويدى قىلىپ زاڭلىق يوتەلگەندەك.

ساڭا بۇ ھالنى دەپ بەرسەم، تۇتۇپ كوكسۇڭنى شۇ ئاندا
قاقاقلاپ بىر كۈلۈپ كەتتىڭ ياڭاق يەرگە توكۇلگەندەك.

تۇنۇگۇنكى خاراپ يېزام ياشارغان بولسىمۇ شۇنچە،
مېنىڭچە كوز يۇمۇپ ئاچقۇنچىلىك پۇرسەت ئوتۇلگەندەك.

ياساۋاتساق، گۇلۇم، شۇنداق چىرايلىق گۇل-گۇلىستانلار،
نىمىشقا تىڭرىقاي ئەمدى تەئەججۇپكە چومۇلگەندەك.

## يار دىسەڭ

بولمەن ئالدىڭدا ھازىر نىشقا چىللاپ يار دىسەڭ،
مەن بىلەن قايناق چىلىش، ئەمگەككە بىللە بار دىسەڭ.

قالمىغان شۇ كەمگىچە ۋەدەم ئەمەلدىن ئايرىلىپ،
شەرتلىرىڭگە مەن تەسەددۇق، سويگىنىم ئىلغار دىسەڭ.

كوككە يەتمەسمۇ بىشىم چىقسام چىلىشلاردىن ئۇزۇپ،
گۇل تاقاپ كوكسۇمگە شۇ چاغ، سەن ماڭا دىلدار دىسەڭ.

تەلمۇرۇپ تۇرغان ياسانچۇقلار ساڭا يىوز تاشلىسا،
سادىغاڭ كەتمەيمىدىم "ھورۇنغا قەلبىم تار" دىسەڭ.

كەل قىنى، تاشلايلي بىز پۇكلەپ جاپانىڭ قەددىنى،
مەنمۇ تەييار ھەر مىنۇت، كوكرەك ئۇرۇپ تەييار دىسەڭ.

تاڭ جۇلاسى پىزىمىزنى پۇركىگەچكە نۇر بىلەن،
نۇر ئىچىدە ئۇچرىشايلى ھەر سەھەر دىدار دىسەڭ.



## ماختىدىڭ دەپ رەنجىمە

ناخشا ئىيتساڭ تاڭ سەھەردە دەپتىمەن بۇلبۇلمىكىن،
ياكى ئاڭلانغان يىراقتىن خۇش ناۋا مەرغۇلمىكىن.

دەپتىمەنكى، ئوت ئوتاپ يۇرسەڭ ئىتىزدا كەچقۇرۇن،
مايسىلارنىڭ ئىچىدە چوغدەك ئىچىلغان گۇلمىكىن.

ماختىدىڭ دەپ رەنجىمە، ماختايدىكەنغۇ ھەممە ئەل،
دەيدىكەن: بۇ قىز شامالدەك چارچىماس دۇلدۇلمىكىن.

بوپتۇ، مەنمۇ مەدھىيەمنى كۇزگىچە پىنھان تۇتاي،
مول ھوسۇلنىڭ تويلىرىدا ماختىسام ماقۇلمىكىن؟

## ئۇلگەم سەن

ھوزۇرلاندىم قاراپ ئوستەڭگە يول سالغاندا-سالغاندا،
ئىچىپ سۇنى ئىتىزلىققا ئىلىپ ماڭغاندا-ماڭغاندا.

شۇئىرلاپ ئىككىمىز گويا ئىتىزدا بىللە ماڭغاندەك،
تۇيۇلدى شىرقىراپ سۇلار كۇلۇپ ئاققاندا-ئاققاندا.

ساڭا سادىق كېنىزەكتەك مېنى ئاسراپ قاراڭغۇدىن،
تولۇن ئاي نۇر چېچىپ ئاستا ئۈزەر ئاسماندا ـ ئاسماندا.

سۈزۈك سۇ يورغىلاپ تەكشى ئېتەك يايسا ئېتىزلىققا،
بىرەر تال مايسىمۇ قالمايدىكەن ئارماندا ـ ئارماندا.

سۇغاردىم سەن ئۈگەتكەندەك، ياشاپ كەتتى يېشىل بۇغداي،
شۇنىڭچۈن رىغبىتىم، ئىشقىم ساڭا ھەر ئاندا ـ ھەر ئاندا.

مۇشۇنداق سويگۈنى بىزگە بەخش ئەتكەنمۇ گۈگچەنداڭ،
بولار مۇنداق مۇھەببەت بەختىيار ئىنساندا ـ ئىنساندا.

## ئىشچان گۈلۈم

چۈشۈپسەن ئۈمىغا قىزغىن پولاتتەك چىڭ قولۇم بار دەپ،
ۋەتەنگە مول ھوسۇلدىن خۇش خەۋەر بەرمەك يولۇم بار دەپ.

غۇلاچتىن كەڭ ئېلىپ سولنى مېڭىپسەن ئالدىدا كوپىنىڭ،
ئۈچۈپسەن خۇددى سۇرئەتتە قاناتلىق دۇلدۇلۇم بار دەپ.

قولۇڭدا ئۈگىنىڭ ئۈينايدۇ ناخشاڭغا بولۇپ تەڭكەش،
يىگىت قەلبى خوشال سەندىن قوشاقچى بۇلبۇلۇم بار دەپ.



ئىشەنچلىك قىچقىرىپسەن بەسلىششكە قانچە ئەرلەرنى،
يېڭىلسەم مەن ئۈچۈن شۇ چاغ نوموس ئاتلىق ئولۇم بار دەپ.

سېنىڭ ئەمگەكتە بەس ـ بەستە يېڭىلگەن بىر چېغىڭ بارمۇ،
شۇنىڭچۈن ئېيتىمەن مەغرۇر مېنىڭ ئىشچان گۈلۈم بار دەپ.

تىزىپ باغلارنى خامانغا ياسايلى سۈنئى كۆئىنلۇن،
ياراشقاي سوزلىسەك شۇندا ھىساپسىز ھوسۇلۇم بار دەپ.

## بۇغداينىڭ سوزى

دەيدۇ بۇغداي ماختىنىپ: ئىسمىم بىلەن يىگانە مەن،
موتىۋەر مەن، ھەممە نۇقساندىن تامام بىگانە مەن.

كەڭ ئېتىزنىڭ كوكسىدە غۇر ـ غۇر شامالغا مەس بولۇپ،
ئىككى ياققا چايقىلىپ ئوينايدىغان مەستانە مەن.

سارغىيىپ پىشقان چېغىم دىخان ئاكامغا كوز قىسىپ،
ئەمدى كەل ئوغاق ئېلىپ، دەپ چىللىغان مەردانە مەن.

چەش بولۇپ تۇرغان چېغىم قوزغايدۇ گوھەر رەشكىنى،
چۈنكى گوھەردىن ئەزىزراق، ئەڭ ئىسىل دۇردانە مەن.

نان بولۇپ چىقسام تونۇردىن جان بىلەن تەڭ قىممىتىم،
شۇ ئۇلۇغلۇق شەرىپىم بىرلە ھامان شاھانە مەن.

مەن ئۇلۇغ بولسامۇ، ئەلنىڭ ھاجىتى مەندىن ئۇلۇغ،
ئەل-ۋەتەننىڭ بېشىدىن ئۆرگەلگۈچى پەرۋانە مەن.

1961-يىل ماي — ئاۋغۇست، غۇلجا.





## يۈرەك سوزۈم

بىباھا دەستۇر قىلىپ يەنئەندىكى سوھبەتنى① مەن،
قەلبىمگە سىڭدۈرۈپ دەۋرىمگە خاس خىسلەتنى مەن،
يۈرىكىمگە تولدۇرۇپ لىق ئىشتىياق، رىغبەتنى مەن،
پارتىيە، خەلقىمگە ئەۋۋەل بىلدۈرۈپ ھۆرمەتنى مەن،
قەلب سوزۈمنى يازغىلى ئالدىم يەنە نوۋەتنى مەن.

باشلىدىم نەزمەمنى مەن لۈشۈن تاغامنى ياد قىلىپ،
جەڭگە ئاتلاندىم بۈگۈن، مىندىم قەلەمنى ئات قىلىپ،
بۇ كۈرەشتە بەختىمىز دۈشمەنلىرىنى مات قىلىپ،
ھەيۋىسىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا بەرباد قىلىپ،
يەتكۈزەرمەن ۋايىغا بۇ جەڭگىۋار مەقسەتنى مەن.

ئەسلىسەم ئوتمۇشنى مەن، يەر خۇددى تەتۈر چوگىلەر،
ۋەھشى، ئادەمخور زاماننىڭ تەكتى روشەن كورۇلەر،
"زۇگلىسى يوغان ئۇزۇلگەن" باي، بېگىملەر، تورىلەر،

① «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سوھبەت يىغىنىدا سوزلەنگەن نۇتۇق» كوزدە تۇتۇلىدۇ.

نىمىلەر كورسەتمىگەن ئۇ ئىككى پۇتلۇق بوردىلەر،
كەلتۈرەي شاھىت قىلىپ مۇدھىش، قارا قىسمەتنى مەن.

مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغاي ئوتمۇشتىكى كەچمىشلىرىم،
يازلىرىممۇ قىش بولۇپ ئوتكەن جاپالىق قىشلىرىم،
تەر توكۇپ، جان كويدۇرۇپ قىلغان ئىتىز پەرۋىشلىرىم،
ئەمگىگىمنىڭ قەنتىنى چاقمايلا سۇنغان چىشلىرىم،
كۇزلۇگى ئۇسقان ئىدىم ئاش ئورنىغا ھەسرەتنى مەن.

قىشلىغى ئاش-نان ئۇچۇن بايلارغا بولدۇم مەدىكار،
گاھى ئىشسىز ئاچ قېلىپ، قۇشقاچچىنىمۇ قىلدىم شىكار،
باي غوجاملار ئويىدە دەرتمەن ئانام بولغان چاكار،
ئولگىچە ئىشلەتتى زالىم بىر مىنۇت قويماي بىكار،
دورىلىققا تاپمىدىم باي قەلبىدىن شەپقەتنى مەن.

سىل بولۇپ مىسكىن ئانام ياتقان ئىدى بىرنەچچە ئاي،
ئايرىلىپ غەمخور ئانامدىن ھالىمىزغا بولدى ۋاي،
قالدۇرۇپ ئويىدە ئانامنى ئىشلىمەي قانداق قىلاي،
شۇنچە قىلسامۇ پەلەك ھىچ ئاچمىدى بىزگە چىراي،
مەڭگۈ كوز يۇمدى ئانامۇ، نىمە دەي بۇ دەرتنى مەن!



بىر يىتىم بولدۇم ئەلەم-قايغۇ بىلەن قولتۇقلىشىپ،
نەگە باش تىقسام شۇ يەردىن چىقتى پىشكەل جۇپلىشىپ،
تالىيىمنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يىقىلدىم پۇتلىشىپ،
كەمبەغەلگە ئۇ زامان كەتكەن ئىدى بەك جۇتلىشىپ،
قانچە يىل يۇردۇم بېشىمدا كوتىرىپ كۇلپەتنى مەن.

دائىما دەيتتىم ئوزۇمگە: بىزگە دۇنيا تارمىكىن،
ھەممە جايدا كەمبەغەللەر خۇددى بىزدەك خارمىكىن،
ھەممىدىن مەھرۇم قىلىنغان، چەككىنى ئاھ-زارمىكىن،
ياكى بىر كۇن تاڭ ئېتىپ، بىزگە نىجاتلىق بارمىكىن،
زارىقىپ كۇتكەن ئىدىم تاڭ يورۇغان پۇرسەتنى مەن.

تاڭ ئېتىپ، ئەل بەختىنى يورۇتتى ئوكتەبىر تېڭى،
كوتىرىلدى ئۇستىمىزدىن دەرت-ئاسارەتنىڭ چېڭى،
قەلبىمىزگە چاچتى نۇر ماۋجۇشىنىڭ غالىپ ئېڭى،
مەن تۇغۇلدۇم قايتىدىن، ئومرۇم يېڭى، دەۋرىم يېڭى،
شۇ يېڭى ئومرۇمدىلا كورمەكتىمەن راھەتنى مەن.

مەن تۇغۇلدۇم قايتىدىن بەختىم بىلەن، قەدرىم بىلەن،
زوقلىنىپ بەختىمگە مەن ئاچتىم قۇچاق مېھرىم بىلەن،
ھور ياشايمەن ماختىنىپ بۇ جانىجان دەۋرىم بىلەن،

ئاشىغى مەن بۇ زاماننىڭ بار-يوقۇم، ۋەسلىم بىلەن،
شۇ زامانەم قولىغا سۇ قۇيىدۇراي جەننەتنى مەن.

شۇ زامانەم دەل بۇگۈن چارەك ئەسىرنى ياشىدى،
ئەمدىلەتىن ياشلىغىنىڭ دەسلىۋىنى باشلىدى،
قانچە كارۋانلارنى يولدا ئارقىسىغا تاشلىدى،
ھەر يېشىدا بىر ئەسىر مەزمۇن قۇچاقلاپ ياشنىدى،
ئېپتىخارىم دەپ تونۇيمەن بۇ زەپەر-نۇسرەتنى مەن.

بىز ئۇلۇغلايمىز شۇڭا كومپارتىيە يولباشچىنى،
ئېيتىمىز ئاخىرغىچە پوتئېر ياراتقان ناخشىنى①،
يەرلىكىدە ياتقۇزۇپ پۈتكۈل جاھانگىر ۋەھشىنى،
قۇرىمىز ئىنسانىيەتكە بەخت-سائادەت گۈلشىنى،
قەترە ئەجرىمدىن شۇڭا سەزمەكتىمەن لەززەتنى مەن.

كوزىمىزگە ياۋ بۇگۈن يايسا بىخۇتلۇق تورىنى،
ھوكىرەيدۇ ئەتىلا زۇلمەت، جاھالەت بورىنى،
تارتتى كوپ ئەجدادىمىز تارىختا غەپلەت سورىنى،
ئەمدى بىز چىڭ تۇتىمىز ھاكىمىيەت چۇلۋۇرىنى،
جەڭسىرى سەگەكلىشىپ سۇردۇم يىراق غەپلەتنى مەن.

① ئىنتېرناتسونال شېئرى كوزدە تۇتۇلدۇ.



قان بىلەن كەلگەن ئەمەسمۇ شۇ بۇگۈنكى بەختىمىز،
قەدرىنى بىلگەچ ئۇنىڭ جاندىن ئەزىز كورمەكتىمىز،
ھوسنىگە باقساق بۇگۈننىڭ، زەپ گۈزەلدۇر ئەتىمىز،
شۇ بۇگۈن ھەم ئەتىمىزنى قوغدىماق چىن ئەھدىمىز،
ئەھدىنى ئاقلاپ ۋەتەندىن كۈتىمەن رەخمەتنى مەن.

1974 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.



**مەمتلى زۇنۇن**

## باغۋەن قىز

ۋۇجۇدۇم بولدى ئوت-يالقۇن كۆلۈپ سوۋغاڭنى تۇتقاندا،
تەبەسسۇم، ناز بىلەن ياشلىق كوڭۇل مەيلىمنى ئۇتقاندا.

يۈرەك گوياكى شام ئوخشاش قىزىپ، بىر يول ئېرىپ كەتتى،
قىزىل ياقۇت ئانارىڭدىن يېرىپ بىر قەترە يۇتقاندا.

دىدىڭ: — قانداق ئىكەن تەمى؟ — چىچەن بۇلبۇل كەبى سايراپ،
ئانارىڭ شىرنىسى مەس قىپ ئۆزۈمنى مەن ئۇنۇتقاندا.

— قىلاي تەرىپىنى قانداق؟ — دىدىم ئاستا ئۆزۈم ئوڭشاپ،
بولۇپ ئەجرىڭ گۇۋاھى بۇ، ئاتاق-داڭقىڭ تونۇتقاندا.

دىدىڭ: — شۇنداق بولاركەن، راست، ئانا تۇپراققا ئىشق باغلاپ،
يېشىل، يۇمران كوچەتلەرگە كوڭۇل مېھرىڭنى قاتقاندا.



دىدىم: — شۇنداق، گۇلۇم، ھەرگىز ئۇلۇك، زەي سۇچە تەم بولماس.
يۈرەكتىن ئەل ۋەتەننىڭ مېھرىنى بىر دەم سوۋۇتقاندا.

1962 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.



# جاندىن ئەزىز

ئەي يۇرەك سويگەن دىيارىم، سەن ماڭا جانــدىن ئەزىز،
شوخلىنىپ ئاققان تومۇردا قىپ-قىزىل قاندىن ئەزىز.

چىن گۈزەللىك ئاشىقى مەن، گۈلگە ئامراق كۆيچى مەن،
بارچە گۈللەر تاجىسى سەن لالە-رەيھاندىن ئەزىز.

ئەڭ مۇقەددەس ئىززىتىمدۇر ئار-نومۇس، ۋىجدان مېنىڭ،
ئىززىتىمنىڭ مەنبەى سەن قەلبى-ۋىجداندىن ئەزىز.

دەيدىكەن ئاققۇ، بېلىق: چەكسىز ئەزىز ئوكيان دېڭىز،
ماڭا بەرگەن قەترە مېھرىڭ قانچە ئوكياندىن ئەزىز.

دەيدىكەن پەرۋانە دائىم: نۇر بىلەن يالقۇن ئەزىز،
مەن ئۇچۇن ئىشقىڭ ئوتىدۇر قانچە گۈلخاندىن ئەزىز.

تائەزەلدىن سايرىغانكەن بارچە بۇلبۇل باغ ئارا،
چول-جەزىرەڭ مەن ئۇچۇن بىگانە بوستاندىن ئەزىز.



ياش كوڭۈل گوياكى ئاسمان، ئارمىنىم يۇلتۇزچە بار،
بىر سېنى گۈللەش ئۇمىدىم ھەممە ئارماندىن ئەزىز.

1963 - يىل فېۋرال، ئۇرۇمچى.





www.uyghurkitap.com

# قىينى سەن، رەنا؟

قەپەزگە مۇپتىلادۇرمەن، كورەلمەيمەن سېنى، رەنا،
مېنىڭ ئەي دولىتىم، بەختىم، قەيەردە، سەن قېنى، رەنا؟

ئۇزاق تۈنلەر مېنىڭ جانۇ-تېنىمنى قوينىغا ئالدى
سېنىڭ ئىشقى-ئەقىدەڭنىڭ ئۇلۇغۋار گۈلخىنى، رەنا.

تېنىم گويا چىملان شاخى، قىزاردى يەر چىملان بىرلە،
سېنى دەپ ئاقسا بەختىمدۇر يۈرەكنىڭ ساپ قېنى، رەنا.

قەيەردە، قايسى چىن ئاشىق ۋىسال گۈلزارىغا يەتكەن،
چىدام، غەيرەت بىلەن يەڭمەي جۇدالىق دەردىنى، رەنا؟

ئۇرۇق ئۇنگەيمۇ جان بەخش ئەتمىسە دىخان تېرى-ئەجرى،
قۇچاق ئاچقايمۇ ئەمگەكسىز گوھەر، ئالتۇن كېنى، رەنا؟

ئاۋازىڭ ئاڭلىغان دەمدە چىقاي باشىم بىلەن يۈگرەپ،
مېنىڭدەك نەۋ باھار خۇشتارىنىڭ سەن-سەن جېنى، رەنا.



يۈرەكنى ئىككى قولىلاپ مەن ئۇزاتسام، سەن تۇتۇپ مەزۇر،
پۈتۈن ئەل ئالدىدا مەھكەم باغاش ئەتسەڭ مېنى، رەنا.

لېۋىڭدە پىستە چاقسام، ئىشق-مۇھەببەت ئەھلى شات كۈلسە،
يورۇق چاچقاي زېمىن-ئەرشكە مۇرادىم چولپىنى، رەنا.

ئىشەن، شەكسىز يېقىن بۇ تاڭ، كۈلەرمىز بىز ئۇرۇپ خەندان،
ئۇلۇغ يانغىندا كويگەندە جاھالەت قورغىنى، رەنا.

1970 - يىل 21 - مارت، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىلسەڭ

جۇدۇنلار قۇتۇردى، ئالەم جاھالەت ئىلكىدە، بىلسەڭ،
ھاياتنىڭ شاتلىغى ئاھۇ-نادامەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

گوھەر-دۇردانە ئاچچىق ئىس-تۈتەك قوينىدا كويمەكتە،
باھار بۇلبۇللىرى تۇتقۇن-ئاسارەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

بىناكار-قۇرغۇچى پەستە، ئىگىزدە بۇزغۇچى تەلۋە،
بەخت-ئامەت خۇشامەتكۇي ھاماقەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

ئەلەم ئىسكەنجىسى قەھرىڭ ئوتىدا كۆل بولۇپ كويگەي،
دىسەڭ شۈكرى، ئوتەر ئۆمرۈڭ ئاھانەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

نىچۈن مىسران قىلىچ ئالماي قولۇمغا، ئەي گۈلى رەنا،
مۇرادىم گۈل-چېچەك ئاچماس تىلاۋەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

1970-يىل دېكابىر، قەشقەر.



# شەمشەر

چىدام-بەرداش بېرىپ شامۇ-سەھەر ھىجران، پىراقلارغا،
تىكىلدىم ئىككىمىز ئوچمەس نەقىش چەككەن ۋاراقلارغا.

قەسەم ئەيلەپ ساڭا بىر كۈن دىسەم: "پەرۋانىمەن، جانان"،
دىدىڭ: "پەرۋانە بولساڭ ئۆر ئۆزەڭنى شام-چىراقلارغا".

دىدىم: "چېھرىڭدە ئاي نۇرى، كوزۇڭدە بىر جاھان ئاتەش،
نىمىشقا كوز تىكەي، جانان، چىراق ئىزلەپ يىراقلارغا".

تەبەسسۇم ئىلكىدە باقتىڭ... قوشۇلغان شولىمىز بىزنىڭ
يېڭى زىننەت بەخش ئەتتى كىيىك كوزلۇك بۇلاقلارغا.

لېۋىڭ جامىدا ئىچكەن مەي ئاتا قىلغاچ بۈيۈك قۇدرەت،
پىسەنت قىلماي ئوتۇپ كەتتىم قىيىن ئوتكەل-سىناقلارغا.

پۈتۈمدا ئوينىغان ئىشكەل ساداسى بولدى جور-تەڭكەش
زەپەر كارۋانىنىڭ سازى جاراڭلىق قوڭغۇراقلارغا.

ياشايمەن ئايلىنىپ پەرۋانىغا ئىشقىڭدا، ئەي جانان،
ياشايمەن ئايلىنىپ ياۋ ئالدىدا شەمشەر - پىچاقلارغا.

1973 - يىل 18 - دېكابىر، قەشقەر.



## بولمىسا

لاله قىلغايمۇ تەبەسسۇم ئىشقىۋازى بولمىسا،
ئىشقىۋازنىڭ لەزىز - شېرىن ئاۋازى بولمىسا.

لاله كۈلمەس ناز بىلەن، بۇلبۇلمۇ خۇش قىلماس ناۋا،
قەلبى سۆيگەن يۇرتىنىڭ كۆكلەم ۋە يازى بولمىسا.

هور هاياتنىڭ نەۋ باهار، يازى كۈلۈپ ئاچماس قۇچاق،
ئەرشنى تىترەتكەن ئۇلۇغۋار غەلىبە سازى بولمىسا.

لەرزىگە سالغايمۇ يەر - ئاسماننى غەلىبە نەغمىسى،
ئوت يۈرەك مەردانىلەر قۇربانغا رازى بولمىسا.

مۇهتەرەمدۇر ئەل ئۈچۈن قۇربانغا رازى بولسا كىم،
ئەمما ئەلدىن ئۆزگىچە ئەرك - ئىمتىيازى بولمىسا.

1980 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

## بىر ئۆمۈر ۋارىس بولاي

(ئۇستازىم نىم شېھىتنى ئەسلەپ)

جان تەسەددۇق ئەيلىدىم نۇرلۇق باھار، يازىمغا مەن،
سۆيگۈنىڭ تارىنى سالدىم خۇش ناۋا سازىمغا مەن،
سىڭدۈرۈپ مېھرىڭنى ياش كوڭلۇمگە، ئاۋازىمغا مەن،
نۇسخا ـ ئەندازە ئېلىپ ئۇرلەشتە پەرۋازىمغا مەن،
جور بولۇپ ئېيتتىم غەزەل سەن پەخرى ئۇستازىمغا مەن.

سەن ئىدىڭ گۈلشەنگە ئاشىق ـ ئىشقىۋاز بۇلبۇلگويا،
سايرىدىڭ خەندان ئۇرۇپ تاڭ پەيزىدە گۈلباغ ئارا،
بىغۇبار قەلبىڭ ــ سىيادان، قانلىرىڭ ــ ئۇچمەس سىيا،
چاچقىنىڭ زەر، مەرۋايىت، ئۇستۇرگىنىڭ مېھرىگىيا،
ئىستىدىم بولماقنى ۋارىس سەن كەبى نازىمغا مەن.

كۈيلىرىڭ نەزمە سارايىنىڭ نۇرەپشان پانۇسى،
ھەر قۇرۇڭدا پارلىغان ئەلنىڭ مۇھەببەت ـ سۆيگۈسى،
ئۇرلىدى قەلبىمدە ساپ ئىخلاس، ئەقىدە تۇيغۇسى،
سەن ماڭا توككەن ئىدىڭ ئارزۇ، ئىشەنچ دۇردانىسى،



بايدا ئاستانەڭگە بارغان چاغدا خۇش تازىمغا مەن[1].

شىرىنى پەرھادىنى باشلاپ ئۆزى بىر كەلسە دەپ،
نەزمە ـ داستان بابىدىن بىر رەت يەنە دەرس بەرسە دەپ،
لەۋزىدىن كوڭلۇم بېغىغا لالە ـ رەيھان تەرسە دەپ،
ھەم ئۆزى تىككەن كوچەتنىڭ مېۋىسىنى كورسە دەپ،
گۈل ـ نەقىش چەككەن ئەمەسمۇ دىل پايانداز‌ىمغا مەن.

بەردى ھىجراندىن خەۋەر جۈت پەسلى مۇڭلۇق كۈيچى قۇش،
ئاھ دىدىم، گويا شۇ دەم تەگدى يۈرەك ـ باغرىمغا مۇش،
كويدى جان ـ جىسمىم بولۇپ گوياكى ئوت كەتكەن قومۇش،
چاقپىلەكتەك يەر ـ زىمىن ئايلاندى، مەن بولدۇم بىھۇش،
ئاھ، چىداي قانداقمۇ سەندەك بىر غەزەلخانىمغا مەن!

ئاھ، ئەجەپ كۈنلەر ئىدى، ھەر ياندا ھىجران قايغۇسى،
پايدىكەش قاسساپقا ياغ، قوي، ئۆشكىگە جان قايغۇسى،
ئۇچتى، ئەي ئۇستاز، سېنىڭ ئۆمرۈڭ ـ ھاياتىڭ پانۇسى،
ئىنتىقام!... ئۇچمەس يۈرەكتىن بۇ قىساسىنىڭ تامغۇسى،
ئوق ئۈزەي شۇم قاتىلىڭغا ــ توت ياۋۇز زالىمغا مەن!

---

[1] 1962 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە مەرھۇم ئۇستازنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولغان ئىدىم.

ھەق سوزۇڭ، باسقان ئىزىڭدىن قايتمىدىڭ ياۋ ئالدىدا،
پۈكمىدىڭ قەددىڭنى قانلىق نەيزە-سىداۋ ئالدىدا،
سەن دىدىڭ ئۆلگەنگە تەڭ مەڭدەشنى قورشاۋ ئالدىدا،
قەھرىمان پەرھات ئىدىڭ سەن تەلۋە خىسراۋ ئالدىدا،
خىسلىتىڭنى سىڭدۈرەي جىسمىم بىلەن جانىمغا مەن،

ئىبىخ، بۈگۈن نۇرلاندى يۇرت، زۇلمەتكە بىز قويدۇق چېكىت،
ئەل ئىناق، تىنچ، شات-خورام، ھەرياندا توي، ھەر كۈندە ھېيت،
ناز بىلەن كۈلدى قىزىلگۈل، باشلىدى بۇلبۇل بېيىت،
نەدە سەن، ئەي نەزمىمىزنىڭ پىشىۋاسى نىم شېھىت؟
بىر ئۇمۇر ۋارىس بولاي ئارزۇ ۋە ئارمانىڭغا مەن،

1979-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.





## ئاھ، مېنىڭ ۋەتىنىم

(«قۇياش قىزى» داستانىدىن)

قۇياشلىق ئەل-ئۇلۇغ جۇڭخۇا، غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، شانىم،
مادارىم، تەندە دەرمانىم، مېنىڭ نۇرلۇق ھايات شامىم،
مۇرادىم باغۇ-بوستانى، گۈزەل ئىقبال، بەخت كانىم،
ساڭا باقسام بۈگۈن ئورلەپ تاشار پەريادۇ-ئەپغانىم،
بېشىڭغا چۈشتى نى قىسمەت، ئەلەملەر، ئەي قەدىردانىم!

جېنى بار، ھالىدىن كەتكەن بىھوش سەن، ئەي ئانا، ئەيىنى،
ساڭا ئىچكۈزدى كىم مۇنداق ئېزىتقۇ جامىدىن مەينى؟
قولىغا ئالدى كىم قايچا كېسىش، قىرقىش ئۈچۈن پەينى؟
خەتەرلىك ئالدى بۇ ئىشنىڭ، قاباھەت قانچىلىك كەينى،
بىلەمسەن، ئەي ئانا، غەمخور، ۋاپادارىم، كويۇمچانىم؟

يېقىلدى ئوت، ئەسەر كويدى، باھاسىز زەر، گوھەر كويدى،
بىلىم، سەنئەت، ھۈنەر كويدى، ئىجاتكار ئەجرى — تەر كويدى،
ئەقلىنىڭ جەۋھىرى كويدى، گوياكى جان-جىگەر كويدى،
ساڭا سادىق، پىداكار نەۋجۇۋان، مەردانە ئەر كويدى،
نىچۈن كويمەس ئاشۇ ئاتەش ئىچىدە بۇ يۈرەك-جانىم؟

قەيەردە ـ نەدە قىپقالدى تۇزۇم ـ قانۇنى دولەتنىڭ؟
خەتەر گىرداۋىدا بەختى، هايات تەقدىرى مىللەتنىڭ!
كۇنى تۇغدى جاهالەتنىڭ، ئاسارەتنىڭ، قىيامەتنىڭ،
جىدەلخور، تەلۋە، كاززاپنىڭ، خوشامەتچى هاماقەتنىڭ،
نىچۇن تاشماس، ئانا، ئەمدى مېنىڭ بۇ سەۋرى ـ پەيمانىم؟

نە هالدا، ئەي ئانا، ئېيتقىن، تۇمەن مىڭ ياخشى رەهبەرلەر،
گىياسىز چول، داۋان ـ تاغلار كېسىپ ئوتكەن مۇنەۋۋەرلەر،
نە هالدا چاچلىرى قاردەك ئاقارغان قەلبى گوهەرلەر،
تۇمەن توسقۇننى گۇم قىلغان باهادىر جەڭچى ـ قەيسەرلەر؟
كوزۇمدە دەرت ـ ئەلەملىك ياش، ئەجەپ قايىنايدۇ ۋىجدانىم!

ئۇلار توككەن ئەمەسمۇ سەن ئۇچۇن قان ـ تەر چېلىش ـ جەڭدە؟
نىمىشقا يۇز ـ كوزى ئەمدى بويالدى قاپ ـ قارا رەڭدە؟
نىمىشقا كىيگىنى شۇنچە هاقارەتلىك كۇلا ـ جەندە؟
نىمىشقا دەل ئۇلار زىندان ـ قەپەزگە مۇپتىلا بەندە؟
نىمىشقا تاشمىسۇن باقسام ئۇلارغا نالە ـ پەريادىم؟

رىلىسلار دات بېسىپ كەتكەن، گۇدۇكنىڭ ئۇن ـ ساداسى يوق،
قاراڭغۇ خاڭ ئىچى، سانسىز چىراقىنىڭ نۇر ـ جۇلاسى يوق،
ئېتىزلار قويىنى قاخشال چول، خوشال ئەمگەك ناۋاسى يوق،



بىلىم گۇلزارىنىڭ باغۋەن، گۇلى يوق، خوش هاۋاسى يوق،
نە هالغا يار ـ گىرىپتار سەن، مېنىڭ ئەي جانۇ ـ جانانىم!

ئۇلۇغۋار سەن، سويۇملۇك سەن، سېنى ئامراق ئانام دەيمەن،
گۇزەل چېهرىڭدە نۇر كورسەم، ئوزەمنى شات ـ خورام دەيمەن،
كوزۇڭدە تامچە نەم كورسەم، تىرىك يۇرمەك هارام دەيمەن،
"سېنى دەپ جەڭدە كوز يۇمسام، مۇرادىم هەل تامام دەيمەن"①
قۇرۇپ كەتسۇن چېكىنسەم جەڭ سېپىدىن كوممۇنىست نامىم!

1979 ـ يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

① بۇ مىسرا م. رەهىمنىڭ «ئولمەس ئانامغا» شېئىرىدىن پايدىلىنىلغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مامۇت زايىت

## خەلقىم

سېنى ناخشامدا كۈيلەيمەن، ئانامدەك مېھرىۋان خەلقىم،
بۈيۈك تارىخ بىنا قىلغان ئىجاتكار، قەھرىمان خەلقىم.

يۈرەكنى جام قىلىپ ھۆرمەت شارابىنى ساڭا تۇتتۇم،
بۇ سۆيگۈم قەترىدۇر گويا سېنىڭ مېھرىڭ قىيان، خەلقىم.

ئانامسەن ماڭا سۈت بەرگەن، پىرى ئۇستاز بىلىم بەرگەن،
سۆيۈملۈك غەمگۇزار دوستۇم، ۋاپادار، جانىجان خەلقىم.

قۇچاغىڭدەك ھامان ئىللىق پايانسىز كەڭ قۇچاق قايدا،
تېنىمدە جان، كۆزۈمدە نۇر، تومۇرلار ئىچرە قان خەلقىم.

ئاياز، جۇت پەسلىدە قىلدىڭ ۋۇجۇدۇمنى گويا ئاتەش،
تومۇزدا باغۇ-بوستاندەك بېشىمغا سايىۋان خەلقىم.



ئىجادىمغا بولۇپ چەشمە، يېتىشتۇردۇڭ قىلىپ نازىم،
ئەقىل، ئىلھام، قانات بەردىڭ، ماڭا ئەجرىڭ جاھان خەلقىم.

قەدىم "كارۋان بۈيۈك" تاپتى پۈتۈن يەرشارىدا شۆھرەت،
ئاڭا بەردىڭ كى ئەجرىڭدىن ئاۋاتلىق ھەمدە شان، خەلقىم.

قىلىپ سەن ئىختىرا مەشۇت، پورۇخ، مەتبە ۋە قەغەزنى،
قەدىمى مەرىپەت بابىدا بولدۇڭ ئاسمان، خەلقىم.

ياراتتىڭ شاھ مۇقاملارنى، ئىجاتكارنى، ئۇلۇغ زاتنى،
ھىمالاياسى سەنئەتنىڭ، ئەدىپ، ئالىمغا كان خەلقىم.

جاھان تارىخىدا چاقنار سېنىڭ مول، بىباھا تۆھپەڭ،
بۇ تۆھپەڭ يەتتە ئىقلىمدا بولۇپ كەلدى ئايان، خەلقىم.

تالاي كەچمىشلىرىڭ باردۇر، ئۇنى سۆزلەيدۇ قامۇسلار،
گوھەر ئالدىڭ بۈگۈن تاشتىن، باھادىر، ئارسلان خەلقىم.

ئاجايىپ مەنىلىك پەيزى جاپانىڭ قەنتىنى چاقماق،
رىيازەت ھەم ھالاۋەتكە باراۋەر ئاشىيان خەلقىم.

ساڭا خىزمەتتە بولماققا قومۇشتەك باغلىدىم بەلنى،
بۇ يولدا جان نىسار قىلماق ماڭا توي ھەر زامان، خەلقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كورگىلى

كىم ھەۋەس قىلماس خوتەندەك گۈل دىيارنى كورگىلى،
بۇ دىيارنىڭ باغرىدا كۈلگەن باھارنى كورگىلى.

تاغلىرى گۈل، دەشتى گۈلشەن، بولدى زىبا قامىتى،
بارچە شەيدا بۇ كەبى قەددى چىنارنى كورگىلى.

ئەرلىرى پەرھات، شۇڭا مەپتۇن زامان شىرىنلىرى،
بۇندىكى تاش كەسكۈچى-بىستۇن قازارنى كورگىلى.

قارىقاش① ھەمدە ۋاپايى② كۈيلىگەن جەننەت مۇشۇ،
بولمىغاي پەرۋانە كىم بۇيى ئىپارنى كورگىلى.

نەزمىكەشلەر ھەر كۈنى قىلغاي زىيارەت باغرىنى،
نوبىتى③ دەك زەپ گۈزەل داستان يازارنى كورگىلى.

قالدى تارىخ يوللىرىدا بۇ قەدىم يۇرت شوھرىتى،
كەلدى جياڭ چيەنمۇ يىپەك يولى بازارنى كورگىلى.

①②③ ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرى.



رۇمغىچە ئۇ كەڭ جاھان ئەھلى ئەجەپ خۇشتار ئىدى،
بۇندىكى قاش تاش، گىلەم، ئەتلەس، تاۋارنى كورگىلى.

بۇ گۈزەل يۇرت خەلقلىرى خالۋاپ ۋە نەققاشلىق پىرى،
كەلدى كوپ سەيياھ نەپىس ئويما-مىمارنى كورگىلى.

قوشتى دۇنيا غەزنىسىگە بىباھا توھپە خوتەن،
بولدۇ ئەل چىھرىدە شان، ئىپتىخارنى كورگىلى.

چالدى ساز، تارتىپ مۇقام، تويلاشتى يوقسۇل بەخت بىلەن،
باشلىدى ھەركىمسە يۈكسەك ئىپتىۋارنى كورگىلى.

بارچە پەسلى خۇددى كوكلەم، يۇرت گۈزەل، پارلاق ئومۇر،
سەيرى ئەت قىلساڭ ھەۋەس گۈل-لالىزارنى كورگىلى.

بۇ دىيارنىڭ شائىرى بولماق غۇرۇرۇم، ئارمىنىم،
كىم ئەمەس زوقمەن مېنىڭدەك بەختىيارنى كورگىلى.

1979 - يىل ئوكتەبىر، خوتەن.

# قەشقەر مۇھەببەتى

(سېكىل)

## سالام

مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم سەن، مىسالى ئۇز ئانام قەشقەر،
ئۇزۇن يىل تۇز بېرىپ باقتىڭ دىبان: "ئامراق بالام" قەشقەر.

كېلىپ ئۇن يەتتە ياش چاغدا، كى ئۇت-تۇز بىردە ئايرىلدىم،
يۇرەكتىن چىقمىغاي ھەرگىز ئاشۇ يىللار تامام، قەشقەر.

گىلەم يۇرتىدا تۇرسامۇ، ئۇنۇتماستىن سېنى ھەردەم،
سابادىن ھەم قۇياشتىن يوللىدىم چىن ئېھتىرام، قەشقەر.

ئىجاتنى باشلىغان ئوغلۇڭ ئەزىزانە قۇچاغىڭدا،
سېنىڭ ئىشقىڭنى كۇيلەشنى ئۇ قىلماقتا داۋام، قەشقەر.

قوبۇل قىل قاش تېشى جامدا سۇنغان مەي-مۇھەببەتنى،
سېغىنغان قەلبىدىن مامۇت دىدى: ئوتلۇق سالام، قەشقەر!



## بوشۇك

سەن بولۇپ كەلدىڭ ئەسىرلەر مەردۇ-مەيدانىغا بوشۇك،
مەرىپەت شامىنى ياققان قانچە ئوغلانىغا بوشۇك.

بولمىغاي ھەرگىز خاتا ئېيتسام سېنى "پەن ئانىسى"،
چۈنكى قوينۇڭ ئىلمۇ-ھىكمەت ھەمدە ئىرپانىغا بوشۇك.

يوللىرىڭدا ناخشا ياڭرار، ھويلا، ئويلەردە شېئىر،
سەندىكى ھەر خانە نازىملىقتا سۇلتانىغا بوشۇك.

ئۇتتى گۇمنام، خىرقىتى، ئۇيغۇر، زەلىلى، غېرىبى،
قۇچىغىڭ مەھمۇت، يۇسۇپتەك پەندە چولپانىغا بوشۇك.

نۇز توكۇپ نىزارى "بۇلاق بېشى"①دىن چىققان چېغى،
ئەل سېنى دىگەن ئەمەسمۇ «خەمسە» داستانىغا بوشۇك.

يەر يۈزى ئالدى فارابى ئىختىراسىدىن بىلىم،
بەردى تارىخ ساڭا ئۇنۋان: "ئاقىل ئىنسانىغا بوشۇك".

---

① قەشقەرنىڭ مەھەللىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈيلىدى جانان كوچاڭدا رابىيە مۇڭ-زارىنى،
تاغۇ-دەشتىڭ نوزۇگۇمدەك قانچە جانانغا بوشۇك.

ئاتتى سېيىت نوچىدەك پالۋانلىرىڭ زۇلمەتكە مۇش،
بولدى شاۋقۇنلۇق تومەن دەرياسى ئىسيانغا بوشۇك.

ئەي گۈزەل قەشقەر، سۇپاتىڭ نەزمىسى يۇلتۇز گويا،
چۈنكى سەن دانىشقا، سانسىز شىرىيەزدانغا بوشۇك.

كۈيلىدى مامۇت سېنى شائىرلىرىڭنىڭ ئىزىدىن،
سەن ھامان قەلبىمدە ئاتقان شېئرى پونتانغا بوشۇك.

## مېھماندوست

ئاتالدىڭ، ئەي قەدىم قەشقەر، سېخى، مەردانە، مېھماندوست،
كى مېھماننى قىلىپ ئىززەت بولۇپ پەرۋانە مېھماندوست.

سېنىڭ قوينۇڭغا كەلگەنلەر گويا ئۆز ئۆيى دەپ بىلدى،
ئۇلۇغلاپ ماختىدى دائىم سېنى ھەريانە مېھماندوست.

كۇتۇپ كەلدىڭ رەپىقلەرنى ئەزىزلەپ توردە ھورمەتتە،
قىلىپ خىزمەت ماكان ئەيلەپ ئۆزۈڭ پەگانى، مېھماندوست.



غەرەزلىكلەرگە باغرىڭ تار، ئۇنى ھەرخانە قوغلايدۇ،
رەقىپنى تىغ بىلەن كۈتتۇڭ قىلىپ ۋەيرانە، مېھماندوست.

سېنىڭ تۇپراقلىرىڭ مۇنبەت، غەزىنە نازۇ-نېمەتكە،
كىشىگە ئەسلىتەر گۈلباغلىرىڭ مەئۋانى، مېھماندوست.

تاپار روزگارلىرىڭ بەركەت ھالال مېھنەت ۋە ئەجرىڭدىن،
بادام، ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇللىرىڭ يىگانە، مېھماندوست.

سېنىڭ ئاشپەزلىرىڭ سامسا، كاۋاپ، ئاشمانتىغا كامىل،
ئوماچنى ئېتىدۇ ھەتتا قىلىپ شاھانە، مېھماندوست.

ئۇسۇل ھەم ناخشا، ساز بىرلە قىزىيدۇ توي-توكۈن، ھېيتىڭ،
پەرى قىزلار ئالار دىلنى قىلىپ جەۋلانە، مېھماندوست.

ئۆتەر ئەلنىڭ كۆنى خۇشچاغ، بىلەر ئىشلەشنى، ئوينىشىنى،
راۋاپتىن رەستە، يول، باغچەڭ ئەمەس بىگانە مېھماندوست.

ئۆتەر ئۆمرۈڭ، ئىشىڭ مۇزىكىلىق گوياكى كىنودەك،
ساڭا دەسلەپتە كەلگەنلەر بولار ھەيرانە، مېھماندوست.

ئېسىمدىن چىقمىغاي زادى گۈزەل باغچەڭدىكى چاغلار،
كىيىكتەك ياپىرىغان مامۇت قىلىپ سەيلانە، مېھماندوست.

## قەشقەر قىزى

ھوسنۈڭ قۇياش، خۇلقۇڭ لېۋەن، ساھىپ جامال قەشقەر قىزى،
رۇخسار، لەتاپەت بابىدا تاپقان كامال قەشقەر قىزى.

خۇددى بۇلاق شەھلا كوزۇڭ، پىشقان توقاچ مەڭزىڭ-يۈزۈڭ،
قەدرىڭ گۈزەللىك بېغىدا شەمشات نىھال قەشقەر قىزى.

زۇلپۇڭ گويا سۇمبۇل سۈپەت، ئاۋازلىرىڭ بۇلبۇل سۈپەت،
غۇنچە لېۋىڭدىن توكۇلەر ھەر سوزدە بال، قەشقەر قىزى.

تەرىپلىسەم، ئاي-ھاي، سېنى، كۇندەش بىلەركەن ئاي سېنى،
ئالدىڭدا جەننەت ھورلىرى سەرسانە-لال، قەشقەر قىزى.

گۇلشەن ياسايسەن يىپ بىلەن، دوپپاڭدا ياشنايدۇ چىمەن،
ھەر ئىشقا ئەقلىڭ-ئىدرىكىڭ تاپقاي ئامال، قەشقەر قىزى.

سازدا نەپىس سەن ھەرقاچان، نەزمە يېزىشتا مۇتىرىبان،
پەن-مەرىپەت، سەنئەت ساڭا دائىم قورال، قەشقەر قىزى.

چالساڭ دۇتار بۇلبۇللار مەس، قىلغاي يىگىتلەر چىن ھەۋەس،
كىرگەي رۇجەكتىن خەت ئىلىپ ئەلچى شامال، قەشقەر قىزى.



سەندە ئىسىل خىسلەت-ۋاپا، چىن ئاشىقىڭ كورمەس جاپا،
گۇللەيدۇ ئۆمرۈڭ بېغىدا بەختۇ-ۋىسال، قەشقەر قىزى.

شەنىڭنى كۇيلەپ، ئەي گۈزەل، مامۇت ساڭا سۇندى غەزەل،
چۇشسە نىگاھىڭ نەزمىگە، يادىڭغا ئال، قەشقەر قىزى.

## ئوغلۇمغا

توكۇلدى مۇشۇ قەشقەر بېغىغا كىندىك قېنىڭ، ئوغلۇم،
دىمەككى، بۇ گۈزەل تۇپراق ئانا يۇرت—ۋەتىنىڭ، ئوغلۇم.

يۇسۇپ ياتقان بوشۇكتە ياتقۇزۇپ تەۋرەتتى مۇتىرىبان،
ئەزىزلەپ باقتى، چوڭ قىلدى، ئاناڭ بولدى سېنىڭ، ئوغلۇم.

گودەكلىك چاغلىرىڭ گۇلدەك چىرايلىق، تېچ-ئامان ئۆتتى،
ئىلىم-پەن ئەھلى بولسۇن دەپ يىدى ئەل-يۇرت غېمىڭ، ئوغلۇم.

قۇلاقتىن سەمرىدىڭ نادىر ھىكايە، ناخشىلار ئاڭلاپ،
ئوزۇق، سۇت ئالدى سەنئەتتىن ۋۇجۇدۇڭ-بەدىنىڭ، ئوغلۇم.

بۇگۇن ياشلىق قۇرامىڭغا يېتىپ، داشۇيگە يول ئالدىڭ،
تالاي سىرلارنى يەشمەككە جاۋاپكار قەدىمىڭ، ئوغلۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسرى دەۋرىمىز پەننىڭ، زامان پەن ئەھلىگە مۇھتاج،
خەلققە سەرپ ئېتىلسۇن بارچە تەر ـ ئەجرىڭ، قېنىڭ، ئوغلۇم.

كى ئۇلسەم ئىزلە روھىمنى خوتەندىن ھەمدە قەشقەردىن،
خەلقنىڭ شەنىگە داستان ياراتسۇن قەلىمىڭ، ئوغلۇم.

1980 ـ يىل مارت، خوتەن.





## ئۈژمە ھەققىدە مۇخەممەس

باتۇر، ئەمگەكچان، ئىجاتكار خەلقىمىزنىڭ
دۇنيا مەدىنىيەت غەزنىسىگە قوشقان بۈيۈك
تۆھپىلىرىنى ئويلىغىنىمدا، ئاجايىپ خىسلەتلىك
ئۈژمە دەرىخى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ...

كى جەننەت گۈلشىنىنىڭ كوركى ھەم سۇلتانىدۇر ئۈژمە،
نەجەننەت، بەلكى ئالەم بېغىنىڭ خاقانىدۇر ئۈژمە،
تېپىلماس ئاڭا تەڭداش دەل ـ دەرەخ، يىگانىدۇر ئۈژمە،
پەزىلەت ھەمدە بايلىقتا سېخى، مەردانىدۇر ئۈژمە،
ھۈنەر، سەنئەت، سانائەتنىڭ بىساتى، كانىدۇر ئۈژمە.

ئانا يۇرتۇم دىيارىدا ئۇسۇشنى ئۇ غۇرۇر بىلدى،
ئۇنىڭ تۇپراغىدىن كەۋسەر ئىچمىشنى چىن ھوزۇر بىلدى،
بۇ يۇرتنى بارچە ئىقلىمدىن گۈزەل ھەمدە پۇزۇر بىلدى،
جەسۇر خەلقىمنى پەن، سەنئەت، ئىجات بابىدا زور بىلدى،
ھۈنەرۋەن ئىشچى ـ پەرھات، شىرىنى ـ جانانىدۇر ئۈژمە.

ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى ئەل ئارا بىر ـ بىر بايان قىلسام،
ئۇزۇن يىللىق كەچۈرمىش تارىخىنى ھەم ئايان قىلسام،

بۇنى ئۇستۇرگۇچىنىڭ شەرىپىنى ئاسمان قىلسام،
ياراتقان توھپىسىنىڭ تەرىپىنى داستان قىلسام،
تالاي شائىر، ئەدىپلەرگە ئىجات ئىلھامىدۇر ئۇژمە.

كېرەكسىز ھېچ يېرى يوق بۇ دەرەخنىڭ، دوستلىرىم، زىنھار،
ئۇنىڭ تەن گەۋدىسىدىن ياسىلار تەمبۇر، غىجەك، دۇتار،
يۇرەكنىڭ تۇيغۇسى بولغاي بۇ خىل ساز كۈيىدىن ئىزھار،
ئاشۇ بائىس بىلەن خەلقىم مۇقامدا بولدى بىر سەردار،
مۇزىكا ـ ساز خۇرۇجى، ئەڭ ئىسىل دۇردانىدۇر ئۇژمە.

بۇ يۇرتتا نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى بولغان ھۇنەر پەيدا،
فارابى ھەم يۇسۇپ، مەھمۇت كەبى ئۇستاز پەدەر پەيدا،
بولۇپ لۇتپى، ئاتايى ھەم قىدىرخاندەك گوھەر پەيدا،
مۇقام ـ كۈي ئىقلىمى قىلدى ئۇلۇغ كەشپىتىن خەۋەر پەيدا،
ھۇنەر ـ سەنئەت بېغىنىڭ ئەڭ قەدىم بوستانىدۇر ئۇژمە.

ئۇنىڭ قوۋزاغىدىن خەلقىم ياساپ قەغەزنى دەسلەپتە،
كى ئاچتى بىر ئىرا تارىخ يولىدا پەندە، سەنئەتتە،
بۇ كەشپ يۇرتۇمنى ئالەمگە تونۇتتى شانۇ، ھورمەتتە،
تۇغۇلدى كوپ ئۇچايلىق يۇكسىلىشكە باسمىدا، خەتتە،
دىمەك، قەغەز تەۋەللۇت قىلغۇچى بىر ئانىدۇر ئۇژمە.



ئاشۇ قەغەزگە قوندۇردى ئىجات چولپاننى ئەجدات،
ئاشۇ بائىس بىلەن بولدى ئىلىم ـ پەن باغلىرى ئاۋات،
يوقالماق خەۋپىدىن سەنئەت قۇتۇلدى، بولمىدى بەربات،
ئېلىپ دەرس شاھ ئەسەرلەردىن، ئۇزۇلمەي باستى ئىز ئەۋلات،
ئۇزاق تارىخىي ئەمگەككە گۇۋا ـ يادنامىدۇر ئۇژمە.

بۇ ئۇژمە ياغىچى تارىختا ئەلگە ئوق ـ ساداق بولغان،
كىيىك ئوۋلاشتا سەييادلار ئۇچۇن قاپقان ـ توزاق بولغان،
گىلەمچى دەستىگاھى، تامچىغا ئەندۇ، قالاق بولغان،
ئىسىل شاھانە ئوردا ھەم نەقىشلىك ئوي ـ راۋاق بولغان،
پۇتۇن تۇرمۇشقا لازىملىق جاھاز ـ سايمانىدۇر ئۇژمە.

ئۇنىڭ ياپراغى پىلە قۇرۇتىغا ئاش ـ ئوزۇق، نانىدۇر،
نەئاشكى، جىسمىنى ئالەمدە مەۋجۇت قىلغۇچى جانىدۇر،
ئۇ بولغاچقا يىپەكنى كەشپ ئېتىشتە ئەلگە ئىمكانىدۇر،
شۇ خىسلەتتىن بۇ يۇرت "كارۋان بۇيۇك" نامىنى ئالغاندۇر،
يىپەكتە ئەتكۇچى تەمىن جاھان كارۋانىدۇر ئۇژمە.

بۇ يۇرتنىڭ پىلە، مەشۇتى پۇتۇن دۇنيانى لال ئەتتى،
كى خەلقىم ئالدىدا ھىندۇ، پەرەڭ قەددىنى دال ئەتتى،
تاۋار، ئەتلەسلىرىن كىيگەن گۇزەللەرنى ھىلال ئەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساياھەت، سودا ئەھلىنىڭ بۇ يەرگە قەدىمى يەتتى،
گوياكى خەلقارا رىشتە، كوكۇل مەيلانىدۇر ئۇژمە.

ئۇنىڭكى مېۋىسى شىرىن، ئەجەپ لەززەت بېرەر تەنگە،
شىپا ھەر خىل كېسەللەرگە، بېرەر قۇۋۋەت بىلەك، بەلگە،
كى ئۇتمۇشتە سېرىق تال كۇنلىرى بولغان غىزا ئەلگە،
ئىلىنماس ئۇژمىنى يېگەن كىشىدىن ھېچقاچان تەڭگە،
مۇساپىر ھەمدە يوقسۇلنىڭ ئوزۇق-دەرمانىدۇر ئۇژمە.

كەچۇردى بېشىدىن ئۇژمە ئۇزاق دەرتلىك زامانلارنى،
كورۇپ سانسىز ئىجاتكارنى، تالاي جاھىل نادانلارنى،
كوچەت تىككەن كىشى چەككەن ئۇ چاغ پەريات-پىغانلارنى،
بېقىپ ئەجرىدە سەمرىتكەن خوجا، ئىشانۇ، خانلارنى،
ئۇ تارىخنىڭ مۇناسىپ شاھىدى، داستانىدۇر ئۇژمە.

كېلىپ ئازات زامان، بولدى ئىلىم-پەن قايتىدىن جارى،
كوتەردى قەد قەدىم يۇرتنىڭ ھۇنەر-سەنئەت ئىجاتكارى،
كوكەردى ياشىرىپ ئۇژمە، ئۇنى ئوستۇردى مەرت يارى،
جىمى ئەل بولدى ساز، ئەتلەس، ئىسىل مەشۇت خېرىدارى،
جاھان بازارلىرى ئىچرە تۇۋار چولپانىدۇر ئۇژمە.

بۇگۇن ئوستى باراقسان تاغۇ-چول، باغلار ئارا باشناپ،
بولۇپ ياپراقلىرى زۇمرەت، قېرى غول، يىلتىزى شاخلاپ،



قازاندى خەلقارا شوھرەت يىپەك، ساز نۇرلىنىپ چاقناپ،
بۇ يۇرتنىڭ مەرتلىرى ماڭدى سەپەرگە چوڭ قەدەم تاشلاپ،
ۋەتەننىڭ شەرىپى، ئەلنىڭ غۇرۇرى، شانىدۇر ئۇژمە.

1980 - يىل خوتەن.



## مەھەممەت شاۋدۇن

# كېپىنەك ۋە گۈل-چېچەك

بەسلىشىپ تەڭ ئېچىلىپتۇ باغدا ھەر خىل گۈل-چېچەك،
خۇددى گۈل كورگەزمىسى دەيسەن ئۇنى قىلساڭ كورەك.

بىر بىرىدىن ئۇزگىچە خۇش بۇي، چىرايلىق شۇنچىمۇ،
ھەر چېچەكنىڭ ھوسنىگە ئاشىق ئىكەن مىڭ كېپىنەك.

گۈلگە تەشنا كېپىنەك تويمايدۇ گۈللەرنى سويۇپ،
گۈل بىلەن تەڭ يايرىدى تاپقاچ ۋىسال ئارزۇ-تىلەك.

تولغۇسى باغ گۈل-چېچەكنىڭ پەيزىگە ئەمدى راسا،
كېپىنەك، سەن ئەمدى مەڭگۇ گۈل بىلەن بىر قوشكېزەك.

1978-يىل ئىيۇل.



# تارىم

سەير قىلدىم مىنىپ ئىلھام قۇشىغا كەڭ دالا-تۈزنى،
جىمىكى يەر-زىمىن چوغدەك ياسانغان چاقنىتىپ كوزنى.

گويا كورگەزمىسى تارىم گۈزەللىكىنىڭ، ئۇنىڭ قوينى —
سالار ئەسكە قانات كېرىپ يېيىلغان مىڭلىغان تۈزنى.

قانال، كوللەردە بىر تەكشى چىمىرلار گۈل-چېچەك ئەكسى،
تونۇپ بولماس كېچە سۈسىز چاكىلداپ ئىڭرىغان بوزنى.

زىمىنمۇ ياكى سۈرەتمۇ، پىچىرلايمەن ئېتەلمەي پەرق،
ئىشەنمەك تەس دىسە: "ئەسلى بۇ يەر چولتى" دىگەن سوزنى.

بىسىپ قۇم، جۇت-بوران ئۇچقان ئىدى بۇ يەردە ئوتمۇشتە،
ئەمەس كورگەن غېرىچ سايە چۇشۇرگەن لويلا، ياپۇزنى.

بۇگۇن قايتا تورەلگەندەك بۇ يەر چەكسىز يېشىل دۇنيا،
كورۇنمەس قۇم دوڭى، چولپان قىلىپ باقساڭمۇ جۇپ كوزنى.

www.uyghurkitap.com

پايانسىز باغ، ئېتىز تولغان تۈمەن خىل مېۋە-نېمەتكە،
گۈپۈلدەر خۇش ھىدى كوككە قىلىپ مەس ئاي ۋە يۇلتۇزنى.

قويۇق ئورمان-يېشىل قورغان سوزۇلغان قىر ۋە يول بويلاپ،
ئەمەس مۇمكىن بېسىپ ئۆتمەي شاماللار بۇندا تورمۇزنى.

بولۇپ جەم بۇندا يەر خىللاپ ئۆگەنگەن گۈل خۇمار قۇشلار
قىزىتقان شات-خورام بەزمە ئۇلاپ تۈنلەرگە كۈندۈزنى.

قولىدا نەنئىۋەن كۆلگەن قوشۇن بۇ بەھرىسىز يەرگە
ئاتا قىلدى گۈزەل كوكلەم، سېخى ياز، مولچىلىق كۈزنى.





ئەزىز نىيازى

## جەڭچى بولدۇم

چىللىدى باتۇر قوشۇنغا ۋەتىنىم، دەۋرىم مېنىڭ،
جەڭچى بولدۇم، شاتلىغىمدىن يايرىدى قەلبىم مېنىڭ.

ئاۋلىنار يالقۇندا ئالتۇن، چېنىقارمەن گاڭ بولۇپ،
جەڭگىۋار سەپكە ھاياتىم، بارلىغىم تەقدىم مېنىڭ.

پارتىيەم-پارلاق قۇياشتىن نۇر ئېمىپ ئاچسام چېچەك،
خۇش پۇراق چاچسام باھاردەك، شاتلىنار خەلقىم مېنىڭ.

ئەل بىلەن ئالسام نەپەس، ئەل-يۇرت ئۈچۈن چەكسەم جاپا،
ئەيلىسەم بوراندا پەرۋاز شان-شەرەپ، بەختىم مېنىڭ.

باغلىدىم مەھكەم بېلىمنى، چىڭ تۇتۇپ مىلتىقنى مەن،
جان تىكىپ چېگرا رايوننى قوغدىماق ئەھدىم مېنىڭ.

1973-يىل ئاۋغۇست.

## تۇرغان شاۋدۇن

### بىزنىڭ ئېتىز

گۈل باھار يايدى يەنە بىزنىڭ ئېتىزغا كەڭ قۇچاق،
ۋادىنى بويلاپ ئۇچۇپ چاچتى شاماللار خۇش پۇراق.

ناخشىمىز دولقۇنلىنىپ يەتتى پەلەكنىڭ قەرىگە،
كەشتىلەپ ئېتىزنى بىز ياپتۇق گويا گۈلدىن قۇراق.

ياپ-يېشىل، چەكسىز دېڭىزغا ئوخشىغاي بىزنىڭ ئېتىز،
چايقىلار ئۇرسا شامال دولقۇن ياساپ بۇغداي، قوناق.

خۇددى يەلكەندەك ئۈزۈپ ئىشلەيدۇ ئۇندا قىز-ئوغۇل،
ئەسلىتەر توي مەركىسىنى ياڭرىغان ناخشا-قوشاق.

سەيلىدىن ئەلا ماڭا شۇ سەپتە تۇكمەك ئۇنچە تەر،
جۇش ئۇرار غەيرەت-كۈچۈم قەلبىمدە ئۇرغۇپ ئىشتىياق.



شان-شەرەپ مەيدانى بۇ، تەرىپلىمەك تەس سوز بىلەن،
ئاققۇسى ئوخچۇپ بۇنىڭدىن مول ھوسۇللۇق چەش-بۇلاق.

1979-يىل ئىيۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇقام

سىمچىگىڭنى قولغا ئالدىڭ ھەم ماڭا باقتىڭ قىيا،
— باشلىساق سازنى مۇقامدىن بارمۇ خۇشتۇڭ، — دەپ گويا.

بولمىسۇن خۇشتۇم نىچۈن تۇرسا مۇقام دەستۇر ماڭا،
باشتىلا سىڭگەن مېنىڭ قەلبىمگە ئۇ بولۇپ زىيا.

ھىسسىياتىمغا قانات بەردى مۇقامى، نەغمىسى،
ھىسلىرىم قىلغاندا پەرۋاز، مەرغۇلى بولدى ساما.

كورىمەن داستاندىن مەردانىلەر قىسسەسىنى،
مەشرىۋى ئۇز شوخلۇغى بىرلە سۇنۇق دىلغا داۋا.

بىناۋا بولسام ناۋا چالماق ئەزەلدىن ئادىتىم،
مەي ئىچەرمەن ناگىھان ئەيلەپ سىگاھ بىرلە راۋا.

راك ماڭا راھەت بەخش، جانغا ھوزۇر مۇشاۋرەك،
مۇترىبىم ئۇشاق بىلەن ئىشق ئەھلىگە بولغاي گۇۋا.



ئەسلىگەچ ھەر دەم باياتنى چەكمىگەي قەلبىم پىراق،
يەتسە باشىمغا ھىجىر، قىلدىم ئەجەمنى دىلغا جا.

يارۇ-ھەمدەمدۇر ماڭا شۇ چارىگاھ، ئۇزھال، ئىراق،
پەنجىگاھىيۇ، چەبىيات قىلماقتا كۇندۇز-تۈن ناۋا.

كۇيلە، سازەندىم، بەلەنرەك، جۇر بولاي نەغمەڭگە مەن،
ئەيلىسۇن پەرۋاز مۇقام ئالەمنى كەزگەندەك سابا.

1981-يىل، ئوكتەبىر.

# سەنئەت

كۇڭۇلگە زوق بېرەر هەر دەم بولۇپ دىل هوزۇرى سەنئەت،
كۇڭۇلنىڭ ئۇزۇغى، دوستى ۋە كوركى، خۇشترى سەنئەت.

ئۇنىڭغا باغلىماي رىشتە خوشال ئوتكەن كىشى بارمۇ؟!
هاياتلىق گۇلشىنى ئۇزرە گۇزەللىكنىڭ پىرى سەنئەت.

ئۇنىڭسىز قىزىماس سورۇن، ئوتەر بىمەززە هەم تويمۇ،
خوشاللىق ئەۋجىگە چىقسا، شۇ ئەۋجى مۇنبىرى سەنئەت.

ۋە هەتتاكى ئولۇمگە هەم بارار ناخشا بىلەن مەرتلەر،
كىشى قەلبى، غۇرۇرىنىڭ نامايەن تەسۋىرى سەنئەت.

ياشار سەنئەت بىلەن خەلقىم بولۇپ بىر جانۇ، بىر گەۋدە،
قوشار جېنىڭغا جان هەم روھ شىپالىق كەۋسىرى سەنئەت.

تالاي ئەجدادۇ-ئەۋلاتلار هامان سەنئەتنى يار تۇتقاچ،
ئىلىم تارىخىنىڭ نۇرانە ئالتۇن بەتلىرى سەنئەت.



كىشىلىك تۇرمۇشى دائىم ئاڭا مەزمۇن بېرىپ كەلدى،
چاچار نۇر قانچە سۇرتكەنچە هاياتلىق ئەخترى سەنئەت.

ئەسىرلەر كوكسىدە ياڭراپ، ئوتەر يىل تاغلىرىن ھالقىپ،
يېتەر ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا بولۇپ تۇرمۇش خورى سەنئەت.

ئۇزۇلمەي ئوتسىمۇ يىللار، ئۇزۇلمەس يولى سەنئەتنىڭ،
تۇزەر ئۇز ئەھلىدىن كارۋان تېپىپ كوپ مۇشترى، سەنئەت.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەۋەسكار

ھەۋەس قىلماق يېتىشتۇرگەي ھەۋەسكارنى،
ھەۋەسسىز كىم تۇتار ئاشنا كەسپ-كارنى.

ھەۋەس ئىچرە شىجائەت كۆچى پىنھاندۇر،
ئەشۇ كۆچ تاۋلىغاي ھەر ئىشقا خۇشتارنى.

شۇڭا تاڭ ئەيلىمە ھەرگىز ھەۋەسكار گەر
بېرىپ تىل سايرىتار بولسا پولات تارنى.

ھەۋەس قىلغاچ كورەر گۈل ۋەسلىنى بۇلبۇل،
كۆيى بىرلە قىلىپ شادىيانە گۈلزارنى.

ھەۋەس بىر بىخ، نەبىخسىز كوكلىگەي گۈلزار،
قىلار بەرپا شۇ بىخ بەلكى چىمەنزارنى.

ھەۋەس بىرلە تۇتار ئىش مىڭلىغان ئەۋلات،
كورەر خەلقىم ئۇنىڭدىن تاڭلا سەردارنى.

ھەۋەسكار مەنمۇ كورمەككە جىمى سەپتە
ھىساپسىز چىن ھەۋەسكار ئىز باسارلارنى.



## تەلئەت ناسىرى

(ئوزبېك)

# لاللەر

لاللەر، ئەي لاللەر، تاغدا ئېچىلغان لاللەر،
ئويناشار گۈل بەرگىڭىزدە ئۈنچە-مارجان دانىلەر.

تاڭ سەھەر ئۇچقۇر سابالار بەرگىڭىزنى يەلپىتىپ،
خۇش ھىدىڭىزنى ئېلىپ كەلگەندە يايرار ۋادىلەر.

نەۋ باھار ئاشناسى سىزكى، كوڭلىمىز تەشناسى سىز،
سىز بىلەن ئويناپ كولەر باغلار ئارا پەرۋانىلەر.

بىر مەھەل ئاپەت، بورانلار سىزنى نابۇت ئەيلىشىپ،
شېخىڭىزنى دال ئېتىپ ئويناشتى قاغا-زاغىلەر.

نۇر چېچىپ قايتا قۇياش، گۈل پەسلىنى تاپقاندا سىز،
سىز تامان خەندان ئۇرۇپ ئېيتتى ناۋا دوست-يارىلەر.

تولدى باغۋەن ئەجرىدە گۈل - لالىگە ھەر يان بۈگۈن،
شاھى ئەتلەس رەڭگىدە ھوسۇن ئېلىپ كەڭ داللەر.

1979 - يىل ئوكتەبىر.





## ناخشىچى

قالدۇرۇپ بۇلبۇلىنى تاڭ، گۈلشەنگە باققان ناخشىچى،
باغ ئارا، گۈلزار ئارا بەختىنى تاپقان ناخشىچى.

سەھنىدە تۇرسا گويا بوستاندىكى بىر لالىدەك،
زوق بېرىپ رۇخسارىدىن ھەركىمگە ياققان ناخشىچى.

نەزمىگە جان كىرگۈزۈپ شېرىن ھەسەل، چىچەن تىلى،
خۇش ئاۋاز سېھرى بىلەن پەيۋەندە قىلغان ناخشىچى.

قەترە مەي بولسا ئاھاڭ ياقۇت پىيالە ئاغزىدا،
كەيپىدىن مەسخۇش ئېتىپ دىللارغا قۇيغان ناخشىچى.

سويگۈنىڭ ئوكيانىدا ئەيلەپ يۈرەكنى بىر بېلىق،
خۇلقىنى قارماق ئېتىپ مەيلىگە تارتقان ناخشىچى.

ناخشىسى قاينام بۇلاقتەك تۈگىمەس ئىلھام بولۇپ،
شائىرنىڭ قەلبىگە ھەرلەھزە ئاققان ناخشىچى.

1980 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# چاچتا ئاق

خەيرىيەت، ئالدى بېشىم تۇرمۇش كىتاۋىدىن ساۋاق،
ئالدىراپ قالدى يېشىم كىرگەچ ۋاقىتسىز چاچقا ئاق.

چاپتى يىل، ئۆتتى ئۆمۈر، قالدىم ئەقىلگە يار بولۇپ،
ئەلۋىدا، تەنتەكلىكىم كەتتى مېنىڭدىن كوپ يىراق.

چاپلىشىپ ئاپەت_بالا، سالغاندا شۇمپەنلەر زۇلۇم،
ئاچتى گۈل خەلقىم ئۈچۈن بەستىمگە تەككەن ھەر تاياق.

تەنلىرىم كۆلپەت ئىزى، دىلدا ئۈمىتنىڭ يۇلتۇزى،
كويىمدىم شۇڭلاشقا مەن، كار قىلمىدى ھەتتا دوزاق.

ياغسا قار ئاپپاق ئىرۇر رەڭدار تەبىەتنىڭ يۈزى،
نەۋ باھار كەلسە يەنە بارچە گىيا تاپقاي روناق.

ئاق بېشىم ئەگرى-توقاي يولنى كېزىپ تاپقاچ ئەقىل
يايرىغان قەلبىم دىدى: ئەمدى خوشال ئەركىڭگە باق.



دىمىگىن "ئاقۋاش يىگىت"، قەلبىمدە يوق داغ زەررىچە،
ئەلگە ئاق كوڭلۇم بېشىمدا چاقنىدى بولۇپ چىراق.

1981 - يىل.





www.uyghurkitap.com

ئەگەر كوڭلۈم تىلەركەن گۈل مىسالى ۋەسلى دىلدارنى،
كوڭۈل مۈلكۈمدە جاي تاپماس سېنىڭسىز بىر جانان سەندەك.

جېنىمنىڭ ئالدىدا بىر تال جېنىم سويگەن گىيا ياخشى،
تېپىلماس بۇ جاھاندىن ھېچ بېشىمغا پاسىۋان سەندەك.

پىدا بولسام، ساڭا قەۋرەم قىزىلسا تۇپرىغىڭ ئۈزرە،
ئامان بولسا بېشىڭ، مەنمۇ ئۇمۇرلۇك شادىمان سەندەك.

1978 ـ يىل ماي.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# ۋەتەن ھەققىدە قوشاق

ئۇلۇغ جۇڭخۇا مېھرلىك ئەل، ئانام بار مېھرىۋان سەندەك،
جىمى ئالەمنى مىڭ كەزسەم، تېپىلماس جانۇ-جان سەندەك.

يېڭى دەۋران تېگى بىرلە جامالىڭ مىسلى جەننەتتەك،
جاھان باغىدا كۆلمەستۇر يەنە بىر گۈلجاھان سەندەك.

چىمەنىڭ ئىچرە خەلقىم ئۆز مۇرادى بىرلە ئىلپەتتۇر،
قىلىپ مېھنەت بىلەن پەرۋىش، ياراتتى ھور ماكان سەندەك.

لەزىز نېمەتكە قويىنۇڭ باي، ئاقار مايدىن تۈمەن دەريا،
غەزىنەم بار تېغىڭ ئالتۇن، تېگى گوھەرى كان سەندەك.

ۋە مەيلى تاغ، دېڭىز ئاتلاپ باراي مەشرىققە، مەغرىپكە،
غۇرۇرلۇق بۇ بېشىم ئۈستۈن، ماڭا بار نام-نىشان سەندەك.

ئەگەر شائىرى مەجنۇنسەن، كورۇپ كەت بۇ مەئىشەتنى،
بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس جاھاننىڭ ھىچ يېرى كەچتە.

## قەشقەر باغچىسى

ئەنە لەيلى، ئەنە ئەترە، مىسالى گۇل بازارى بۇ،
گۇزەللىكتە تېڭى يوق باغ، بېھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ.

سىماپتەك كول گويا باغۋەن ئەزىز مېھمانغا تۇتقان جام،
ھىدى خۇش بۇي، خىيابانلىق، ئارامى جان خۇمارى بۇ.

ئېرىق بويلىرى مەجنۇنتال، سۇيى ئەكسىدە جۇپ شولا،
سەيىر ئەتمەكنى ئىستەر كىم، ئىسىل مەنزىل قارارى بۇ.

شېكەر شەنبە سامادا ئەل، ئاۋات يەكشەنبە ھەرئان كۇي،
نە كۇيكى دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن بۇلبۇل ئاۋازى بۇ.

قېنىق كوك چاي خۇمارى دىل، شىرىن سوھبەت كوڭۇل مەيلى،
ساتار بىرلە مۇقام تەشنا يۇرەك ئاشناسى-يارى بۇ.

شۇبۇ گۇلشەندە مەشرەپتە تەكەللۇپمۇ بىھاجەتتۇر،
كىمەرسە كەلسە توردىن جاي ئالۇرلەر، ئوز دىيارى بۇ.

## ئۈچ غەزەل

### قەشقەردە كەچ

ئەمەستۇرلاپ، دىسەم قەشقەر سەيىرنىڭ مۇنبىرى كەچتە،
گۈزەل ھوسنى شەپەق رەڭلىك شەرقنىڭ بىر گۈلى كەچتە.

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۈمەن دوپپا،
ياقار ھەركىم لىۋىگە لەب سائادەت دىلبىرى كەچتە.

سادا بەرسە راۋاپ تارى، قىلار بۇلبۇل غەزەلخانلىق،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ ھەر بىرى كەچتە.

چىلىشتىن شان ياراتقان كۈن ئۈچۈن تىللاردا ئالقىشلار،
ۋىسال ئاسماندا ئوينار مۇھەببەت كەپتىرى كەچتە.

ئىلىم.ئىشقىدا كويگەنلەر ئىجات ئاتلىق جانان ئىستەر،
تولار ھىكمەت نۇرى بىرلە كوڭۇلنىڭ دەپتىرى كەچتە.

ئويى يوقمۇ دىمە، رەستە بويىدا بەزمە قۇرغاننى،
بىرەر سۇلتان ھوزۇرىنى ساماۋار كەۋسىرى كەچتە.

بىرىپ ھىكمەت سۈيىدە دەم سوقارسەنكى قۇيۇچتىن تىغ،
نە تىغكى، سولتى ئەرنىڭ بىلىگە زەر كەمەر، ئۇستا.

ئۆتەر يىللار، لېكىن ئەجرىڭ بۈيۈك سەنئەتكە شاھىتتۇر،
نە شاھىت، شاھىدى تارىخ، يەنە تاپ شان-زەپەر، ئۇستا.

1979 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ھەۋەس قىلساڭ ياران، قەشقەر بېغىنى بىر تاۋاپ ئەتكىن،
بەخت جامىدا مەي يۇتقان ئازات ئەلنىڭ باھارى بۇ.

## قەشقەر ئۇستىسىغا

ھۇنەرۋەنگە پىرى ئۇستاز، قولى گۈل ئەي چەۋەر ئۇستا،
ئاياندۇر شوھرىتىڭ ئەھلى جاھانغا شۇ قەدەر ئۇستا.

سېنىڭ بىرلە ئاتالغاندۇر ھۇنەرلەر قىبلىسى قەشقەر،
سىڭگەردىڭ ئەل-ۋەتەن نامى يولىدا قانۇ-تەر ئۇستا.

ھۇنەر بابىدا ھەيراندۇر يېتۈك ئەقلىڭگە ئەپلاتون،
قارا مىس ئايلىنار زەرگە قولۇڭ تەگسە ئەگەر، ئۇستا.

ياسايسەنكى ياغاچتىن گۈل تىزىپ تۈرلۈكچە ساز ئەسۋاپ،
نە سازكى، كىم ئىشتىسە بىر ناۋا، بۇلبۇلمۇ دەر، ئۇستا.

چىمەن دۇپپاڭ چىمەنزارى بېرەر جەننەتكە ئەندازنى،
نە ئەنداز، پەردازى جەننەت گۈلىدىن بىنەزەر ئۇستا.

بېغىڭنىڭ لالىسىدەك ئۈز چېچەك نۇسخا نەپىس مۇنچاق،
نە مۇنچاق، چېھرىدە قىزنىڭ جۇلاسى نۇر-ھۆكەر، ئۇستا.

# خوتەن قەغىزى

ئارخېولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭ ۋە بەزى جايلاردىن قېزىۋېلىنغان تارىخ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر مەدەنىي مىراسلارنىڭ بىر قىسمى خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن. ئۇ ژۇرنال پوستىدىن ياسالغان بولۇپ ئاددى، ئەمما سوۋېتلىك قەغەز مىللى مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققى ئەتتۈرۈش ۋە تارقىتىش يولىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

— ئاپتور.

بېشىم قاتتى يازاي دەپ تاش①، گېلەمنى ياكى ئەتلەسنى،
ئاڭا باپ سوز، سۆپەت ئىزلەپ تۈگەتتىم يەتتە شام-كەچنى،
كى بىلدىم گۆلنى كۆيلەشكە جىمى قۇربۇممۇ يەتمەسنى،
ئەيىپ كورمەڭ، ئاساننى تاللىدىم تاشلاپ قىيىن-تەسنى،
بەخش ئەتتىم خوتەن قەغىزىگە ئاددى مۇخەممەسنى.

ساۋادىم بولسىمۇ بىر چاغ، بۇنىڭدىن كوپ نادان ۋاقتىم،
قاچانكى بىر قېلىن تارىخىي دەستۇردىن ۋاراق ئاچتىم،

---

① تاش — قاش تېشى. — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تارىمغا مۇھەببەت

سۆيۈگىنى ساپ، سۆزۈك دەيمۇ، بويۇگىنى تالۇ-بوستانلىق،
كەچۈر، بۇ پاك سۆيەتىگىنى يالا-يالغاندا ياپقانلىق.

باياۋاندىن ئاقارسەن، ئۇپقۇنۇڭ كورمەيدۇ ھىچ سايە،
سۆيۈگىدىن نەپ ئالۇر ئەمما ئىقىندىن پەستە چاتقانلىق.

ئىگىز تاغدىن غۇلاچ ئاتساڭ سىنىڭ ئالدىڭدا توسقۇن يوق،
يالاپ قىرغاقنى يول ئالساڭ، سۆيۈگىدە لايمۇ ئاققانلىق.

سۆيۈك لاي دەپ ئىچۈن تەركى مۇھەببەت ئەيلىسۇن ئوغلۇڭ،
مۇھەببەتتۇر ماڭا لاينى سۆرۈپ شىددەتتە ئاققانلىق.

تىرىكلىكتىن بىشارەتمۇ ئاشالماي قىر، سۆرەلمەي لاي،
يىشىل زۇمرەت كەبى چاقناپ سۆزۈك كولچەكتە ياتقانلىق.

1981 - يىل سىنتەبىر، ئۈرۈمچى.

شىرىن ئىشقىدا پەرھات يارىنى قانچە سېغىنغاندۇ؟
ئاڭا پاك سويگۈدىن قانچە سالام خەت ـ نامە يازغاندۇ؟
شۇ ئەرمەن پەرىسى مەشرىق يولىغا قانچە باققاندۇ؟
خوتەن قەغىزىنى قانچە يۈرەك ـ باغرىغا ياققاندۇ؟
ئاسان قىلدى غېرىپكە ئۇ جانان رۇخسارى ئىزلەشنى.

ئاۋابى ئىختىيار قىلسا ئەگەر كىم كۆي خۇداسىنى،
ئاشۇ قەغەز جەلپ ئەتتى ئۇنىڭ تۈنجى قاراشىنى،
جاكا قىلدى جاھان ئىچرە بوۋام مەخمۇت مىراسىنى،
كى تەڭ تارتتى دىۋان بىرلە قۇتاتماقنىڭ جاپاسىنى،
ئۆگەندۇق بىز شۇڭا تۈركى گۈزەل، ساپ تىلدا سوزلەشنى.

ئاۋايى ئۇندا ئىنساننى ۋاپا، ھەممەتكە چىللايدۇ،
نىزارى كۆلمىگەن سويگۇ گۈلىگە زارۇ يىغلايدۇ،
غەزەلخان نوبىتى سايراپ ئانا يۇرتنى ئۇلۇغلايدۇ،
قەلەندەرخانىدا مەشرەپ گويا شاھانە يايرايدۇ،
ئۆگەن دەپ ساپ مۇھەببەت ئالدىدا جان قۇربان ئەيلەشنى.

ئەمەسمىز پەن، ئەقىلدە كەم، ئاڭا تارىخ يېزىلغاندۇر،
ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئۇچۇن بەت ـ قۇر ئارا قانلار چېچىلغاندۇر،
شېھىت بولدى ھېساپسىز ئەر، ۋە لېكىن نامى قالغاندۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىجاتىنىڭ بابىدا ئۆزگە خەلق-ئەل نامىنى تاپتىم،
بوۋامنىڭ نامىنى، ئەپسۇس، تاپالماي نەچچە ئۇھ تارتتىم،
يوشۇرمايمەن ئۇ چاغ قەلبىمدىكى خورلۇق، ئەلەم، غەشنى.

ئۆتۈپ يىللار، يىگىت بولدۇم، مېنى پەن ئىنتىزار قىلدى،
بۈيۈك پەن كۈچ، ئەقلىنى بۇ نادان باشىمغا يار قىلدى،
ئەقىل دەستۇر پۈتۈلگەن بەت سىرىنى ئىختىيار قىلدى،
يېگىلدىم، شۇندا ئىلھامىم قەلەمنى بە قارار قىلدى،
پەرز بىلمەي نىچۈن بۇ توھپىكار قەغەزنى كۈيلەشنى.

خەرىتە ئالدىغا كەلدىم، جاھانغا بىر نەزەر سالدىم،
جاھانمۇ كەڭ ئىكەن، ياپىر! پايانىغا قاراپ تالدىم،
بىلەركەن شۇندىمۇ تارىم بوۋىمنى نەچچە ئەل، ئالىم،
سەۋەپ شۇكى، پۈتۈلگەنچە خوتەن قەغىزىگە نامىم،
تالاي يۇرت-مەملىكەت ئاتلاپ كېزىپ چىققان ئىگىز-پەسنى.

بۇ يۇرتتىن بىر زامان سودا، ئىلىم-پەن كارۋىنى ئۆتكەن،
ئېلگە مەرىپەتتىن يېپ-يېپەك ئەنداز ئېلىپ كەتكەن،
سېتىقتىن ئەھلى كارۋان خوش، پۇلى مالدىن ئېشىپ كەتكەن،
ئاشۇ سودا ھىساۋىنى خوتەن قەغىزىگە پۈتكەن،
بۇ قەغەز قانچە كەزگەندۇر ئىران، رىم ھەم ماراكەشنى.

# مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس

نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرىنىڭ ئاۋازى
ئىنسان روھىغا مەنىۋى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى
ئامىلدۇر.
— ئەبۇ نەسىر فارابى

ئايا ساقى، شاراپ تۇت، بىل، بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئىلپەت،
نە ئىلھام، بىر زىبا گۈلئۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرىتى نەزمەم قۇرىغا گۈل تىزار رەت-رەت،
ئايان بولسۇن كۈيۈمدە كۈي ئاتاسى بىر بۈيۈك سەنئەت،
شاراپ تۇت، ياق، مۇقامىڭ چال، چېلىپ دوستۇڭغا بەر رىغبەت.

تۇغۇلسام ئۆي ئىكەن نامرات، ئوقەت چاغلىق، بىسات ھەم ئاز،
لېكىن كوردۇمكى، تور تامدا نەقىشلىك داپ بىلەن جۈپ ساز،
قاچانكى مەن سوراپ قالدىم: پەقىرگە بۇ نىمە پەرداز؟
ئاتام ئېيتتى: ئۇنى چالساق قوساق ئاچ بولسىمۇ مۇڭ ئاز،
شۇ ئان سايراتتى تەمبۇرنى، ماڭا كورسەتتى بىر ھىممەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەلىللەر ئالدىدا پىتنە-يالانىڭ بارى يالغاندۇر،
بۇ تارىخ ئويغىتار بىرلىك ئۈچۈن كۈرمىڭ زەبەردەسنى.

1979-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



جۇدالىقتا ئۇشاقتىن ھەر جۇنۇن دەرمان ئالۇر ئانداق،
ناۋائىنىڭ قۇدرىتى ئىم جانىنمۇ ئەيلەر باھادىر، مەرت.

تەكەللۇپ بىرلە جەننەتتە قىلۇرمەن گەر غەزەلخانلىق،
تاپار مەندىن مۇراتقا ھورى-غىلمانلارمۇ ئىمكانلىق،
نە ھور، چالسام تىرىكلەر جىسمىدىن قاچقاي پەرىشانلىق،
تىۋىپلەر ئۇردىسى ئىچرە مېنىڭدۇر تەختى سۇلتانلىق،
قازاندىم شۇل سەۋەپ دىلكەش بولۇپ سەنئەتتە جۇپ
شوھرەت.

جاھان سەنئەت كوكىدە ئەل مۇقامنى ماھى تابان دەر،
چىمەنزار كۈن چىقىشتا بۇ كەبى چولپان تۇغۇلغان دەر،
كى بىلمەسلەر سوراپ: بۇ يۇرت نىچۈن داڭدار ئاتالغان دەر،
كى بىلگەنلەر: جىمى جانلىق ئۇسۇل، كۈيدىن يارالغان دەر،
شۇبۇ نام بىرلە ئالەمگە تونۇلدى بۇ ۋەتەن جەننەت.

ئىجات شۇڭقارى نەسلىمنى نىچۈن مەن ئىپتىخار بىلمەي؟
مېنى چوڭ قىلدى شۇ ئەجدات مۇقام بىرلە ئېيتىپ ئەللەي،
ئۇ تۇتقان ساز — تەۋەرۇكنى نىچۈن بىر ياخشى يار بىلمەي؟
ئۇنى جان بىرلە قوغداشنى نىچۈن ئەھدۇ-قارار بىلمەي؟
نومۇسچان ھەر مىراسخور تاجىدا بۇ بىباھا زىننەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇرەك ـ باغرىم ئېزىلمەستى تۇمەن بازغانۇ ـ سەندەلدە،
ئېزىلدى شۇ مۇقامنىڭ مەرغۇلى بىر مۇڭنى بەرگەندە،
ۋە سەزدىم شۇ مۇقام ئەۋجى بىلەن پەرھات كۇچى تەندە،
غېمىم يوقتۇر ماداردىن تاغنى يۇزمىڭ پارە ئەتكەندە،
نە تاغ، ئەھلى مۇقامغا ئەيلىدىم تاغدىن ئىگىز ھورمەت.

ھالا شۇندىن بېرى نە دىلرابا خەندىگە رايىم يوق،
نىگارىمكى مۇقام، ئۇزگە نىگاردىن ھېچ تامايىم يوق،
نىگاركى مېھرى يالقۇنلۇق، ئۇنىڭسىز دىل ئارامىم يوق،
ئۇنى سويگەن كەبى سويگەن يەنە بىر خۇش ناۋايىم يوق.
ئەگەر تەشنا بىتاپتۇرمەن مۇقامدۇر نەق شىپا شەرۋەت.

سىگاھ ئويغاتسا ھەر تاڭدا يېشىل قىرغاقنى سەيلەتسەم،
سېغىندىم چىن گوزەللىكنى مۇقامى چەبىيات چەكسەم،
چېلىپ مەن چارىگاھ، دەيمەن ئەجەمدىن ئوز ئانا ئولكەم.
يېپىشقايمەن مۇشاۋىرەك ۋەجىدىن چىنلىققا مۇستەھكەم،
كى ئېيتسام پەنجىگاھ، يوكسەك تۇيۇلدى بۇ ئەجىر ـ
مېھنەت.

كى ئوزھال ـ ھالى مەزلۇمنىڭ، نە مەزلۇم بولمىسۇن غەمناك،
ئازاتلىق دەپ ئازاپ چەككەن بوۋام دادى مۇقامى راك،
بايات ـ باتۇر جەمەتىمنىڭ تېگىنى ئەسلىتۇر ھەر ۋاق،

هاجى ئەخمەت

# ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلا

سائادەت دىلبىرى قاچماس كۆرەشكە جان پىدا ئەردىن،
ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلا، بولۇپ مەردانە، قەيسەردىن.

ھەقىقەتتۇر: "مۇشەققەتنىڭ تېگى ئالتۇن" دىگەن ھىكمەت،
ئۈمىتنىڭ غۇنچىسى ياشنار توكۆلگەن قان بىلەن تەردىن.

شىپا تاپقاي رىيازەت دەشتىدە زار چاڭقىغان قەلبىڭ،
ۋىسال پەيتى قېنىپ ئىچسەڭ شاراپنى ھەۋزى كەۋسەردىن.

ھېيىپ بولسا يىگىت جەڭدە قوشۇلغاي بەستىگە زىننەت،
كى زىننەتتۇر ئۇنى ھەرگىز ياساپ بولماس كۈمۈش، زەردىن.

نە ئارمان، ئەخمىدى، خەلقىڭ ئۈچۈن جەڭلەردە جان بەرسەڭ،
ئورۇن ئالغاي ئەزىز قەۋرەڭ مۇقەددەس شۇ ئانا يەردىن.

1972 - يىل، قەشقەر.

سورالسا گەر مىراسخور توھپىسى، مەنكى ھامان پەستە،
ئۈمىتكە ھىچ جاۋابىم بولمىدى ئۈتتۈزغا يەتمەستە،
قۇرۇق گەپتىن ئۈزۈپ قول، ئىش قىلاي دەپ گورگە كەتمەستە،
ئايان قىلدىم ئىرادەم گال قەلەمىم بىرلە مىك تەستە،
بولۇر ئارزۇ شىرىن قانچە، لىكىن كۆلمەيدۇ بىمىھنەت!

1980 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.



ھاياتتا، ئەخمەدى، ھەرگىز شاپائەت كۈتمە غايىپتىن،
ۋەتەن نەپسىگە كوي دائىم، ئۇنىڭدەك جانىجان بولماس.

1979 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بولماس

كۈرەشكە جان پىدا قىلماي تۈرۈپ مۇشكۈل ئاسان بولماس،
بىلىم كانىنى قازماستىن سىرۇ-ھىكمەت ئايان بولماس.

مۇرات دەشتىدە پەرھاتتەك نىگارنى ئىزلىگەن ئاشىق
كېسىپ تاغلارنى يول ئاچماي، يىراق مەنزىل راۋان بولماس.

ئىرادە باغلىسا ھەركىم نىشانغا يەتمىگى شەكسىز،
جەسۇر كارۋان ئۈچۈن ئەسلا ئۆتەلمەس تاغ-داۋان بولماس.

پۈتۈلگەي جۈپ قانات ئەرگە ئۈمىتۋارلىق، جاسارەتتىن،
خوشامەتكويىدا ئار، ۋىجدان، رەزىل قورقاقتا جان بولماس.

ھايات سىرلىق دېڭىز گويا، قېتىدا كوپ ساۋاق، ھىكمەت،
ئۈنىڭ تەكتىگە چوككەنلەر ئەقىل تاپقاي، نادان بولماس.

ئەگەر نە بولسا تەدبىرىڭ، بولار شۇ خىلدا تەقدىرىڭ،
بېغىڭنى ئاسرىساڭ جۇتتىن، گۈلۈڭ بەرگى خازان بولماس.

نىگارا، قىل ماڭا شەپقەت، جېنىمغا يەتمىسۇن زەخمەت،
كۆيۈپ كۆل بولمىسۇن ئەخمەت، كى ھىجرەت بىرلە داغىڭدا.

1977 ـ يىل، يېڭىسار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر گۈزەلگە

باھارنىڭ ھوسنىنى كوردۇم سېنىڭ غۇنچە سىياقىڭدا،
شۇڭا مەجنۇن بولۇپ يۈردۇم كويۇپ ئىشقى پىراقىڭدا.

جۇلالايسەن گويا تورزدەك، قېشىڭ مىسالى قۇندۇزدەك،
زىبا چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك سېھىرلىك كوز قاراغىڭدا.

ئېتەر لۇتپۇڭ مېنى ھەيران، ئارامىمنى قىلىپ ۋەيران،
نازاكەت كۈلكىسى جەۋلان قىلار دائىم زىناغىڭدا.

تېپىلغايمۇ ساڭا تەڭداش، ئۇتۇڭغا كىم بېرەر بەرداش؟
شەپەقنىڭ ھوسنىگە رەڭداش قىزىللىق بار ياناغىڭدا.

بىرەر ئۇتمەيسەن يانىمدىن، خەۋەر ئالمايسەن ھالىمدىن،
سېنى سويگەن گۇنايىمدىن كى خەس بولدۇم ئاياغىڭدا.

سېنىڭ دەردىڭدە ئاۋارە، يۈرەك-باغرىم تۇمەن پارە،
قىلىپ بۇلبۇل كەبى نالە ناۋا ئەيلەي قۇلاغىڭدا.

## ئەسلەيمەن

ئۇلۇغ ھورمەتتە ئەسلەيمەن چەۋەر يولباشچى رەھبەرنى،
كۈرەش قۇربانى ئەخمەتجان—ۋەتەنگە جان پىدا ئەرنى.

بايان ئەيلەي ئۇنىڭ ئۇچمەس شەرەپ داستانىدىن بىر بەت،
توقۇپ نەزمە، قىزىپ سوز كانىدىن ياقۇت بىلەن زەرنى.

ئېچىپ جەڭ نىلقىدىن، كۈرمىڭ جەسۇر پەرھاتنى قوزغاتقان،
ئازات قىلماق ئۇچۈن ياۋدىن مۇقەددەس شۇ ئانا يەرنى.

يېنىپ ھورلۇك تەقەززاسى بىلەن شىردەك غازات قىلغان،
ئېلىپ قولغا بوۋام سادىر مىراسى نەيزە، شەمشەرنى.

ئۇنۇتماستىن ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئەسىرلىك قان قىساسىنى،
رەقىپ ھەلقۇمىدىن سىققان قىلىپ ئۇلگە سەنۇبەرنى[1].

---

[1] سەنۇبەر — يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «رودۇپاي» ناملىق ھىكا-
يىسىدىكى ئوزىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن قان شورىغۇچى
رودۇپاينى يېڭىپ غەلىبە قىلغان باتۇر يىگىت ئوبرازى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چېچەك

ئاچىلۇر خۇش ھىد چېچىپ بىر مەررە ھەر يىلدا چېچەك،
ئىشقى لەززەت تۇيغۇسىنى قوزغىتار دىلدا چېچەك.

ياپ-يېشىل كىمخاپ لىباس كىيگەن تەبىەت جانلىنىپ،
كەڭ دالا-قىردا چېچەك، تاغ ئۈستىدە، غولدا چېچەك.

زىلۋا تاللار بوپتۇ چوكان بويىنغا مۇنچاق ئېسىپ،
زوقلىنىپ باقسام بېشىمدا، چامدىسام يولدا چېچەك.

بۇ گۈزەللىكنى تاماشا ئەيلىدىم ھەيرەتتە مەن،
چايقىلار گويا دېڭىزدەك ئوڭۇ ھەم سولدا چېچەك.

تاڭ سەھەردە قايندى ئىش، كەچتە كوكلەم سەيلىسى،
قىز-يىگىتلەر ئىشقىنى ئىزھار ئېتەر قولدا چېچەك.

مەنمۇ ئىلھام كانى بىلدىم گۈلباھار ئەييامىنى،
كۈيلىسەم تەرىپىنى داستان بولۇر تىلدا چېچەك.

1979 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

# ۋەتەن ھەققىدە مۇخەممەس

تامايىم يوق ساخاۋەتتىن، ۋەتەن-بەختىم پاناھىمدۇر،
ئۇنىڭ قوينى ئاڭا جەننەت، مۇقەددەس قىبلەگاھىمدۇر،
جۇدۇنلۇق قىش-ئاياز پەيتى گۇزەل پەسلى باھارىمدۇر،
مۇبارەك تۇپرىغى ھەر چاغ كوزۇمگە تۇتىيارىمدۇر،
ھاۋاسى ھەم سۇيى لەززەت، ھوزۇرى دىلخۇمارىمدۇر.

ھاياتىنىڭ يايلىغى يۇرتۇم ئىجات گۇلزارى-بوستانى،
جاھان تارىخىدا باردۇر ئەبەت ئۇچمەس شەرەپ-شانى،
جىمى ئالەمگە ئەڭ باشتا تونۇشلۇق بۇ ئىلىم كانى،
ئىلىم چىققاندا دەسلەپكى سوزۇم قۇتلۇق ۋەتەن نامى،
ئانامنىڭ ئاق سۇتى بىرلە پۇتۇلگەن تىل تۇمارىمدۇر.

تېغى ئەلگە پولات قورغان، تېشى ئەلا كۇمۇش، زەردىن،
چولى ئەلا گۇلىستاندىن، گىمياسى مۇشكى، ئەنبەردىن،
قېلىشمايدۇ ئۇنىڭ ئاددى بۇلاغى ھەۋزى كەۋسەردىن،
ھوسۇن بەرگەن ئاڭا ئەجدادىمىز ساپ قان بىلەن تەردىن،
ئۇلۇغ تارىخى چوڭ قامۇس غۇرۇرۇم-ئىپتىخارىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارا تۈن پەردىسىنى يىرتىپ، چېچىپ نۇر يولچى يۇلتۇزدەك،
كېزىپ چىققان ئىلى، تۇرپان، خوتەن، تارىم ۋە قەشقەرنى.

شىپا بەرگەچ ئۇنىڭ مېھرى دىلىغا ئەھلى دەرتمەنىنىڭ،
ئەزىز بىلگەن گويا لوقمان كەبى بۇ لەۋزى شەككەرنى.

نىشان ئەيلەپ كېلەچەكنى، نەسىللەر بەختىنى كوزلەپ،
يەمىش تىككەن گۈزەل باغقا، توكۇپ ساپ قان بىلەن تەرنى.

نادامەت بىرلە كوز يۇمدى بىراق، ئۇ غەمگۇزار ئىنسان
ئىچىپ تەشنالىغى قانماي زەپەر جامىدا كەۋسەرنى.

ئۇنى بىزدىن جۇدا قىلدى رەھىمسىز، بىۋاپا يىللار،
يوشۇرغاندەك قارا پەردە نەزەردىن ماھى پەيكەرنى...

يۈرەكتە يادلىنار مەڭگۇ سويۇملۇك نامى ئۇچمەستىن،
ئۇنۇتماس ھېچقاچان تارىخ ئۇنىڭدەك زاتى قەيسەرنى.

1981 ـ يىل، قەشقەر.

# كىتاپ ھەققىدە باللادا

بۇ قەدىم يۇرت ئاسمىنىنى قاپلىدى سۇرلۇك تۇمان،
قۇترىدى تەتۇر قۇيۇن، سۇردى ھوكۇم جۇت، قەھرىتان،
باش كوتەردى شۇم نىيەتلەر پەيلى ئاچ، ۋەھشى قاۋان،
بولدى زۇلمەتنىڭ تىغىدا قان توكۇپ تاپماق ھايان،
ۋادەرىخا، ئوتتى باشتىن بىر مەھەل مۇدھىش زامان.

تەلۋىلەر جاللات مىسالى ئاق تېرورلۇق باشلىدى،
سالدى باشقا دەرت، مۇسىبەت، ئەل كوزىنى ياشلىدى،
مىڭلىغان قامۇس-كىتاپنى يىرتتى، ئوتقا تاشلىدى،
قايسى دىلنىڭ نەپرىتى بۇندىن قىياندەك تاشمىدى؟!
بۇ ياۋۇزلۇققا چىدالماي تىترىدى يەرۇ-جاھان.

يالمىغاندا ئاك-ئەقلىنىڭ جەۋھىرىن ئوتنىڭ تىلى،
چىقتى يالقۇندىن فارابى-ئىلمۇ-ھىكمەتنىڭ پىرى،
ھەر سوزىدىن يامرىدى قەھرۇ-غەزەپ كەلكۈن سېلى:
"سۇندۇرالماس ھەق-ئادالەتنى جاھالەتنىڭ سۇرى،
مەرىپەتنىڭ مەشئىلى پارلار جاھاندا بىگۇمان".

www.uyghurkitap.com

قەسەم بىللا، ساداقەتتە ئەزىز تۇپراققا لەۋ ياقتىم،
ئۇتىندا مەن كويۇپ گويا قىقىنۇستەك قانات قاقتىم،
سۈيىدە چىن ھوزۇر ئەيلەپ گويا تاھىر بولۇپ ئاقتىم،
تولۇپ ئىلھام، ھاياجانغا، ۋەتەن شەنىگە كۈي قاتتىم،
مۇھەببەت دولقۇنى زەخمەك، يۈرەكنىڭ رىشتى تارىمدۇر.

ئاڭا كىندىك قېنىم تامغان بولۇپ ئىز ـ بەلگۈ مېھرىمدىن،
جۇلالايدۇ جامالىنىڭ زىياسى بەلكى چېھرىمدىن،
كى ئاجرالماس ئۇنىڭ نامى دەقىقە ئويۇ ـ پىكرىمدىن،
شۇڭا چۇشمەس ئانا يۇرتنىڭ مۇقەددەس نامى زىكرىمدىن،
ۋەتەن مېھرى ئومۇرۋايەت يېگىلمەس كۈچ ـ مادارىمدۇر.

ئەزىز تۇپراق ماڭا قىممەت جاھان مۇلكى ۋە جاناندىن،
كېرەك بولسا ۋەتەننى دەپ كېچەرمەن بۇ ئەزىز جاندىن،
بولاتتىم رازى ئومرۇمدىن، مۇرادىم ھەل بولۇپ ئاندىن:
ئىجادىم بىرلە كيىدۇرسەم ئاڭا گۇلتاج شەرەپ ـ شاندىن،
ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلاش يۈرەك ئەھدىم ـ قارارىمدۇر.

1980 ـ يىل، قەشقەر.

"ئۇتتى باشتىن مىڭ تۇمەن سەۋدا قەدىم چاغدىن بېرى،
بەخت-سائادەت بولمىغاي شۇملۇق، پالاكەتتىن نېرى،
پاقىرايدۇ كوكتە يۇلتۇز تۇن قارا بولغانسېرى،
ئەھلى ئىنسانىنىڭ بىكارغا كەتمىگەي قانۇ-تېرى،
شۇبھىسىز، ئارزۇ-مۇرات يار ۋەسلىنى قۇچقاي ھامان!

تەلۋىلەر ئىشلەتسىمۇ مىڭ بىر ھىلە، چارە-ئامال،
ئەل قىساسى ھەلقۇمىدىن چىڭ بوغۇپ، تاپقاي زاۋال،
تۇن-جاھالەت مەرىپەت نۇرىنى قىلالمايدۇ قامال،
تاڭدىكى گۇلگۇن شەپەقتەك كورسىتىپ نۇرلۇق جامال،
يۇز ئاچار پەن-مەرىپەت دەۋرى—كېلەچەك ھور زامان!"

1966 — 1976 - يىللار، قەشقەر.



تاشلىغاندا ئۇتقا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى،
چىقتى مەھمۇت قەشقەرى قولدا مىجىقلاپ بوكىنى،
"ئاھ! — دىدى، — كويدۇردى كىم تىلنى - ھاياتىنىڭ كوركىنى؟
ئەھلى ئىنسان بۇ كەبى قىلماس خاراپ ئۆز مۈلكىنى،
ۋەھشى ھايۋاندىن قېلىشماس كوزى كور، ئەھلى نادان!"

كويدۇرۇلگەندە «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەقىل شامى كىتاپ،
چىقتى يالقۇندىن يۇسۇپ خاس ياگرىتىپ ئۇتلۇق خىتاپ:
"مەن بۇ قامۇسنى ياراتتىم ئەھلى ئىرپانغا ئاتاپ،
كىمكى كويدۇرسە كىتاپ، ئۇ گورگە يۈزلەنگەن بىتاپ،
كىمكى ئەل بەختىگە دۈشمەن، قالمىغاي تەختى ئامان!"

«خەمسە» يانغاندا كويۇپ، چىقتى ناۋايىدىن سادا:
"لەيلى - مەجنۇن، رازى بول، پەرھادۇ - شىرىن، ئەلۋىدا!...
پەيلى خىسراۋنىڭ قىلىش ئاشىقنى مەشۇقتىن جۇدا،
چىن مۇھەببەت - سويگۇنى دىللارغا جا قىلغىن، خۇدا!
بولسا ئىنسان بىمۇھەببەت، كوڭلى قىش، رەڭگى سامان..."

ئورلىگەندە كوككە گۈلخانىنىڭ ئۇلۇغ يالقۇن ئوتى،
قەد كوتەردى ئوت ئارا گۇمنام، نىزارى، خىرقىتى،
نىم شىبھىت، ئۇيغۇر، مۇتەللىپ بولدى ياندىش ئۇلپىتى،
ئەزدى ئۇلار قەلبىنى ئەلنىڭ مۇسىبەت، كۈلپىتى،
ياگرىدى غالىپ سادا مىسلى ئۇلۇغ كەلكۈن قىيان:

دېيىشتۇق: ئىككىمىز دائىم مۇشۇنداق بىللە ئىشلەيلى،
شۇئان خۇددى ئېغىزلارغا تولۇپ شېرىن ھەسەل كەلدى.

دېمەك، بىز ئىككى ياشنىڭ رىشتىسى باغلاندى ئەمگەكتە،
چىرايلارغا تەبەسسۇمدىن گويا ياقۇت ـ لەئەل كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم ئىسمائىل

# كەلدى

ئېتىزلىقتا كېلىپ تورسام، يىراقتىن شوخ غەزەل كەلدى،
غەزەل بىرلە تولۇن ئايدەك چىرايلىق بىر گۈزەل كەلدى.

كورۇپ ئۇل دىلرابانى، قىن-قىنىمغا پاتمىدىم شۇ دەم،
ھاياجان ۋە خوشاللىقتىن گويا كوڭلۈمگە سەل كەلدى.

قېتىلدى ئەل قاتارىغا، يېنىمدىن ئالدى بىر كەڭ سول،
بۇ ھالدا كوڭلىمىز بىرلە ئىشىمىز دەلمۇ-دەل كەلدى.

چۇشۇپ كەتتۇق ئورۇم جەڭگە، ئورۇشتا بەسلىشەيلى دەپ،
قىلىشقان ئەھدىمىزنى بىر سىنايدىغان قەرەل كەلدى.

ئورۇشتۇق ئورمىنى ھارماي راسا قوزغاپ جاسارەتنى،
توكۇلدى تەرلىرىمىز، زەپ كوڭۈللۈك بىر مەھەل كەلدى.

ۋاقتىدا چىقماسلىقىڭنىڭ بائىسىنى سورىسام،
ئىككى ئاي مەنسۇخ دىدىڭ تەنها يۈرەككە ئاخشىمى.

مەن سېنى ئايدىڭ ئەمەس، ئاي چىقمىغان تۈندە كۈتەي،
ئاي بولۇپ نۇر چاچقىلى كەلگىن كومەككە ئاخشىمى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ئاخشىمى

مەن سىنى كۈتتۈم ئۈزاق باغىڭدا يەككە ئاخشىمى،
بولدى ھەمرا ئاي ماڭا ئورلەپ پەلەككە ئاخشىمى.

ئايغا باقتىم، ئاي يۈزۈڭ بولدى ئايان ئاي چېھرىدە،
ئوخشىمايتتى ئۇ پەقەت سەندىن بولەككە ئاخشىمى.

سەن تۈيۈلدۈڭ خۇددى ئايغا ئايلىنىپ كەتكەن كەبى،
ئۈشبۇ ھال كوڭلۈمگە سالدى دەككە ـ دۈككە ئاخشىمى.

كەلدى تۈركۈملەپ بۇلۇت، يوشۇردى ئاينى، باغرىغا،
قالمىدى سەندىن ئۈمىت كوڭلۈمدە چەككە ئاخشىمى.

بىر مەھەل ئۆتكەچ يەنە چىققاندا ئاي، شۇنداق دىدىم:
چىقمىغىن بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ كوككە ئاخشىمى.

لەيلىدەك سەن ئېچىلىپ قىلدىڭ تەبەسسۇم، ئەي پەرى،
چىن قوبۇل بولدۇم دىگەندەك بۇ تەلەپكە ئاخشىمى.

يارىمنى سېغىنسام، يۇرت-سەھراغا نەزەر قىلدىم،
ھوسنىنى سېغىنسام گۇل-رەناغا نەزەر قىلدىم،
قەددىنى سېغىنسام سەرۋ-زىباغا نەزەر قىلدىم،
مېھرىنى سېغىنسام گەر دەرياغا نەزەر قىلدىم،
شۇ بىرلە بېسىپ كەلدىم كورمەككە خۇمارىمنى.

يوللاپتۇ يېقىندا يار خەت-نامە: ئامان مەن دەپ،
قوغداپ بۇ دىيارىمنى سويدۇم ھەرقاچان مەن دەپ،
قۇزغۇننى يېڭىپ قۇچتۇم جەڭدە غەلىبە، شان مەن دەپ،
كوكسۇمگە تاقاپ ئوردېن بولدۇم قەھرىمان مەن دەپ،
كەلگەندە كورەرمەن شۇ مەرت جەڭچى نىگارىمنى.

ئەي تاڭ شامىلى، ئۇچقىن، يارىم قېشىغا تېز بار،
يۇرتۇم ھىدىدىن چاچقىن چېگراغا گويا ئىپار،
قەلبىمنى-سالامىمنى قىل ئەينى بىلەن ئىزھار،
توت كوزدە كۇتۇپ تۇردۇم خىزمەتكە بولۇپ تەييار،
كەلگەندە سۇناي لەۋدىن پاك ئابۇ-زىلالىمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورېبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تاڭ شاملىغا

ئەي تاڭ شاملى، يەتكۈز ئۇل يارغا سالامىمنى،
چېگرادا گۈزەت تۇرغان دىلدارغا سالامىمنى.
ئەل، يارى ئۇچۇن كۈن ـ تۈن خۇشتارغا سالامىمنى،
ئىشقى ئوتىدا كويگەن بىدارغا سالامىمنى،
جەڭلەردە جەسۇر، باتۇر شۇڭقارغا سالامىمنى.

چېگراغا مېڭىشتا يار قەلبىنى ئايان ئەيلەپ،
ئېيتقانتى: سېنى سويدۇم مېھرىمنى قىيان ئەيلەپ،
بۇ ئىشقنى سوۋۇتمايمەن كوڭلۇمنى تۇمان ئەيلەپ،
ھىجرانغا چىدايمەن يۇرت، بەختىمنى ئامان ئەيلەپ،
خارلىقتا يولاتمايمەن سەندەك جان نىسارىمنى.

بۇ سوز مېغزىنى ساقلاپ كوڭلۇم قۇتىسى ـ ئەستە،
يارىمغا تىزىپ كەلدىم سويگۇ گۈلىدىن دەستە،
ۋەسلىنى كۈتۈپ ئۇتتۇم ھىجرىگە چىداپ تەستە،
مېھنەتنى قىلىپ ھەمرا، كەڭ يۇرتقا تىكىپ كەشتە،
نۇر بىرلە بېزەپ ياشلىق پەيتىمنى ـ باھارىمنى.

ئايرىلىپ يۇرتتىن، يىراق يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ،
يۇرگىنىمدە خانىمانسىز، چول كېزىپ سەرسان بولۇپ،
سەن يەنە كەلدىڭ مېنىڭ دەردىمگە كوپ دەرمان بولۇپ،
پاش قىلىپ زۇلمەتنى چالدىم خۇددى مەن قۇربان① بولۇپ.
ھەسرىتىم، ئارزۇلىرىمنى قىپ ساڭا ئىزھار، راۋاپ.

تاڭ ئېتىپ، بەختىمگە ئاخىر نۇرغا چومدى ئەل، دىيار،
قايغۇلار كەلمەسكە كەتتى، مەڭگۇ بولدۇڭ بەختيار،
دەۋرىمىزنى كۇيلىدىڭ بۇلبۇل سۇپەت بولۇپ خۇمار،
تولدى دەريالاپ مۇھەببەتكە سېنىڭدە ھەممە تار،
ئامىتىڭگە يەر-جاھان بولدى شۇئان ئىقرار، راۋاپ.

كورسىتىپ بەردى نىشانەڭنى ئۇلۇغ ئالتۇن نۇتۇق②،
كۇيلىدىڭ يۇكسەك پەزىلەت، قەھرىمانلارنى تولۇق،
ئەلگە بەردىڭ مىسلىسىز ئىلھامبەخش روھىي ئوزۇق،
شۇم رەزىللىككە بولۇپ كەلدىڭ ئەجەللىك زەربە-ئوق،
يېڭى دەۋرانىڭ ئۇچۇن بولدۇڭ قورال، دەركار، راۋاپ.

---

① قۇربان — «ئانارخان» كىنو فىلىمىدىكى قۇربان كوزدە تۇتۇلدۇ.
② «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سوھبەت يىغىنىدا سوزلەنگەن نۇتۇق» كوزدە تۇتۇلدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۈيلە، راۋابىم

مەن سېنى ئالسام قولۇمغا، جان-تېنىم يايرار، راۋاپ،
چالغىنىمدا جۇش ئۇرۇپ ئىلھاملىرىم قاينار، راۋاپ،
ئۈنلىسەڭ قەلبىمنى چەكسىز ئىپتىخار قاپلار، راۋاپ،
تارلىرىڭدىن توختىماي شاتلىقلىرىم يامرار، راۋاپ،
شۇل سەۋەپ ئامراقلىغىم ھەر دەم ساڭا بىسيار، راۋاپ.

دەر ئىدى ئۇتمۇش ستەمكارلار سېنى ئەيلەپ مازاق:
"ساز بولامدۇ بۇ، قەلەندەرلەر كوتەرگەن بەش قۇلاق"،
ھول ئىدى پەدىلىرىڭ ئاققاچقا كوزلەردىن بۇلاق،
دەردۇ-ھەسرەت تاغى باسقاچ تارلىرىڭ ئەردى ئۇلاق،
ئەرك، خوشاللىققا ئىدىڭ سەن شۇنچە تەشنا-زار، راۋاپ.

ئاشۇ يىللاردا سېنى كەلدىم يېنىمدىن ئايرىماي،
بىللە ئېپ چىقتىم ئېتىز ئەمگەككە ئەسلا تاشلىماي،
قانچە مۇدھىش تۈننى ئوتكۈزدۈم چېلىپ مەن ئۇخلىماي،
سەن بىلەن روھلاندى يوقسۇل، ئەمما بۇندىن قورقتى باي،
مېھنىتىم، روھىمغا بولدۇڭ ھەرقاچان ھەمكار، راۋاپ.

## سالامىڭدىن

گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەتنى جىمى ئىشتا نىزام ئەيلەپ،
ئاۋام ئالدىدا ھەردائىم ئۆزۈڭنى بىر غۇلام ئەيلەپ،
تەكەببۇرلۇق، كورەڭلىكنى ۋۇجۇدۇڭغا ھارام ئەيلەپ،
ماڭا يول ئۈزرە، ئەي يولداش، ئىگىلدىڭ سەن سالام ئەيلەپ،
جاۋابەن "ۋەئەلەيكۇم" دەپ ئىگىلدىم سوز-كالام ئەيلەپ.

ئوچۇق، گۈلگۈن يۈزۈڭ خۇددى باھار نۇرىنى پارلاتتى،
ئىگىلگەن ئەۋرىشىم قەددىڭ مۇلايىملىقنى ئويغاتتى،
پەسىھ لەۋزىڭ ۋۇجۇدۇمغا بەئەينى بالنى يامراتتى،
يېقىملىق ھالىتىڭ ئىلھام بەخش بىر قىسسە ئاڭلاتتى،
ئەجەپ كوڭلۇمگە ياقتىڭ سەن مېنى ئۆزۈڭگە رام ئەيلەپ.

سېنىڭ مۇنداق مۇناسىپ ھورمىتىڭدىن كوپ سويۇندۇم مەن،
سىماپتەك ئېرىدى قەلبىم، خوشاللىقتا چومۇلدۇم مەن،
بۇرادەر-ئاشنالىقنىڭ يېپىغا چىڭ چىگىلدىم مەن،
يېقىن دوستلۇق بىلەن سەندەك ئىگىلگەنگە ئىگىلدىم مەن،
قولۇم كوكسۇمگە ئالدىم ھەم ساڭا چىن ئېھتىرام ئەيلەپ.

بىر مەھەل توت بەدنىيەت دولەتكە ئاپەت ياغدۇرۇپ،
تاشلىدى سەنئەت بېغىمدىن لالە-گۈللەرنى يۇلۇپ،
سەن راۋابىم خارلىنىپ زىنداندا ياتتىڭ سولۇنۇپ،
ئوتتى ئاۋازىڭغا شۇنچە قەلبىمىز تەشنا بولۇپ،
قىلدى ئازات پارتىيەم ياۋنى ئېتىپ تارمار، راۋاپ.

ئۇنلىدىڭ بېيجىڭدە ھەم شاڭخەيدە... خەلقىم ئاڭلىدى،
ھەممە مىللەت ياقتۇرۇپ ئۆز سازىمىز دەپ داڭلىدى،
ئاڭلىغانچە دىل سۆيۈندى، دوست كوڭۇللەر قانمىدى،
خەلقارادا ھەم ساڭا ئالقىش چاۋاكلار ياڭرىدى،
قانچە چالساممۇ سېنى قانماس دىلىم، دىلدار راۋاپ.

تېخىمۇ كۈيلە ۋەتەننى، خەلقنى، گۈڭچەنداڭنى سەن،
قەلبىمىزدىن مەڭگۈ سۆيگەن بۇ ئىسىل، ھور تاڭنى سەن،
كۈيلىگىن شانلىق قىزىل تۇغ، كوممۇنىستىك ئاڭنى سەن،
ئىشچى، دىخان، جەڭچىنى-گوياكى جىسمى گاڭنى سەن،
سېنى چالماققا ھەمىشە شائىرىڭ تەييار، راۋاپ!

1977-يىل، يېڭىسار.

سادىر سادىرى

## جان تەسەددۇق ئەيلىدىم

زوقلىنىپ باقتىم ساڭا مەن لالىزارىڭنى كورۇپ،
لالىزارىڭ ھوسنىدىن پەسلى باھارىڭنى كورۇپ.

ئەي پەرى، گۇللەر گۇلى، قەلبىڭدە شاتلىق ناخشىسى،
جۇر بولۇپ ئېيتتىم غەزەل قولدا دۇتارىڭنى كورۇپ.

كورسە ھوسنۇڭنى خىجىل بولمامدۇ جەننەت ھورلىرى،
مەپتۇنۇڭ بولدۇم سېنىڭ ھوسنۇڭ-نىھارىڭنى كورۇپ.

سەن دىگەندە: "ھور ۋەتەنگە بارلىغىم—جېنىم پىدا"،
جان تەسەددۇق ئەيلىدىم ئۇشبۇ شوئارىڭنى كورۇپ.

1979-يىل ئاۋغۇست، ئۇرۇمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىدۇق بىر چاغدا ئىككەيلەن ئەجەپ ئۇچمەن، ئاداۋەتلىك،
كورۇشكە بىر بىرىمىزنى ئەمەستۇق زادى تاقەتلىك،
يولۇقساق هومۇيۇپ، چەتنەپ ئۇتەتتۇق مۇز قىياپەتلىك،
پىتىشمايتتۇق قىلىپ جاڭجال، رەقىپ ئەردۇق قاباهەتلىك،
ئاجايىپ زور زىيان تارتتۇق بۇ ئىش ئۇن يىل داۋام
ئەيلەپ.

كېلىپ نورۇز، زىمىستان-قىش ۋەتەندىن مەڭگۇ قوغلاندى،
ئاداۋەت مۇزلىرى ئېرىپ، ئاراش-زىتلىق تاماملاندى،
پۇتۇن ئەل تېچ، بولۇپ دوست، بىر بىرىگە رىشتى باغلاندى،
جىمى جايدا يېڭى خىسلەت، گۈزەللىك شۇنچە جانلاندى،
ئۇلۇغ مەنزىلگە ئات سالدۇق كوڭۇلنى شات-خورام
ئەيلەپ.

سالامىڭدىن زامانەمنىڭ پەزىلەت، روهىنى كوردۇم،
ئاۋامنىڭ بىر بىرىگە پاك، سەمىمى كوڭلىنى كوردۇم،
ئەدەپتە ئەنئەنەمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى كوردۇم.
ئەدەپ-ئەخلاقنى كىم سويسە، ئۇنىڭ مەن قەدرىنى كوردۇم،
تۇتاي هورمەت شارابىن ئەلگە سەندەك دىلنى جام ئەيلەپ.

# ناخشاڭنى ئاڭلاپ

ئاڭلىدىم ناخشاڭنى، دىلبەر، زوق بىلەن مەمنۇن بولۇپ،
شۇ گۈزەل قەلبىڭ كەبى ھوسنۇڭگە مەن مەپتۇن بولۇپ.

بىر كورۇپ دىدىم: ساڭا ئالەمدە تەڭداش يوق ئىكەن،
سەن ئۇسۇپسەن ئېلىنىڭ بوستانىدا گۈلگۈن بولۇپ.

تاسلا قالدىم ئەس-ھوشۇمدىن بىر يولى ئايرىلغىلى،
باققىنىڭدا خۇش تەبەسسۇم بىرلە گويا كۈن بولۇپ.

قىلغىنىڭدا سەن بايان قەلبىڭ كۈيىنى كەڭ-كۇشات،
مەدھىيىلەپ نەزمەمنى ئېيتتىم مەنمۇ بىر مەجنۇن بولۇپ.

"قاپ-قارا قوي كوزلۇگۇم، جېنىم پەيدا بولسۇن ساڭا"،
ئاشۇ ناخشاڭ ھەر تومۇردا ئوخچىدى ئۇيقۇن بولۇپ.

كۈيلە، دىلبەر، تائەبەتكە پۈتمىسۇن ئاۋازلىرىڭ،
كۈيلىرىڭدىن زوق-ھوزۇر ئاقسۇن قىيان-كەلكۈن بولۇپ.

1981-يىل ئىيۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سەنـەمگە

ئەي سەنەم، ئازات زامانەمنىڭ باھار ھەم يازى بول،
ھور دىيارىم كوكسىدە ئۇچقان سابا پەرۋازى بول.

رەڭمۇ-رەڭ گۇللەرگە تولغان گۇلشىنىم چاچتى ئىپار،
گۇلشىنىمنىڭ ھوسنىگە خۇش خۇي تەبەسسۇم، نازى بول.

راۋبىم سايرار مۇقامغا ئەڭ يېقىملىق ئۈن بىلەن،
سەن ئۇنىڭ بول ھەمدىمى ھەم ياڭرىغان ئاۋازى بول.

ھور ۋەتەن قىلدى ئاتا زىبا-گۇزەللىكنى ساڭا،
ئەلگە تەقدىم قىل ئۇنى، سەن ھەم ئېلىڭدىن رازى بول.

خەلقنى ئوخشاتسام دېڭىزغا، سەن ئۇنىڭ بىر تامچىسى،
ئاجرىماس بىر تامچە بولغىن، جان پىدا ھەمرازى بول.

1981-يىل ئىيۇن، غۇلجا.

## هوشۇر ئىبراهىم

### تەنتەنە

زوقنى تارتىپ كوكۇلنىڭ خۇش پۇراق رەيھان بولۇپ،
تاڭ بىلەن كۆلدۈك ئىلىم نۇر چاقنىغان چولپان بولۇپ.

شۇ ئۇلۇغ تاڭ شەنىگە قىلسام بوگۇن مەن تەنتەنە،
ئۇرغۇدى دىلدىن تەشەككۇر كۆيلىرىم پونتان بولۇپ.

سەن ئىدىڭ ئوتمۇشتە ئۈچ تاغ ئاستىدا ۋەيرانە چول،
قان ئىچەر ئالۋاستىلار سۇرگەن هوكۇم خاقان بولۇپ.

هەممە يەردە دام-تۇزاق، كويزا-كىشەن، قانلىق قىلىچ،
كەمبەغەللەر ئۇستىدىن باسقان زۇلۇم توپان بولۇپ.

"جان پىدا قىلغاچقا مەرتلەر" قەد كوتەردىڭ، جان ۋەتەن،
كۇن چىقىش ياقنى قىزارتتىڭ رۇستەمى داستان بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇسۇلچى سىڭلىمغا

بەخش ئەتتىڭ ماڭا ئىلھام ئەجەپمۇ ساز ئۇسۇل ئويناپ،
مۇقام داستانىغا تەڭكەش قىلىپ ئاۋاز ئۇسۇل ئويناپ.

نازاكەتلىك تەرەننۇم بىرلە ئويناپ سەھنىگە چىقساڭ،
دىدىم: كوكتىن چۈشۈپتۇ ئاي قىلىپ مىڭ ناز ئۇسۇل ئويناپ.

خان ئەتلەس ھەم بادام دوپپاڭ ياراشىپتۇ جامالىڭغا،
بولۇپسەن كولدىكى ئاققۇ، قىلىپ پەرۋاز ئۇسۇل ئويناپ.

چىچىڭ سۇمبۇل ئىغاڭلايدۇ بويۇڭغا جۇر بولۇپ لەرزان،
لېۋىڭدىن غۇنچىلار كۈلگەي ئېلىپ ئەنداز ئۇسۇل ئويناپ.

دىگەنتىڭ سەن: "ئۇلۇغ خەلقىم، ئۇنىڭغا بارلىغىم تەقدىم،
قانائەت قىلمىغىم يوقتۇر ئۇنىڭچۈن ئاز ئۇسۇل ئويناپ".

ساڭا مىڭ ئاپىرىن دەيمەن ئۇسۇلۇڭغا بولۇپ قايىل،
ماڭا ئەسلەتكىنىڭچۈن قىشتىمۇ گۈل ياز ئۇسۇل ئويناپ.

1982 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# گۈزەل ھېيتگاھ

قەدىم قەشقەر — ئانا يۇرت كوز قاراغى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ،
ھاياتنىڭ قاينىمى، كوركى، بۇلاغى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

ئەگەر ئالتۇن ئۈزۈك بولسا قىياسىمدا ئەزىز قەشقەر،
ئۇنىڭ ياقۇت كوزى، نۇرلۇق چىراغى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

ئەگەر قەشقەر تولۇن ئايدەك چىرايلىق بىر پەرى بولسا،
ئۇنىڭ مەڭزىدىكى كوركەم زىناغى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

سېنىڭ كوكسۇڭدىكى گۈللۈك ياراشقان خالغا ئوخشايدۇ،
تۇمەن گۈلنىڭ ئىپاردەك خۇش پۇراغى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

سېنىڭ ئىشقىڭدا پەيۋەندە بولۇپ باغرىدا ئوت كويگەن
يىگىت - قىزنىڭ خۇمارى، ئىشتىياقى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

ئۇلۇغ ئاستانە ئاۋازى جاراڭلايدۇ پىشانەڭدە،
ئۇنى ئاڭلاشتا مىليون خەلق قۇلاغى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەن ئۈچۈن توككەچكە قان ـ تەر جەڭدە، مېھنەت قويىندا،
بەختىيار تاڭغا ئېرىشكەن قول بوگۈن پالۋان بولۇپ.

ئەسلىسەم شۇ تاڭ بىلەن باسقان قەدەمنى بىرمۇ ـ بىر،
تىزىلار شانلىق زەپەرلەر كەھرىۋا ـ مارجان بولۇپ.

ياتمىغاي جىم ۋەھشى دۈشمەن، بەختىمىزگە قەست قىلار،
گاھى قاشقىردەك كورۈنسە، گاھىدا پاخلان بولۇپ.

توت نىجىس چىققان ئىدى شۇنداق رەزىل مەقسەت بىلەن،
قىلدى تارمار پارتىيەم ئەل دەردىگە دەرمان بولۇپ.

ئەي ئانا ــ شانلىق ۋەتەن، كەلدى باھارىڭ قايتىدىن،
گۈللىدىڭ ھەم گۈللىمەكتە قۇچمىغىڭ ئەدنان① بولۇپ.

توتتە قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ جۇڭخۇا قۇرۇشقا ھەممىمىز
يەڭ شىمايلاپ جەڭگە ئاتلاندۇق بۈيۈك كارۋان بولۇپ.

1979 ـ يىل، قەشقەر.

---

① ئەدنان ــ جەننەتلەردىن بىرىنىڭ نامى.

مرزاهت كېرىمى

## باغ دىسـەم

باغ دىسەم باغى ئېرەم مەكتەپ ئىكەن چاچقان ئىپار،
گۈل-چېچەكتىن دەستە-دەسـتە گۈل سۇنۇپ تۇرغان باھار.

ئۇي دىسەم خان قەسرىدىن نۇرلۇق ئىكەن بۇ دەرسخانا،
خۇش تەپەككۇر ئىلكىدە يۇلتۇز كۆلۈپ باققان قاتار.

كەلگۈسىنىڭ پەردىسىن قايرىپ شۇ ئان سۇردۇم خىيال،
قەھرىمان، ئالىم، ئەدىپ... بۇ ئۇيـدە كۆچ-دەرمان ئالار.

ئېيتىدۇ ئۇستازى: ئەي ياپراقلىرىم، ئوتقاشلىرىم،
سىز ئانا ۋەتەن ئۇمىدى، سىزدىن ئەل ئىمكان تاپار.

چەشمىدۇر دەرسلىك كىتاپ، يۇمران كوچەتلەر سۇ ئىچەر،
سۇ ئەمەس، ئابى ھايات ئۇ، خەستە جانغا جان قوشار.

www.uyghurkitap.com

يولۇڭ ئايلانما مەرمەردۇر، كىشى ئەكسى نامايەندۇر،
بەئەينى سۈپ ـ سۈزۈك كۆلنىڭ سىياقى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

ھېيت، بايرام كۈنى ناغرا، سۇناي بىرلە ساما قاينار،
خۇشاللىق ئەۋجىنىڭ ئالتۇن راۋاقى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

سەھەر، كەچتە راۋاپ، تەمبۇر، دۇتار ئاۋازى دىلخەندە،
يېقىملىق ناخشا ـ كۈينىڭ چارى باغى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

قەدىردان پارتىيەم، خەلقىم بىلەن ھوسنۇڭ گۈزەللەشتى،
پاراۋان، بەختىيار تۇرمۇش قۇچاقى سەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

1980 ـ يىل، قەشقەر.

# سويگۈ غەزىلى

كەچقۇرۇن چىقتىم ھېيتگاھنىڭ ئاۋات بازارىغا،
ئاشىقى شەيدا بولۇپ قالدىم كوزى خۇمارىغا.

پۇرمە ئەتلەس كوينىگى، قىزغۇچ ھېلىلە رومىلى،
سېھرىلەپ قويدى مېنى بەختىم پۈتۈك تۇمارىغا.

ئۇزدى مىژگان قاشىدىن ئوق، يۇرىگىمگە تەگدى ئۇ،
بىر قاراپ قويغان بىلەن چولپان خىجىل زۇننارىغا.

سودرىلىپ كېتتۇۋېرەي راھەتلىنىپ، توسماڭ مېنى،
بىرەھىم يار قامچا ئۇرغان سويگۈنىڭ تولپارىغا.

ئەۋرىشىمدەك ساچىلە باغلاپ يەنە ئەيلەپ غەزەپ،
ئاسسا مەيلى قەلبىدە قۇرغان ئۇمىتنىڭ دارىغا.

مەن بوغۇزلانسام ئىدىم لەۋ خەنجىرى بىرلە شۇئان،
گۇل بولۇپ قانىم ئېچىلسا، نۇر چېچىپ باھارىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلمىگەننىڭ ئۆمرى قىسقا، خارلىنىپ غەم يەپ تۈگەر،
بىلسە كىم ئۆلمەيدۇ، مەھمۇت قەشقەرىدەك شان قۇچار.

سۇ ئېقىپ تاغ سىلكىنىپ، لىڭشىپ دەرەخ، قۇش سايرىبان،
دەيدۇ: ئۆگەن، بولسىلا سەندە ئەگەر ۋىجدانۇ-ئار.

يۈكسىلىپ يۇرتۇم-ئېلىم، ئۆتسۇن جاھاننىڭ ئالدىغا،
ئۆگىنىڭ دەپ پارتىيە، ئاتا-ئانا پەرمان قىلار.

تىرىشىپ ئەلا ئوقى، دىلنىڭ كوزىدۇر پەن-بىلىم،
بىلمىگەن ئەما، نادان، بىلگەن ئۇلۇغ ئىنسان بولار.

ئەۋرىشىم ياشلىق دېمەك — جان-دىل بىلەن ئۆگەن دېمەك.
ياشلىقىڭدا ئۆگىنىپ ئالغان بىلىم — سويگەن نىگار.

زەر، جاۋاھىر كانى مەكتەپ سىز ئۈچۈن، ئەي قىز-ئوغۇل،
ياشلىقىنىڭ قەدرىگە يېتىپ بىلىم ئالغان ئوزار.

سىزدىدۇر مېھرىم مېنىڭ، زېھنىم مېنىڭ، گۈل-غۇنچىلار،
دەرس تۈگۈل بەرسەم جېنىمنى مەندە نە ئارمان قالار!

# ۋەتـەن

تۇتمىدىم ئۇمرۇمدە مەن ئۇزگە سىنىڭدىن يار، ۋەتەن،
پەرۋىرىش ئەيلەپ مىنى، دائىم دىلىمدا بار ۋەتەن،
بىھساپ ئەجرىڭ سىنىڭ كوكسۇمدە نۇر زۇننار، ۋەتەن،
باش قويۇپ كوكسۇڭگە شۇئان ئوقۇدۇم ئەشئار، ۋەتەن،
يەپ تۇزۇڭنى، يىمىگەن غىمىڭنى نامەرت خار، ۋەتەن.

رىم، مىسىر، مەغرىپ سىرى يىپەك يولى سەندىن بارار،
مەرىپەت، سەنئەت، ھۇنەردىن خۇش پۇراق سەندىن تارار،
كەشپىيات، ئىجات بىلەن ئوغۇل-قىزىڭ قەدرىن تاپار،
ئوچمىگەي تارىخ بىتىدىن شەۋكىتىڭ بولۇپ سوۋار،
كىم بۇنىڭغا يۇمسا كوز شەرمەندە، كور بولار، ۋەتەن.

مەۋج ئۇرۇپ ئاقار تىشىپ دەريالىرىڭدا كەۋسىرىم،
چاقنىغان شولا چىچىپ ساي، تاغلىرىڭدا گەۋھىرىم،
ئوتلىرىڭ مىھرىگىيادۇر، ھەر تىشىڭ كوز جەۋھىرىم،
بۇ مۇقەددەس تۇپرىغىڭدا ئوسكىنىم — شان-شەۋكىتىم،
شاخلىرىڭ باشىمغا سايە، دۇشمىنىڭگە دار، ۋەتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داپ، راۋاپ، دۇتار چېلىپ، ئوقۇپ غەزەل ئويناپ-كۈلۈپ،
بەزمە قۇرسا دوستلىرىمغا، ياخشىلارنىڭ بارىغا.

شۇندا تاپقايمەن مۇرات يايراپ بېھىشتە تەنلىرىم،
كىمسە ئاي تۇققان كېچە مېنى ۋىسال مازارىغا.

ئۆرۈگەچ سەندىن يۈزىنى بولدى گۈمران "توت چايان"،
سېنى خۇرسەن ئەيلىگەنلەر شەپقىتىڭدىن قۇچتى شان،
مەن نىچۈن قىلماي ساڭا ھەركۈندە جان نىسار، ۋەتەن.

قۇچىغىڭدا مەن تۇغۇلدۇم، سەندە كوز ئاچتىم، ئانا،
شاتلىغىم چەكسىز ئۈزۈك بەرگەچ نومۇس-ۋىجدان ماڭا،
مەن تۇغۇلدۇم يېڭىۋاشتىن مەرھابا ئېيتتىم ساڭا،
ئېخ، مۇرات تاپقاي ئىدىم ئەھدىمنى مەن قىلسام ئادا،
رازى قىلماستىن سېنى ئۆلمەك ماڭا دىشۋار، ۋەتەن.

گۈللىشىڭگە بۇ ھاياتىم، ئەمگىگىم تەقدىم مېنىڭ،
قان-تېرىمنى ئاققۇزۇپ توھپە قىلىش ھەققىم مېنىڭ،
تەلپۈنۈپ ئىجادىيەت بوستانىدىن ئەقلىم مېنىڭ،
تۇتتى بۇ گۈلدەستىنى، رىزالىغىڭ بەختىم مېنىڭ،
بىر ئۆمۈر ئىشقىمنى ئەيلەپ بىر ساڭا ئىزھار، ۋەتەن.

شۇ قۇچاغىڭنى سېنىڭ قاپلاپ زۇلۇم، بولدۇڭ خاراپ،
ۋەھشى زالىملار سېنى نىمجان قىلىشتى قان شوراپ،
ۋادەرىخا، كوپ زامانلار خارلىنىپ تارتتىڭ ئازاپ،
مۇڭلىرىڭنى كۇيلىدى دۇتار بىلەن تەمبۇر، راۋاپ،
يىغلىساڭ كۆلگەن ياۋۇزدىن سەن ئىدىڭ بىزار، ۋەتەن.

سەن ئازاتلىققا ئېرىشكەن چاغدا بىر گودەك ئىدىم،
ئېيتىخار ئەيلەپ "ئانا ۋەتەن" دىبان چىققان تىلىم،
ياشنىغان باغرىڭدا يايراپ، سۇ ئىچىپ قانغان دىلىم،
ئۇخلىماي كۇندۇز - كېچە ئويلاپ سېنى، ئالدىم بىلىم،
سەن ئۇچۇن سوقسا يۇرەك يوق ئارمىنى زىنھار، ۋەتەن.

ۋادەرىخ، ئۇستۇڭدە قايتا شۇم قۇيۇنتاز چورگىلەپ،
باغلىرىڭ بولدى گورىستان، يەتمىدى ھىچ خەلققە نەپ،
كويدۇرۇلدى سەنئىتىڭ، مىڭلاپ كىتاۋىڭ دەستىلەپ،
كويدۇرۇلدى شەۋكىتىڭ تارىخ - دىۋانىڭ ئۇستىلەپ،
دەرت - ئەلەمدىن بىر مەھەل بولدۇڭ ئەجەپ بىمار،
ۋەتەن.

كىم ۋەتەندىن ئورۇسە يۇز سەرنەگۇن① بولغاي ھامان،
كىم ۋەتەن دەپ بەرسە جان ئولمەس كىشى شۇ ھىچقاچان،

① سەرنەگۇن — گۇمران.

تېخىمۇ قەيسەر، زىرەك ئۇ ھەمدە شات، ئىشچان، تېمەن!"
بارچىسى ئېيتتى شۇ سوزنى، زوق بىلەن سالدىم قۇلاق.

ئىخ، جۇژۇگلى، سىز بولۇپ ماۋجۇشىمىزغا قول-قانات،
كەچتىڭىز ئوت، توكتىڭىز قان، قىلدىڭىز ئەلنى ئازات،
ئەڭ چىرايلىق ناخشىلاردەك ئومرىڭىز ئوتمەكتە شات،
بارمىدۇ دەيمەن جاھاندا بىزدە بار قايناق ھايات،
ھەر كوڭۇلدە سىزگە چەكسىز سويگۇ، ھورمەت، ئىشتىياق.

مەن دىسەم شەپقەتكە تولغان قەلبىڭىزنى بىر دېڭىز،
كورۇنەر چوڭقۇر دېڭىزمۇ كوزلىرىمگە بەك تېيىز،
كۆيلىسەم ئاسمانچە بار دەپ باتۇرانە قەددىڭىز،
شۇ ئىگىز ئاسمان-پەلەكتىن قەددىڭىز يۇكسەك-ئىگىز،
سىز كەبى دانا پەدەرنى كوردى ئالەم ئاز بىراق.

چېھرىڭىز تاڭدا ئېچىلغان ئەڭ گۇزەل گۇلنىڭ ئوزى،
ئەقلىڭىز بولدى قۇياش، نۇرلاندى خەلقىمنىڭ كوزى،
ئەجرىڭىزدىن ۋەتىنىمنىڭ پارلىدى ئايدەك يۇزى،
سىز سائادەت ئاسمىنىنىڭ مەڭگۇ پارلاق يۇلتۇزى،
تۇندە يول كورسەتكۇچى قۇللارغا سىز مەشئەل چىراق.

توسيالماس ئاينى ھېچكىم زورۇقۇپ ئالقان بىلەن،
ئەسلى ئوزگەرمەس دېڭىزنىڭ قانچە تاش ئاتقان بىلەن،

ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

رەخىم قاسىم

# قەدىردان جۇزۇئىلىغا مەرسىيە

ئادىتىمچە مەن بۇگۈن ئاچسام كالىنداردىن ۋاراق،
كوزلىرىمگە چۈشتى يانۋار توققۇزى دىگەن ساناق،
باستى دىلنى خۇددى تاغدەك زور مۇسىبەت، غەم، پىراق،
ئاھ... جۇزۇئىلى، رەسمىڭىزگە تەلمۈرۈپ باقتىم ئۇزاق،
ھىسسىياتىم ئاقتى شۇ سائەت بولۇپ دەريا قوشاق.

مەن قوشاق يازسام سىيادىنمۇ زىيادە ئاقتى ياش،
تۈتتى ماتەم كوكتە ئاي، كۈن، يەردە دەريا، تاغۇ-تاش،
ئاق بۇلۇتتىن ھالقىغان چوغدەك قىزىل تۇغ ئەگدى باش،
"نەدە زۇئىلى؟" دەپ سوراغلاپ ئىزلىمەكتە قىرى-ياش،
مەنمۇ قويدۇم كائىناتقا يالۋۇرۇپ مىڭ بىر سوراق.

"ئۇ مىنىڭ باغرىمدا" دەپ بەردى جاۋاپ چەكسىز ۋەتەن،
"ئۇ مەشەدە!" دىدى بىپىجىڭ ھەم شىئەن، چۇڭچىڭ، خوتەن،
"ئىككى مىڭ يىلغا يۇرۇش قىلماقتا سەپتە بىز بىلەن،

ئارسلان

## كېلەرسەنمۇ

چەۋىقتەك تولغىنىپ، گۈلدەك كۈلۈپ، دىلدار، كېلەرسەنمۇ،
كىيىكتەك ئەندىكىپ چوچۇپ، خۇمار كوز يار، كېلەرسەنمۇ.

ئىزىڭ قوغلاپ ئۈنەر گۈل، تارقىلار خۇش ھىد يولۇڭ بويلاپ،
شامالدەك ئەركىلەپ ئويناپ، بويى گۈلزار، كېلەرسەنمۇ.

ئوتۇپتۇ ئالمىشىپ ئاي-يىل ئۇمىت باغلاپ، يۈرەك داغلاپ،
ئەزىز ھالىمنى تىڭلاشقا، قۇياش رۇخسار، كېلەرسەنمۇ.

جامالىڭغا بولۇپ تەشنا يۇتۇپ قان يىغلىدىم تەنھا،
رەھىم ئەيلەپ غېرىبىڭغا، دىلى غەمخار، كېلەرسەنمۇ.

مۇھەببەت دەشتىدە ياتتىم چېچىڭ زەنجىرلىرى چىرماپ،
جېنىمنى قىينىدىڭ، ئالساڭ جېنىم تەييار، كېلەرسەنمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

”توت گېزەندە“ ئوتكۇزۇپ كەلگەچكە كۆن يالغان بىلەن،
قىلدى قەست سىزگە ئۇلار پىتنە ـ پاسات، بوھتان بىلەن،
خەلقىمىز ئۇرغاندا بىر مۇش بۇرنىدىن بولدى بۇلاق.

پارتىيىمىز تۇتتى رولنى خەلقىمىزنىڭ بەختىگە،
تەدبىرى بولماقتا كەۋسەر چاڭقىغان ئەل قەلبىگە،
دوست تۇگۇل دۇشمەنمۇ قايىل بىز ئېرىشكەن غەلبىگە،
ئاتىلىپ دۇلدۇلنى چاپتۇق ئەڭ ئاداققى پەللىگە،
ئەسلا چۈشمەيمىز ئىگەردىن بولسىمۇ مەنزىل يىراق.

ھەر كىشىگە بەكمۇ چەكلىك بۇ ئۆمۈرنىڭ مۇددىتى،
ئاشۇ چەكلىك ئۆمرىڭىزنىڭ بولدى چەكسىز قۇدرىتى،
ئېخ، جۇزۇڭلى، ئەسىرىمىزنىڭ ئىپتىخارى، شوھرىتى،
نەچچە ئەۋلات نەسلىمىزنىڭ سىزگە يۈكسەك ھورمىتى،
سىز ياشايسىز يەر ـ جاھاننىڭ ئۆمرىدەك مەڭگۈ ـ ئۇزاق!

1978 ـ يىل 9 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى.

## پۇتمەس سويگۇ

يازىمەن كۈيلەپ سېنى، ئەي ئانىجان، غەمخار ۋەتەن،
تۇپرىغىڭ ئالتۇن بوشۇك بولغاچ ماڭا، گۈلزار ۋەتەن.

جۇش ئۇرۇپ ناخشام ئاقار قوينۇڭدا دەريا سۈيىدەك،
دولقۇنىدا تاغلىرىڭنىڭ جىلۋىسى ئوينار، ۋەتەن.

چوققىلار كۆن كورمىگەن چاغلاردىمۇ يازدىم سېنى،
قان بىلەن زەنجىردىكى دىلنى قىلىپ ئىزھار، ۋەتەن.

مەن باھارىڭنىڭ رېڭىنى ئەيلەپ سىيا يازغان سېنى،
تاڭلىرىڭنىڭ ھوسنىگە بولغاچ جېنىم خۇشتار، ۋەتەن.

بۇ سەھەر يازغاندا قايتا ئەركىلەپ كۈلدى باھار،
تاۋلىنىپ ئوتقاش مىسالى كەلگۈسى رەڭدار ۋەتەن.

سەرپ قىلىپ ئومرۇم قېرىنداشىنى، ناخشاڭنى يازاي،
مىڭ ئۇمۇر يازساممۇ پۇتمەس سويگۇ-مېھرىڭ بار ۋەتەن.

1979 - يىل يانۋار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جىنىم رىشتى پاياندازدۇر يولۇڭغا، گەر كېلەر بولساڭ،
توكۇلگەن كوز يېشىمدىن گۇل-چىمەن رەڭدار، كېلەرسەنمۇ.

كېچە-كۇندۇز قىلار جىلۋە دىلىم ئەيىنىگىدە ھوسنۇڭ،
ئۇۋۇالغا قالمىسۇن سويگۇ، ئارسلان زار، كېلەرسەنمۇ.

1977-يىل دېكابىر.



كوكتىكى يۇلتۇزنى ئۈزمەك بولسا دېخانلار ئەگەر،
ئۇ بىرەر ئۈز قەددىنى شوتا قىلىپ ھىممەت بىلەن.

1975 ـ يىل قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شـۇجى

ھارۋىنى سورەر ھامان ئۇ كالىدەك غەيرەت بىلەن،
ئەجرىنى يەرگە يازار ماڭلاي تېرى — مېھنەت بىلەن،

ئىزىدىن گۈل ئۈنمىگەن جاي بارمۇ بۇ تاغ كەنتىدە،
ئارمىنى ئەل دەردىنى يەڭگىللىتىش جۈرئەت بىلەن.

كوزلىمەي شوھرەتنى، نامنى، كەلدى داشۇي پۈتتۈرۈپ،
يېزىغا بەخشەندە قىلدى ئۆمرىنى ھورمەت بىلەن.

ئاممىنى ئۇستازى قىلدى، ئاما غول، ئۇ غۇنچە گۈل،
چاچتى ھىد، بەردى مېۋە ئۆز قەلبىدىن شەرۋەت بىلەن.

يىغلىدى يۇرت يىغىسىنى، قىلدى جەڭ ئاشلىق ئۈچۈن،
يۇرىدى كوز-كوز قىلىپ مەنسەپنى ھېچ مىننەت بىلەن.

غايىسى بولغاچ قۇياش، ئۇ باشلىغان بىر بەن كىشى
ياردۇ جۇتنى ھامان لاچىن كەبى سۈرئەت بىلەن.

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋدىن

# ئىپتىخارى بىلەن

ۋەتەنگە پەسلى باھار كەلدى گۈلئۈزارى بىلەن،
ياساندى زەپمۇ گۈزەل قوينى لالىزارى بىلەن.

ئېچىلدى قىرمىزى، ئەترە، بىنەپشە گۈلشەن ئارا،
دالانى كەزدى سابا گۈل ھىدى-ئىپارى بىلەن.

چېلىپ ساتارىنى شات باشلىدى ناۋا كۈيىنى،
چىمەنگە نەغمىچى قۇشلار كېلىپ خۇمارى بىلەن.

بەخت مەيىنى ئىچىپ گۈلشەن ئىچرە قىز ۋە ئوغۇل،
يۈرۈشتى سەيلە قىلىپ ئاشىقى نىگارى بىلەن.

باھار گۈلى كەبى ئەلنىڭ ئېچىلدى، كۈلدى دىلى،
ھايات چىنارى ياشاردى بۇ گۈلباھارى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كاككۇك

سەھەردە ئويغىتىپ دىلنى خۇمارلىق سايرىدىڭ، كاككۇك،
باھارنى سەن زىمىستاندىن كۈيۈڭدە ئايرىدىڭ، كاككۇك.

قىرانىڭ بويىنى بويلاپ چىقىپ كەلسەم قېشىڭغا مەن،
نەزەر تاشلاپ ئازاق① ياققا بېشىڭنى قايرىدىڭ، كاككۇك.

ئۇ ياقتا گۈل چېچەكلەپتۇ، خىيالنى ئېپ قاچار باغلار،
بوۋام مەخمۇت بوشۇگىگە قاراپ ھېچ قانمىدىڭ، كاككۇك.

ئۇنۇڭدىن قوغلىشىپ باردىم قەدىم مەھشەت② قوچاغىغا،
ئانا ئاتۇش مۇقامىغا كويۇپ بەك يايرىدىڭ، كاككۇك.

پۇرايدۇ گۈل بىلەن ئەنجۇر قۇياش سويگەن بۇ تۇپراقتىن،
غۇرۇرلۇق ئىلكىدە كۈلكەڭ، كۈلۈپ ئايھايلىدىڭ، كاككۇك.

1981 ـ يىل نويابىر، ئاتۇش.

---

①② ئاتۇشنىڭ يېزىلىرى.

# چىرايلىق

(پۇرقەتكە تەقلىت)

دېخان قىزى، قۇياشلىق گۈلزارىڭىز چىرايلىق،
گۈلزارىڭىزغا لايىق رۇخسارىڭىز چىرايلىق.

ئېيتىڭچۇ ھەقنى، جانان، سىز ھورمۇ ياكى ئىنسان؟
سەرۋى سۈپەت ئېتىزدا رەپتارىڭىز چىرايلىق.

گۈلشەندە سىز قىزىلگۈل، كۈيلەشتە خۇددى بۇلبۇل،
جان بەرگۈچى ئېتىزغا ئەشئارىڭىز چىرايلىق.

خاھ كۈندۈزى ناھاردا، خاماندا، پاختىزاردا،
مەردانە ئۈنچە توككەن ئىش-كارىڭىز چىرايلىق.

ساپ تەر بىلەن سۇغارغان، مەي باغلىغان، قىزارغان
شاخلاردا ئالما، ئەنجۇر، ئانارىڭىز چىرايلىق.

ئىش قويىنىدا كۆرەشچان بولغاچ، قۇچۇپ شەرەپ-شان،
تاققان ئاشۇ ئۇتۇقتىن زۇننارىڭىز چىرايلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئىجادى مېھنەت ئارا ئۇنچە توكتى ماڭلىيىدىن،
بېغىغا چاچتى ئۇرۇق، يەڭ تۇرۇپ ناھارى بىلەن.

بۇ يىلقى يازدا چومۇچ ھەم قازانمۇ ماي بولدۇ،
تولۇپ ھوسۇلغا ئېتىز، باغلىرى ئانارى بىلەن.

ئۇلۇغ دىيارى باھار پەيزىگە چومۇلگىنىدە،
ھەقىقى يايرىدى خۇشتارى ئېپتىخارى بىلەن.

1980 ـ يىل فېۋرال.

# بۇلبۇلغا

گۈل ئاشىقى ئەي بۇلبۇل، تۈر، سايرا، ناۋا قىلغىن،
سۆندى قەپىزىڭ چۇلچۇل، ئۇچ، سەيرى ھاۋا قىلغىن.

گۈل پەسلى چىراي ئاچتى، گۈلشەنمۇ ئىپار چاچتى،
قۇزغۇنلار بەدەر قاچتى، سەن كوكتە جۇلا قىلغىن.

قوي، بولما تولا غەمكىن، بوستاندا ئۇچۇپ ئەركىن،
گۈللەرگە قونۇپ تەمكىن، خەندانە سادا قىلغىن.

كوپ كۈتتى سىنى گۈلزار ناخشاڭغا بولۇپ خۇمار،
سەن باشتا دىگەن: "گۈليار"، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن.

گۈل، غۇنچە توكۇپ شەبنەم، ھىجرىڭدە چېكىپ كوپ غەم،
قان بولدى دىلى، سەن ھەم كەل ئەمدى، داۋا قىلغىن.

ئىشق جامىنى ئىچمەككە، دىل تارىنى چەكمەككە،
گۈل ۋەسلىگە يەتمەككە سەن جاننى پىدا قىلغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتىپ قەلەمدە رەخمەت، ئىزھار ئېتىپ مۇھەببەت،
تۇزدى چەمەن شېردىن خۇشتارىڭىز چىرايلىق.

1980 ـ يىل نويابىر.



# تارىم

بۈيۈك تارىم، بۇ يۇرتۇمدا ئېقىنلار ئىچرە سەرۋەرسەن،
تولۇپ، دولقۇن ئۇرۇپ ئاقتىڭ ئەسىرلەپ، شۇنچە قەيسەرسەن.

سېنىڭدىن سۇ ئىچىپ ئەتراپ يېشىل بوستانغا ئايلاندى،
يۈرەكلەر ياشنىدى، قاندى، ھاياتقا ئابى كەۋسەرسەن.

تويۇندۇردۇڭ، تويۇندۇرغۇچىسەن ئەجدادۇ-ئەۋلادنى،
تومۇرغا قان بولۇپ سىڭدىڭ. ئەزەلدىن روھىي پەرۋەرسەن.

ئېقىپ كەلدىڭ قەدىمدىن گاھى ئويناقلاپ ۋە دولقۇنلاپ،
ۋە بەزەن لايلىنىپ ئاقتىڭ ۋە بەزەن خۇددى مەرمەرسەن.

قۇچۇپ ئاقتىڭ ئانا يۇرت باغرىنى، سۈيدۈڭ كېچە-كۈندۈز،
شۇڭا لەززەتلىنەر ئىچكەندە جانلار، شەھدۇ-شەككەر سەن.

بۈگۈن قىرغاقلىرىڭدا سايرىشار مەدھى ئوقۇپ بۇلبۇل،
تۈمەن مىڭ مەدھىگە لايىق باھارىڭغا مۇيەسسەر سەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈلشەنگە بولۇپ خۇشتار، ھەر تاڭدا كورۇپ دىدار،
بوستاندا ئوقۇپ ئەشئار، بۇرچۇڭنى ئادا قىلغىن.

1980 ـ يىل دېكابىر.

# زوھراسى سەن

سەن نازاكەت گۈلشىنىنىڭ بىرگۈلى رەناسى سەن،
ئاشىقى زار بۇلبۇلۇڭنىڭ دىلبىرى بەرناسى سەن.

ھور ۋەتەننىڭ ئىشقىدا يالقۇنلىنار قەلبىڭ سېنىڭ،
سەن مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ گوھىرى يەكتاسى سەن.

نۇر چاچار چولپان كەبى باققاندا شەھلا كوزلىرىڭ،
تۈننى روشەن ئەيلىگەن نۇر مەشئىلى سىماسى سەن.

لەۋلىرىڭ تاڭدا ئېچىلغان ئاچقان قىزىلگۈل غۇنچىسى،
غۇنچە ئالدىڭدا خىجىل، بەلكى ئۇنىڭ زىباسى سەن.

بەختىيارلىق ئىلكىدە تۇتتۇم قولۇڭنى، ئەي پەرى،
ئەمدى خۇشتارنىڭ ئۇمۇرلۇك يارى سەن، ھەمراسى سەن.

كەل، يېزىلسۇن ئۇمرىمىزدىن چىن مۇھەببەت قىسسىسى،
تاھىرىڭ گەر بولسا خۇشتار، قىسسىنىڭ زوھراسى سەن.

1981 - يىل دېكابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەزىم تارىم، ساڭا جانىم نىسار، قەترەڭگە مەن خۇشتار،
ماڭا ئابى ھايات بەرگەن ئەبەتلىك يارۇ-دىلبەرسەن.

1981 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.



ئۇ گۈزەللىك ئالىمىنىڭ خۇددى چولپان يۇلتۇزى،
قويمىسا ھەم ئاي يۈزى ئايدەك يورۇپتۇ، ئۇسمىنى.

1981 ـ يىل ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## تۇرسۇنئاي ھۇسەين

# ئوسمىنى

بىر ئوماق خوشنام قىزى دەمدەك قويۇپتۇ ئوسمىنى،
قاشىنىڭ قارالىغى كەمدەك قويۇپتۇ ئوسمىنى.

بىر لەقەم قويدۇم كۈلۈپ قىزچاقىقا "ئوسما ئوغرىسى"،
شۇ زامان يۈگرەپ ئېقىن سۇدا يۇيۇپتۇ ئوسمىنى.

ئوسكىلەڭ كىرپىكلىرىدىن ياش توكۈپ ماجان كەبى،
بېغىغا كىرگەن پېتى قويماي يۇلۇپتۇ ئوسمىنى.

بايقىدىم شۇندىن بۇيان قالغاچ قاناتى قېشىغا،
بارچە قىزلار قويسىمۇ، قويماس بولۇپتۇ ئوسمىنى.

ئاق يۈزى، شەھلا كوزى چاقنار پەلەكنىڭ ماھىدەك،
شۇ ھوسۇنىنىڭ ئالدىدا ناباپ كورۇپتۇ ئوسمىنى.

جانان قىزاردى"ۋىل" قىلىپ، كەتتى كوزۈمدىن ئوت يېنىپ،
"چاك" قىپلا تەگدى تەستىگى، ئۈندى ئىڭەككە خىنەگۈل.

"قالمامدۇ بىزنى خەق كورۈپ، كەتتىم نومۇستىن مىڭ ئۆلۈپ،
كەپسىزلىكىڭدىن كەلمەگەي بۇ باغ تەرەپكە خىنەگۈل" —

دەپلا قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ، قاچتى شورامدىن تولغۇنۇپ،
ياقتى مۇھەببەت ئوتىنى دىلغا شۇ كەچتە خىنەگۈل.

ئاغرىق ساقايماس بىسەۋەپ شۇ قول بىلەن قويماي سىلاپ،
سەندىن بولەككە باقمىغاي كوڭلۈم ئەبەتكە خىنەگۈل.

1981 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# خىنەگۈل

باغىمنى گۈلزار ئەيلىدىم، تەردىم چونەككە خىنەگۈل،
تارقاتتى خۇش ھىد ھەم ھوزۇر بەردى يۈرەككە خىنەگۈل.

تام خوشنىمىزنىڭ شوخ قىزى، قەلپ ئاسمىنىمنىڭ يۇلتۇزى،
كۈلدى شورامدىن بىر قاراپ ئوخشاپ سۈرەتكە خىنەگۈل.

خوشنام قىزنى ئويلىدىم، ناخشامدا ھەر كۈن كۈيلىدىم،
كىرسە بېغىمنى خۇش كورۇپ، تولغاي پۈرەككە خىنەگۈل.

بىر كەچتە ئايدىڭ ئاخشىمى چاڭ كەلتۈرۈپ مەن ناخشىنى،
كىرسەم بېغىمنى چۈمكىگەن ھال رەڭ يىپەككە خىنەگۈل.

بۇنداق بولۇشنى نىم بىلەي، كوڭلۈم كۈلۈشنى نىم بىلەي،
شۇ قىز ئۈزۈپتۇ تولدۇرۇپ باغدىن ئېتەككە خىنەگۈل.

تۇتتۇم بىلەكتىن "ئوغرى"نى، دىدىم: "يۈرەكنى ئورتىدىڭ،
بىر بوسە بەرسەڭ ئامرىغىڭ يەتكەي تىلەككە، خىنەگۈل".

قاچان، قايدىن بولۇپ پەيدا زىمىنگە تاشلىدى سايە،
ئەسىرلەر تارىخىن ئاچقاي قۇرۇپ دىل سوھبىتى توغراق.

كورۇڭ، ئۇندا قەدىم تارىم بويى ئابادىغا يەتكەن،
بۇڭا شاھىت قولى ئالتۇن نەسلىنىڭ مېھنىتى توغراق.

يېشىل تۇرقى بىلەن مىڭ يىل ياشار ئۇ پانى ئالەمدە،
گۇزەل ئارزۇ-ئۇمىت تولغان كوڭۇلنىڭ ئۇلپىتى توغراق.

ياشايدۇ دەيدىكەن باقى بولۇپمۇ ئۇ يەنە مىڭ يىل،
ئاتا قىلغاچ غولىغا سۇ ئانا يەر جەننىتى، توغراق.

يەنە چىققاي يېڭى بىخلار ئۇنىڭ يىلتىز، غولى بويلاپ،
بولۇپ چەكسىز جاھان، پۇتمەس ئۇمۇرنىڭ تەقلىتى توغراق.

ئاڭا باقسام ۋۇجۇدۇمدا سىزەرمەن بىھساپ دەرمان،
شۇڭا دەيمەن: جەسۇر خەلقىم سىماسى، خىسلىتى توغراق.

2

كۇزەتچى قەلبىدەك ئويغاق، تۇرار چولنى بېقىپ يۇلغۇن،
دىيارىم باغرىغا مەزمۇت، تىرەن يىلتىز يېيىپ يۇلغۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇللا سۇلايمان

# جەنۇپ غەزەللىرى

## 1

ئۇلۇغدۇر شۇ قەدەر "تەكتى ماكان"نىڭ زىننىتى توغراق،
دىلىمدا ئەيلىنەر زىكرى مۇقەددەس ھورمىتى توغراق.

نىچۈن قايىللىغى ئاشماس غۇرۇر ئىلكىدىكى جانىنىڭ،
نامايەن تۇرسا قەددىدە ھاياتنىڭ قۇدرىتى، توغراق.

يىراقتۇر ئۇ بىراۋغا سۇ، ئۇزۇقنىڭ ئىلتىجاسىدىن،
چىدام، غەيرەت ئۇچۇن ئۈلگە، شۇنىڭدا قىممىتى، توغراق.

ھىرىپ چولدە، كوزى مەنزىل تامان باققاندا كارۋانلار،
بىرەر ئىلھام ئۇچۇق بويلاپ سوزۇلغان رەت-رىتى توغراق.

قىلىپ ئالەمنى مالەم باسسىمۇ سەلكىن، بوران قانچە،
تۇرار تىك، بەستىدە ئۇرغۇپ باھادىر جۇرئىتى توغراق.

کی سایرام بۇلبۇلی سویدی ئۇنی گۈلـدىن کورۇپ ئەلا،
ئۇدی ئۇ نىم شبهت، کەتتی مۇزات تاققا تىکىپ يۇلغۇن.

بىلىڭ، دوستلار، قىزىل قاندىن ئۇنۇپ چىققان گىيادۇر ئۇ،
تولۇپتۇ هوسنىگە ئەمدی چېچەکتىن گۈل قىسىپ يۇلغۇن.

دىمەڭ هەرگىز ئۇنی ئاددی چېچەك، ئۇ بىر ئۇيۇل قاندۇر،
تۇرار مەڭگۇ تېنىـدە شۇ قەۋرلەرنی يېپىپ يۇلغۇن.

بۇگۇن ئاشماقتا ئەجداتلار ئۇلۇغ ئارزۇلىری ئىشقا،
ئوسەر شانلىق شېهىتلەر روهىنی خەندان ئېتىپ يۇلغۇن.

3

قۇياشلىق پەسلىگە يەتتۇق، جىمی ئەل بەختىيار هازىر،
بۇ يۇرتقا خوجا بولغانـلار دىلىدا ئىپتىخار هازىر.

ياراتتۇق بىر يېڭی دۇنيا قەدىم تارىم پايانىدا،
جىمی ياق سەبزەرەڭ بولدی — كوكەردی لالىزار هازىر.

كورۇڭ، كورلا بېغىدا ئاق چېچەك دىلنی قىلار مەپتۇن،
بۇ نەشپۇت يۇرتىنىڭ هەممە يېقىدىن گۈل پۇرار هازىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تالاي شىرزادىغا نۇسرەت ئاتا قىلغان قەدىم يۇرتتا
ئۈنۈپ چىقتى شۇ كەچمىش جەڭ ئىزىدىن بەت ئىچىپ يۇلغۇن.

يورۇڭقاش هەم زەرەپشان قەھرىدىن ئاققان چېغى تارىم،
ئۇسۇپ ياپراقلىدى دەرتمەن يېشىغا هەم قېنىپ يۇلغۇن.

تاراسلاپ چاپتى جەڭگاھتا قىساس تۇلپارلىرى كىشنەپ،
كۈچەيتتى ئوچ-غەزەپ ياۋغا، لاۋا-ئوتتا يېنىپ يۇلغۇن.

ناۋايى «خەمسە» ئىلهامى بىلەن چوللەرنى كەزگەندە،
كى مەجنۇن سىردىشى بولدى خىياللارغا پېتىپ يۇلغۇن.

ئامانىسا-مۇقام پەرزەندىنىڭ ئەسلى ئويى جاڭگال،
ئۇنى باقتى ئوتتۇنچى ئاتىسى هەر كۈن سېتىپ يۇلغۇن.

بولۇپ سۈرگۈن ئىلىغا، ئالتەشەر ئوغلانى ماڭغاندا،
بوران، يامغۇر پانا جايى ياساپ قوندى كېسىپ يۇلغۇن.

ئانا يىغلاپ بارار چولدىن، قوساقتا پەهلىۋان سادىر،
قاراپ قالدى يولىغا نوزۇگۇمنىڭ ياش سېپىپ يۇلغۇن.

پەلەك ئالماشىسمۇ، كوردى مۇتەللىپ يەنە شۇم قىسمەت،
كۈرەشچان كۈيگە جۆر بولدى شائىرغا كۈچ قېتىپ يۇلغۇن.

مەئشەت كوچتى باغلارغا، يېتىلدى مۆلەر سەرخىل،
رىياللىق جەننەتۇلمەئۋاسىغا دىللار خۇمار ھازىر.

ئۇمىت زور، تېخىمۇ گۈللەش بىلەن كەلگەي زەپەر قولغا،
كى بولغاچ پارتىيە بۇندا خەلقىقە غەمگۇزار ھازىر.

1980 - يىل ئىيۇل، خوتەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياساپ ئاقسۇمۇ شاھانە پولانى، بولدى ساھىپخان،
قىزىتتى بەزمە، مەشرەپنى ۋەلىيانە كۇچار ھازىر.

توكۇپ ساپ تەر ئۇنۇم كوردى مانا ئەنـجۇر بىغى ئاتۇش،
ئېلىپ تاشتىن گوھەر، بولدى ئۇلار شان، توھپىكار ھازىر.

باھار ئالدى يېڭى ئەندىز ئەزىز قەشقەر قوچاغىدىن،
چىمەندە رابىيە گۇلچى، كى سەيدىن ئۇستىكار ھازىر.

گۇزەل ئىلچى يېپەك زىلچە، يېپىندى شايى، خان ئەتلەس،
يورۇقلاش سۇيىدە جىلۋە قىلار نۇرلۇق ناھار ھازىر.

يېپىلغاچ چاۋىسى چىتقا ستەمكار ئون ئاياز ـ قىشنىڭ،
بېپەپ روناق تېپىشنىڭ كەڭ، تولۇق ئىمكانى بار ھازىر.

جەنۇپنىڭ خەلقى كۇچ تاپتى پۇكۇلگەن قەددىنى رۇسلاپ،
قازان مايغا تويۇنغاچقا، چومۇچتىن ماي تامار ھازىر.

ئىلىم ـ پەن بېغىدا ئەركىن قانات قاقماقتا بۇلبۇللار،
سەپەر پەرھادىغا باقتى كۇلۇپ شىرىن نىگار ھازىر.

ھوسۇل خامانلىرى مەغرۇر كۇئىنلۇن بىرلە ياندىشتى،
پېشانە تەرى توككەنـگە بېرىلگەچ ئېتىۋار ھازىر.

بۇ پەيتنى، دىلبىرىم، ئارزۇ قىلىپ كۈتكەن ئىدۇق قانچە،
چېكىپ ئۇن يىل پىغان، ھىجران بىلەن ئۆتكەن ئىدۇق قانچە.

پەلەكنىڭ گەردىشى سەرسان چۆلگە تاشلىدى بىزنى،
ئۇ چاغ كۆزدىن گويا يامغۇر يېشى تۆككەن ئىدۇق قانچە.

ئۇچۇشقا بولمىغاچ ئىمكان، قونۇشقا نەدە بولسۇن گۈل،
بولۇپ مەھكۇم قەپەزگە ئاخىرى چۈشكەن ئىدۇق قانچە.

چوڭايتتى ھەسسىلەپ ھىجران دىغىمنى زەي، سىيىق تۇرمە،
ھۆكەر يۇلتۇزىدەك ئاستا يېنىپ ئۆچكەن ئىدۇق قانچە.

غۇبارسىز قەلبىمىزنى قىلدى تۆھمەت ئوقلىرى مەجرۇھ،
ئۇزاق ئويلاپ خىيال دەرياسىغا چۆككەن ئىدۇق قانچە.

ئېسىڭدە، دىلبىرىم، ئۇ چاغ دىدىم: ھەرگىز يېشىڭ تۆكمە،
غەزەپلىك دىلغا بىر ئەھدۇ-قارار پۈككەن ئىدۇق قانچە.

جاھالەت لەشكىرى، ناخشا — كۈيۈمنى بەر! — دىدۇق تەڭلا،
شۇ نەپرەت بىرلە تۇت جىننى تازا سوككەن ئىدۇق قانچە.

*

تۇغۇلدۇق ئىككىمىز، دىلبەر، بولۇپ چولپانى سەنئەتنىڭ،
ئېسىمدە ئەتكىنى ئەللەي ئانا غەمخانى سەنئەتنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ناخشا مۇھەببىتى

گۈزەل دىلبەر، ئۈمىت قىلغان ۋىسال پەيتىڭ باھار كەلدى،
تويۇڭنى ئەتكىلى تەبرىك بۇگۈن دوستلار قاتار كەلدى.

قولىدا دەستە گۈللەرنى تۇتۇپ، دىلدىن توكۇپ ناخشا،
ئۇسۇلچى قىز-يىگىت بىرلە كۈيى ياڭراق دۇتار كەلدى.

بېغىڭغا قوندى كاككۇكمۇ تويۇڭغا بولغىلى داخىل،
يېنىدا ئاشىغى زەينەپ، بولۇپ جۇپ سويگۈ-يار كەلدى.

بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ يىراق سەھراسىغا يەتكەچ تويۇڭ داڭقى،
بويى زىبا، يۈزى ئوتقاش، مىسالى گۈل ئانار كەلدى.

قېنى، باشلا ئەزىز مېھمان-يارانىنى تورگە ھورمەتتە،
بۇ كۈنىڭ شەنىگە ئوتلۇق غەزەل، داستان يازار كەلدى.

قولۇم تۇت، دىلبىرىم، مەھكەم چىقايلى بىللە مۇنبەرگە،
شۇ تاپ تويىڭ ناۋاسىغا پۈتۈن ئالەممۇ تار كەلدى.

*

بۇ ئىخلاس، خاھىشى ئەلنىڭ چىقاردى بىزنى يۈكسەككە،
ئەگەر ئەل بولمىسا ياشنارمىدۇق نوتا سۈرۈپ جۇپ-جۇپ؟!

كى دەرمان بەرمىگەن بولسا يۈرەك ئىشقىغا ئەل مېھرى،
كېتەتتۇق خۇددى قۇم باسقان بۇلاقتەك بىز قۇرۇپ جۇپ-جۇپ.

شۇڭا ئىمكانى كەڭ دەۋران ئۇچۇن تىللاردا تەبرىكلەر،
ئېچىلدۇق بىز، ئېچىلدى مىڭ-تۇمەن گۇللەر تولۇپ جۇپ-جۇپ.

قېنى، دىلبەر، بۇ توينىڭ ئەھلىگە تۇنجى شاراپ تۇتقىن،
كۆتەرسۇن سەپدىشىم مەيدىنى ۋىسال پەيتىنى كورۇپ جۇپ-جۇپ.

سېنىڭ شان-شوھرىتىڭ ناخشا، ئۇسۇل—جانىنىڭ گۇلىستانى،
مېنىڭ دىل خوشلۇغۇم—ئۇتمەك غەزەل، داستان تۇزۇپ جۇپ-جۇپ.

*

قوشۇپ توي ئەۋجىگە شاتلىق، پەلەككە ياڭرىسۇن ناخشا،
جاھان ئەھلى گۈزەل ئولكەم تىلىدىن ئاڭلىسۇن ناخشا.

ئېقىپ پۇتمەس بۇلاقتەك ئۇ كوڭۇللەر بېغىغا ھەر چاغ
چېچەك ئاررۇسىنى ھەممە پەسىلدە ئاقلىسۇن ناخشا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىنا بولغان ئىكەن بىزنى ياراتقان بۇ زېمىن كۆيدىن،
چوڭقايدۇق يىلىسىرى بىزمۇ بولۇپ دىلخانى سەنئەتنىڭ.

سەبى دىللارغا ئەجداتنىڭ پىغان، مۇڭ، دادى ئىز سالدى،
ئۇ چاغ يانغان ئىدى قەھرۇ-غەزەپ گۈلخانى سەنئەتنىڭ.

رەزىل ياۋ كوكسىگە ياڭراق مۇقامنى ئوق قىلىپ ئاتتۇق،
چېكىنمەي قىلچە جەڭگاھتىن، بولۇپ پالۋانى سەنئەتنىڭ.

بەخت كۈلدى، ھاياجاندىن ئۇسۇللار ئوينىدىڭ قانماي،
يېزىلدى جۈپ، چىۋەر قولىدا ئىسىل داستانى سەنئەتنىڭ.

دىدۇق: بىز ئىككىمىز ناخشا-ئۇسۇلغا باغلىدۇق رىشتە،
نە ئارمان چىقسا جان تەندىن بولۇپ قۇربانى سەنئەتنىڭ.

زامان ئىبلىسلىرى بىزنى يۇتالماس ئەۋۋىلى-ئاخىر،
ئازات بۇلبۇلغا خاس ئەمدى گۈزەل بوستانى سەنئەتنىڭ.

*

ۋاپادار دىلبىرىم، كۈلدۇق بۈگۈن نىچۈن بولۇپ جۈپ-جۈپ؟
قىلىپ قانداق بۇ مەشرەپنى قىزىتتۇق بىز تۇرۇپ جۈپ-جۈپ؟

بۇنىڭغا ھەق جاۋاپ بىرلا: ياشايدۇ سويگۇ ئالەمدەك،
شۇ ئىخلاستىن يارالغان كۆي ئاقار دولقۇن ئۇرۇپ جۈپ-جۈپ.

# دوستۇمغا

كورۈڭ دوستۇم، بېغىمدا گۈل-چېچەكلەر شاخلىنار ئەمدى،
چېچەكتىن سىزگە گۈلدەستە، پاياندا ز راسلىنار ئەمدى،
چىمەن سەيناسىدا ھەر كۈن يېڭى توي باشلىنار ئەمدى،
نازاكەت بۇلبۇلى تويدا بولەكچە شاتلىنار ئەمدى،
ئىلىم-پەن كارۋىنى شانلىق سەپەرگە ئاتلىنار ئەمدى.

يېتىپ كەلدى ئۇزاقتىن زارىقىپ كۈتكەن گۈزەل دەۋران،
قېنىپ ۋەسلىگە قول تۇتتى نىگارى بىرلە تاھىرجان،
كىشىگە بارمۇ دۇنيادا بۇنىڭدەك كەڭ تاشا ئىمكان!؟
ياراتتى پەيزى بۇ چاغنى بولۇپ كومپارتىيەم غەمخان،
بۇ يۈكسەك مېھرى-شەپقەت جەڭ-چېلىشتا ئاقلىنار ئەمدى.

ئەمەلدە ئىشنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن دائىم كېرەك غەيرەت،
جاپا چەكمەي تۇرۇپ قانداق يېتىلسۇن گۈل بىلەن نېمەت،
بۇ يولدا سەن ئۆگەنسەڭ ھېچ بوشاشماستىن ھۈنەر-سەنئەت،
ۋۇجۇدۇڭغا پەقەت شۇندا پۈتۈلگەي بىر ئىسىل خىسلەت،
چېلىشتا مەرت بىلەن قورقاق ھەققى چاغلىنار ئەمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلايلى بىز ھەزەر مەيدە قېقىپ يالغاننى سوزلەشتىن،
ھەقىقەت جارچىسى بولسۇن، رىيانى تاشلىسۇن ناخشا.

بوۋام چالغان تەۋەرۇك ساز يېڭى مەرغۇلغا سازلاندى،
بۇگۈن ئۇچمەن ھەسەتخورلار كوزىنى ياشلىسۇن ناخشا.

يۇسۇپ، مەھمۇت، ئامانىسانى تۇققان ئانىجان يۇرت بۇ،
ئوزۇك، سادىر كەبى ئوغلان ئىشىنى يادلىسۇن ناخشا.

نۇرانە ئەتىگە ئىلھام بېرىپ، مەغرۇر جاراڭلاپ ئۇ،
بولۇپ چولپان، جاھان سەنئەت كوكىدە چاقنىسۇن ناخشا.

ئومۇر بەك قىسقىدۇر، قىسقا، غەزەل ئېيتايلى بار ئۇندە،
ئەگەر بىزلەر ئولۇپ كەتسەك، نەۋرلەر باشلىسۇن ناخشا.

1980 ـ يىل ئاۋغۇست، خوتەن.

روزى سايىت

# گۈلباغنى كور

كور، بۈگۈن ئىلچى بازارى مەركىزى گۈلباغنى كور،
ھەممە ياق مەمۇرچىلىق، ئەرزانچىلىق بىر چاغنى كور.

ھوپىگەرلەر بازىرى تولغان خېرىدارلار بىلەن،
زىلچە، خورجۇن، شايى، ئەتلەس، داستىخان، بەلۋاغنى كور.

سەن گۇرۇچ، بۇغداي ئالامسەن؟ مەرھەمەت، "پىل - پىل"①گە بار.
ئۇندا دېخانلار ھوسۇلدىن راسلىغان چەش تاغنى كور.

گوش كېرەكمۇ؟ يۈر، بارايلى "ئۈچ بۇرجەكلىك رەستە"②گە،
خالىغان يەردىن كېسىشكە مەن كېپىل، پەش، ياغنى كور.

---

① پىل - پىل — يەر نامى.
② ئۈچ بۇرجەكلىك رەستە — بازارنىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ياساپ پەندىن قاناتلىق قۇش، مىنىپ ئايغا بەلەن ئۇچقىن،
شىجائەتلىك بولۇپ، ئوكيان ـ دېڭىزلاردىن لەھەڭ تۇتقىن،
قېزىپ چۆلدىن بۇلاق، ئەجرىڭ بىلەن كەۋسەر، شاراپ يۇتقىن،
ئېشىپ تاغۇ ـ داۋانلاردىن زەپەر جانانىنى قۇچقىن،
ئەلەمدىن يۈرىگى ياۋنىڭ تېخىمۇ داغلىنار ئەمدى.

بىلىڭ، دوستۇم، بۇ دۇنيادا ۋەتەندەك ياخشى يار بولماس،
ۋەتەن ـ ئەل خىزمىتىن قىلغان كىشى ھەرگىزمۇ خار بولماس،
ئىلىم ـ پەن قولىنى تۇتساق، كوڭۇل يوقلۇقتا زار بولماس،
ئىجاتكار خەلقىمىز باركى، بۇ ئىمكان مەڭگۇ تار بولماس،
شۇڭا بارچە جاپا ـ مۇشكۇل بېلىدىن قاتلىنار ئەمدى.

1979 ـ يىل، قەشقەر.

# سەنئەتكارغا

## شائىر

مەگەركى شائىر ئۇغلانسەن، قەلەمدىن دۇر، جاۋاھىر چاچ،
نەزىم تۇلپارىنى چاپتۇر، ھەقىقەت بابىدىن سوز ئاچ.

پىكىر ئوكيانىدا ئۈزسەڭ رىياللىق ساھىلىن كوزلە،
قۇرۇق گەپ يورغىلاتماقتىن ھەزەر قىل، نەچچە پەرسەڭ① قاچ.

بۇگۈن دەۋران بولەك، يوقتۇر خەبەردارى قۇرۇق گەپنىڭ،
بۇ يەڭگىلىغ ساختا ئىلھامغا تەبەر چاپ ئۇيىنىتىپ ئەلۋاج②.

زامانە باغچىسىغا كىر، "ھارام شاخ"نى ئايانماي كەس،
چىرايلىق گۇلنى مەدھىلە، بۇ خىسلەتكە زامان مۇھتاج.

باھارى كەلدى سەنئەتنىڭ، تۈزۈلدى كەڭ-تاشا سورۇن،
قارا، بۇلبۇل غەزەل ئېيتىپ، ئۇسۇلغا دەسسىدى قالغاچ.

① پەرسەڭ — ئۈزۈنلۇق ئولچەم.
② ئەلۋاج — ئايلاندۇرۇش.

مېھمىنىڭ كەلگەنمىدى؟ تەييارغۇ تۇندە ئاشپۇزۇل،
مۇھ يەمسەن؟ ھەر سېۋەتنىڭ قويىنىدا مىڭ باغنى كور.

يىل مۇقەددەم پۇل تېپىش تەس، خەشلىمەك ئاندىن قىيىن،
بۇ بازار خۇددى مازار، ئۇ چاغدىكى دەرت، داغنى كور.

ئەمدى كورسەڭ سوتسىيالىزىم ئايان يۇرت باغرىدا،
ئىزلىسەڭ گەر جەننەتۇل مەئۋانى، كەل، گۇلباغنى كور.



كەلدى كوكلەم پەيتى، ئەمدى قىممىتىڭ ئاشتى سېنىڭ،
كەلدى پۇرسەت سايرىماققا ئېچىلىپ تاڭ پەردىسى.

توي بۈگۈن، يۇرتۇمدا سەنئەت ئەھلىنىڭ شاتلىق تويى،
چال دۇتار يېڭى مۇقامغا، ئەي خەلق سازەندىسى!

## ئۇسۇلچى

دۇخاۋا پەردە قايرىلدى، ئۇسۇلچى شوخ قانات قاقتى،
ئۇنىڭ لەرزان ساماسىغا جىمى كوز زوقلىنىپ باقتى.

قەدەملەر بەك چەۋەر، نازۇك بەدەنلەر تالى مەجنۇندەك،
نەپىس ھەركەت، ماھارەت لەززىتى دىللارغا ئوت ياقتى.

ئېگىلگەندە بىلەك، بەللەر، يېپىلغاندا ئېتەك، يەڭلەر،
چاۋاك ئوركەشلىرى خۇددى بېسىقماي سەل بولۇپ ئاقتى.

ئايار پەسلىدە "توت مەلئۇن" جىمىنى كونىغا جوراپ،
دىگەن رەققاسچىنى "غىلجىڭ"، "مۇقام ئەرۋاھى"، "ھاڭۋاقتى".

بۈگۈنچۇ، تاڭ بەخش ئەتكەن باھاردىن بەھرىمەن سەنئەت،
ئۇنىڭ ئەھلى، خېرىدارى ھوزۇرىنىڭ قەنتىنى چاقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىنجات ئەت مەردۇ-مەردانلارغا خاس نادىر ئەسەرلەرنى،
ئۇلۇغ كومپارتىيە مېھرى سىنىك باشىدا تاج-دەۋۋاج.

## سازەندە

چال دۇتارىڭنى مۇقامغا، چال، خەلق سازەندىسى،
كۆڭلىمىزگە زوق بېرەر، ئەي ناخشىنىڭ پەيۋەندىسى.

كەلدى دەۋرانىڭ، بۇ كەمدە تاپتى ئارمانىڭ مۇرات،
كەتتى باشىدىن زىياندىشىنىڭ كۆلاھۇ-جەندىسى.

شۇ زىمىستان يىللىرىدا شوخ مۇقامىڭ ھەپسىدە،
باستى ئالەمنى ھۇقۇشىنىڭ سەت، زەھەرلىك خەندىسى.

يۇكلىدى ئۇستۇڭگە بەدنام "فېودالىنىڭ لەۋزى" دەپ،
ھەم ئىزا تارتماي دىدى: "سازەندىلەر—گال بەندىسى".

بولمىغاچ ئاشكارا ئىمكان، ھوجرىدا تۈزدۈڭ بەزىم،
دوق، بېسىم ئىچرە جاراڭلاپ تۇردى ئىشقىڭ نەغمىسى.

شۇ مۇھەببەتلىك كۆيۈڭنى توسقىلى يەتمەي ماجال،
بىر يولى گۇم بولدى جىنلارنىڭ ئۆزى ھەم ھەيۋىسى.

# جاھان شۇنچە گۇزەل ئەمدى

(ت. ئېلىيوپىنىڭ شۇ نامىلىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

بۈگۈن مەشرىق قۇچاغىدا بەختتىن ئاقتى سەل ئەمدى،
ئۇزاقتىن ئاززۇلاپ كۈتكەن ئۈمىتلەر بولدى ھەل ئەمدى،
پىچىلدى تون جاھالەتكە، رىيازەت يوق تۈگەل ئەمدى،
كورۇنمەكتە كوزۇمگە بۇ جاھان شۇنچە گۇزەل ئەمدى،
بۇرۇختۇملۇق تۈگەپ، ئەركىن نەپەس ئالماقتا ئەل ئەمدى.

جۇدۇننىڭ پەيتى كەتكەچكە، ئازات ئىسكەنجىدىن پۈت-قول،
نىشان، مەنزىل ئېنىق ھەمدە ئايان توغرا، خاتا، ئوڭ، "سول"،
بېقىبان ئالدى-كەينىگە تىڭىرقاشقا بۇ دەم يوق چول،
راۋانلاشتى ئۇلۇغ كومپارتىيە ئاچقان شۇ داغدام يول،
تېپىپ ئوز يولىنى ئىشلار ئىزىغا چۈشتى دەل ئەمدى.

ئىچىپ بال-كەۋسىرى شەرۋەت ھايات تەشناسىغا تويدى،
ئادالەت شەمشىرى تۈزكور زۇغۇينىڭ كوزىنى ئويدى،
باھارىنىڭ نۇر جۇلاسى گۈل-چېچەكلەر مەگزىگە سويدى،
ھەقىقەت يالقۇنى ئورلەپ، بىشەم كويدۇرگىلەر كويدى،
تولەش يوق قارغۇ توھمەتكە بىكار تولەم-بەدەل ئەمدى.

شۇڭا كەمچەت تۇماق، مەخمەل جىلىتكە نۇرلىنىپ چوغدەك،
ئۇسۇلنىڭ ئەۋجىدە جانان چاۋاكتىن گۈل-ئۇقا تاقتى.

1980-يىل ماي، خوتەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا خاس ئەمرىگە تاڭنىڭ ئاداققى پەرزۇ-قەرزىمۇ،
دىلىم غەشتىن ئادالاندى، بولەكتىن تۇتتى پەيزىمۇ،
بولۇپ جۇر ياش يىگىت-قىزغا راسا توۋلاي غەزەل ئەمدى.

1980 - يىل، خوتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جاپاكەشكە بېقىپ دەۋران كۈلۈپ ھورمەتتە گۈل تۇتتى،
تىلەكلەر غۇنچىلاپ، نوۋەت ئۇلارنىڭ بولدى يار-جۈپتى،
كۈرەش مەيدانىدا نايناق كورەڭلەر گۇم، خەلق ئۈتتى،
زىيانداش رودۇپايلار قان شوراپ ئاخىر زەھەر يۇتتى،
كىمىكى توكسە ئاچچىق تەر، ھوسۇلى قەن-ھەسەل ئەمدى.

تاما قىلغان بىلەن تەرسىز، پولا ئۇسقان تاۋاق نەدە؟
ۋە ياكى خىش، ياغاچ تىزماي تۇرۇپ، تەييار راۋاق نەدە؟
كىشى ئەجرىگە تەييارغا بۇگۈن پۇرسەت، كاۋاك نەدە؟
ياسانچۇق ھەم قۇرۇق گەپلەرگە ھورمەتلىك چاۋاك نەدە؟
يۇرۇش تەس كوچىدا كىم قىلمىسا سوزگە ئەمەل ئەمدى!

زامانىي يۇرت قۇرۇش ھازىر جىمى سوھبەتكە چوڭ ماۋزۇ،
كوتەردى يەلكىدە تاغنى بولۇپ ئەل رۇستەمى، بەررزۇ①،
تالاي يىللار تاناۋى قىسقىرىپ قىلغان چېغى ھەر زو،
كوڭۈل ئازادىلىك تاپتى، قاناتلاندى ئۇمىت-ئاررزۇ،
ئۇتۇشكە يېڭى ئۇتكەلدىن راسا باغلاندى بەل ئەمدى.

بۇگۇن تاپتى باھاسىنى توكۇلگەن تەرۇ-ئەجرىمۇ،
ھاياتتىن رازىمەن، يوقتۇر تېرىقچە زارۇ-ئەرزىمۇ،

---

① رۇستەم، بەررزۇ—قەدىم تارىختىكى باتۇرلار.

# ھاسىل

ئىرىپ مەدەن ھارارەتتە بولۇر مەزمۇت پولات ھاسىل،
ئىلىم-پەن ئىشقىدا يانغان يۈرەكتە ئىجتىھات ھاسىل.

دېڭىزدۇر پەن تېرەن-چوڭقۇر، ئەگەر چوكسەڭ بولۇپ غەۋۋاس،
سۈزۈپ كوپ ئۈنچە-مەرۋايىت قىلارسەن كەشپىيات ھاسىل.

خەتەرسىز ئايغا قونماقمۇ بۈگۈن بىز "بەندە" گە مۇمكىن،
ئەمەس بۇ سىرى ئالەمدە ئېچىلماس تىلسىمات ھاسىل.

سەپەر مەنزىلىگە يەتمەك ئۈچۈن پەندىن كېلەر سۈرئەت،
نە سۈرئەت، سۈرئىتىڭگە بولىدۇ پەندىن قانات ھاسىل.

ئۈنى سۆيسەڭ بولۇپ كەمتەر جىمى ئىشقىڭ بىلەن دائىم،
ساڭا نۇسرەت قىلار سوغا، ئۈنىڭدىن چىن مۇرات ھاسىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەتقاسىم مەتنىياز

## ھازىر

دەۋر ئالماقتا ھەركىمدىن يېڭىچە ئىمتىھان ھازىر،
شىجائەت ئىقتىدارىغا بېرەر ئىنئام زامان ھازىر.

قۇرۇق سوزگە تىلەپ شوھرەت ئىگىز پەشتاقتا ۋەز ئېيتقان
بەتەھقىق كۆلكىگە قالغاي، بولالماس قەھرىمان ھازىر.

توكۇپ تەر، قېن-ناۋات چىشلەپ، تاۋار، دۇردۇنغا پۇركەنسە،
ئەجەپلەنمە، شەرەپلىك ئۇ، مەدەتكار پاسىۋان ھازىر.

كەشپ ئەيلەپ ھۇنەر كورسەت، ئىجاتتىن راسلىغىن خامان،
جىمىكى توھپىكارلىقنىڭ يولى داغدام، راۋان ھازىر.

رىيازەت دەشتىدىن ھالقىپ زەپەر لەۋھەسىنى ئالساڭ،
كى ھورمەت تەختىدە جايىڭ، باياشات داستىخان ھازىر.

ئوتتۇشكە ئەل سىناغىدىن گوزەل ئىقبالغا ئات سالدىم،
كېلەركەن نى خەتەر، مۇشكۇل، يېڭىشكە مەن ھامان ھازىر.

پەسلىدىن ئىش ئىلگىرى ئاي-كۈن ساناپ مولچەرلىسەم،
ئويلىدىم: بۇ يىل دىخاننىڭ ئامىتى ئارتۇق ئىكەن.

مولچىلىقىا مەس بولۇپ كىردىم باراقسان هويلىغا،
قارشى ئالدى بىر بوۋاي، چىھرى ئەجەپ نۇرلۇق ئىكەن.

ئاق ناۋاتنى تىلدى ئۇ، كەلتۈردى ئامۇت ۋە ئۈزۈم،
تىلىدىن تامدى شىكەر، كوڭلى زاماندىن توق ئىكەن.

"يولنى تاپقاندا ئىش، ئىلدام بولاركەن ئۆزگىرىش" —
دەپ ماڭا ھىكمەتنى يەشتى، ھەر سوزى يوللۇق ئىكەن.

## بەختىكامىنىڭ بەختى

بەختىكام شاتلاندى بەكمۇ دوۋە دان-چەشنى كورۈپ،
ئويىدە بۇغدايغا لىق تاغاردىن ئون بەشنى كورۈپ.

ھىچ ئادا بولالمىغان ئاش قەرزىدىن ئۇ ئىلگىرى،
بەختىدىن ئۆزگەن ئۈمىت ئىغىزدا سەكرەشنى كورۈپ.

ھوددە يەر مەھسۇلىدىن ئالدى مۇكاپات شۇنچە كوپ،
بولدى قايىل ئەجرىنى جىڭ بىرلە ئولچەشنى كورۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يېزا تەسىراتلىرى

(سېكىل)

## ئۆزگىرىشنىڭ ھېكمىتى

نەگىلا باقسام زىرائەتلەر بەلەن، بولۇق ئىكەن،
جۈپ باشاق ھەر تۈپ قوناقتا، دانلىرى تولۇق ئىكەن.

شۇنچە كۆپ غوزەك كېۋەزلىكتە، كىرىپ كەتتىم چوكۇپ،
كۆپ تېرىلگەندىن كېيىنكى بۇ تېخى قالدۇق ئىكەن.

چوڭ لىگەندىن كەم ئەمەس ئاپتاپپەرەسنىڭ باشلىرى،
تاختىدا قوغۇن ساناقسىز، شاپتۇلى سولۇق ئىكەن.

قىر ۋە ئۇستەڭ بويىدا شاخلاپ زاراڭزا ئۇخشىغان،
يەر دىگەن ئادىل سېخى، كەڭ ئالقىنى ئۇچۇق ئىكەن.

قايسى جەننەت بېغى بۇ دەپ زەڭ قويۇپ باقسام قاراپ
بۇ ماڭا باشتىن تونۇش "قاغىش قېپى شورلۇق" ئىكەن.

بۇ زامان شۇنداق زامانكى ئىشلىگەن چىشلەيدىغان،
يوق پەقەت تەر توكمىسەڭ مانتا، پولا، ئاق نان ساڭا.

ھىلە جىڭدا توختىماس، لاپ بىرلە توشمايدۇ تاغار،
قىلمىغاي يۈز خاتىرە "جىڭ پادىشا-سۇلتان" ساڭا.

ئەر-خوتۇن ساغلام ئىكەنسەن، تەر توكۈپ قىلساڭ ئەجىر،
خۇددى ئەلدەك قەد كوتەرمەككە تولۇق ئىمكان ساڭا.

"دەرت" لىرىڭدىن ئال ساۋاق، ئىشلەشكە بەلنى باغلىغىن،
مېھنىتىڭ قىلغاي مۇكاپات-پايدىنى ئېھسان ساڭا.

## دىخاننىڭ سوزى

سازچى سايراتقان كەبى تەمبۇرگە تەڭكەش دېپىنى،
ھەر كەسپ ئەھلى بىلۇر ئۆز كەسپىنىڭ تىل-ئېپىنى.

پاسىۋان كومپارتىيە كورسەتتى بىزگە توغرا يول،
تىڭشىدى ئەل دادىنى، يۈرەكتىكى سىر-گېپىنى.

كەستى دەۋران قايچىسى ئىدرەك-ئەقلنى چىرمىغان
چىم، قىياق يىلتىزىدەك بۇيرۇق، قاماللار يېپىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنىمۇ شاتلىق، پاراغەت چاغلىرى بولدى ئايان، —
دەيدۇ ئەل بۇ يۇرتنىكى ئالەمچە گۈللەشنى كورۇپ.

## ئال ساۋاق

ئاڭلىدىم "دەرد"ىڭنى، ھەققەن "پىتنىخور" ئىنۋان ساڭا،
كىمدىن ئاغرىنساڭ بىكار، ھىچ پايدا يوق گەپدان ساڭا.

"ئۇ مۇكاپات نامىدا ئىپ كەتتى نۇرغۇن ئاشنى" دەپ،
چىدىماي ۋايساپ يۈرۈپسەن، مەن تولا ھەيران ساڭا.

ئىشلىگەن چىشلەيدۇ شۇنداق ئەجرىدىن چايناپ ناۋات،
ئەمدى ئەسقاتماس قۇرۇق گەپ—ئوقى يوق پىستان ساڭا.

قارا تەرگە چومسە ھەممە هوددە يەردە ياز بويى،
بەزمىگە ئەپلىك بولۇپتۇ تال باراڭ، ئايۋان ساڭا.

چايناماق بولساڭ ئەگەر ياغ، باشقىلاردەك چوپ يىغىپ،
باقمىساڭ ساغلىق قوتاندا، سەمرىمەس پاخلان ساڭا.

سەن ئەگەر يۇلغۇن، قومۇشلۇقلار ئارا ئوۋ قىلمىساڭ،
ئۇچرىماس يول، رەستىدىن ھەتتا توكۇر توشقان ساڭا.

جېلىلى

# دوستانە تىلەك

قولۇڭ بەرگىن، ئەزىز دوستۇم، داۋانلاردىن ئاشاي بىللە،
جاپا ـ مۇشكۈل، ھالاۋەتتە ئۇمۇرۋايەت ياشاي بىللە.

ساڭا ھەمدەم بولۇپ ئىشتا باھار، ياز، مەيلى كۈز، قىشتا،
ۋەتەنىنىڭ ئوتىدا كويۇپ، سۆيىدە مەن ئاقاي بىللە.

قىلىپ غەيرەت، شىمايلاپ يەڭ، قاقاس چولدە قىزىتساڭ جەڭ،
تىرەپ مۈرەمنى مۈرەڭگە، گۈلىستان باغ ياساي بىللە.

سائادەت ئىشقىدا ھەر تاڭ توكۇپ كۆي سايرىساڭ چاڭ ـ چاڭ،
قىلىپ بۇلبۇلنى زەپ خۇشتار كۆيۈڭگە كۆي قاتاي بىللە.

جېلىلى، قايتما لەۋزىڭدىن، دىسەڭ بۇ سوزنى قەلبىڭدىن،
ئۆزەمدە قانچە نۇر بولسا، شۇنى ئەلگە چاچاي بىللە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

”قىردا بار، قىرلاشتا يوق“ لەيلەڭگۈلەرگە يوق شامال،
تەك-باراۋەر بولدى ھەممە، تۈتتى كەتمەن سېپىنى.

مەھسۇلاتقا ھەق ھېساپلاش توھپىنىڭ تارازىسى،
چىقتى ئايرىپ مەرت بىلەن تەييار تاماق، نان قېپىنى.

خانىغا ئايلاندۇق بۈگۈن دېخانچىلىقنىڭ تەختىدە،
قايتا ئاچتۇق شاتلىنىپ رىسالىمىزنىڭ بېتىنى.

ئەتىنى قىلدۇق نىشان، بولغاچقا ماڭغان يول راۋان،
كۆللىنىش ئەييامىدا ئاچتۇق گويا كاج قۇلپىنى.

پارتىيە باي بول دېدى، ماڭدۇق پاراغەت يولىغا،
تاپتى قىممەت ئەجرىمىز، كۆلدى پاراغەت چولپىنى.

بىگىرەك ھەيدەكچىلىك، ئەمگەككە ماك دەپ چاقىرىش،
قامچىلاپ تۇرغاچقا بىز غەيرەت-شىجائەت ئېتىنى.

ھەركىشىنىڭ ئىلكىدە تەقدىر-نېسىۋە تىزگىنى،
خۇددى ئالتۇن قىلىمىز ئالقاندا شورلۇق توپىنى.

ئاپىرىن! مىڭ ئاپىرىن! ئادىل تۈزۈم قىلسۇن داۋام!
ئەل-ۋەتەنگە ئەمدى قوشقايمىز مۇناسىپ توھپىنى.

## 2

گەرچە ئاسمان كومتۆرۈلسە، غەم يەمەس غاپىل كىشى،
ھەمنەپەس بولغاي كۆرەشتە ئەل بىلەن ئاقىل كىشى.

ھەقنى كوزلەر، ھەقنى سوزلەر، ھەق ئۈچۈن جاندىن كېچەر
بېشىغا يۈز مىڭ بالالار كەلسىمۇ ئادىل كىشى.

ئوتقا سال، دەرياغا سال، مەيلى قاۋان، يىلۋىزغا سال،
ھەممىگە تەييار تۇرار كوكرەك كېرىپ دادىل كىشى.

تىلسىماتنىڭ غارىغا جۈرئەت بىلەن قويغاي قەدەم،
مەرىپەتنىڭ نۇرى دىلدا چاقنىغان قابىل كىشى.

بۇ گۈزەل دەۋرانىمىز مۇھتاج پىداكار كىشىگە،
ئەي جىلىلى، بول ئاشۇ دەۋرانىغا باپ كامىل كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى غەزەل

## 1

كىشىكىم پاك ياشار مەڭگۈ ئۇنىڭدا چىن غۇرۇر بولسا،
ئىجات ئاسمانىدا ئۇچقاي جاسارەتلىك، غەيۇر بولسا.

ھاياتى تاپقۇسى روناق ھالال مېھنەت بىلەن تەردىن،
جاپا چەكمەك ئاڭا ھەر دەم گويا راھەت، ھوزۇر بولسا.

بولالماس ئۆمرىدە ھېچكىم خاتالىقتىن ھامان خالى،
تۈزەتكەن ياخشى يولداشتۇر ئەگەر نۇقسان-قۇسۇر بولسا.

كىشىكىم بولسا جۇرئەتلىك، شىجائەت بابىدا ئۈستۈن،
سۈزەر شۇ ۋەجىدىن ھەتتا دېڭىز تەكتىدە دۇر بولسا.

پالاكەت ھەم ھالاكەتنىڭ ئاناسى يەككە-يالغۇزلۇق،
كىشى ئارمانىغا يەتكەي كۆرەشتە ئەلگە جۇر بولسا.

ۋەتەن، ئەل نەپىگە كويمەك كىشىگە زور سائادەتتۇر،
جېلىلى، سەنمۇ بۇ يولدا جېنىڭدىن كەچ، زورۇر بولسا.

چىچەكلەر، گۈل بىزەكلەرمۇ چىراي كورسەتتى شاخ ئۈزرە،
ئوتتۇپ ئاز كۈن شىكەر-شەرۋەت قىلۇر ئۇندا جۇلا پەيدا.

تۈزەر گۈلدەستە شائىر نەزمىدىن گۈل پەسلىدە ئەلگە،
ئەجەپلەنمەڭكى، ئەسقەر بولسا گۈلشەندە يانا پەيدا.

2

باھار كەلدى، كوكۈلدە بولدى خۇشلۇق دەممۇ-دەم پەيدا،
گادا ئىلكىدە بولغاندەك مىسالى مىڭ دەرەم پەيدا.

باھار پەيزى قەلەمكەشلەر دىلىدا قوزغىدى ئىلھام،
مېنىڭ ھەم بولدى ئىلكىمدە قەدىناسىم قەلەم پەيدا.

زىمىن گۈلدۇر، ساما ھەم گۈل، تەبىئەت تۇتتى گۈلگۈن مەي،
سىزەر بولغان كەبى ھەركىم قولىدا جامى جەم① پەيدا.

ساخاۋەت سۈيىنى ئاسمان پەرىسى يەرگە سەپكەندە،
ۋىسال ئەييامىدا ئاشىق لىۋىدە بولدى نەم پەيدا.

---

① جامى جەم — قەدىمقى ئىران شاھى جەمشىت توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىكى ئاجايىپ خىسلەتلىك جام كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسقەر ھۇسەيىن

# باھار نەزمىلىرى

## 1

باھار ئەييامى كەلدى يۇرتقا، بولدى خۇش ھاۋا پەيدا،
كورۇك، ھەر دىلدا شاتلىق، ھەر كالامدا مەرھابا پەيدا.

تۇرۇپ ناز ئۇيقۇدىن تاللار ئۇسۇل ئەۋجىدە تولغاندى،
ئېلىپ دەم تاڭ سەھەر بولغاچ چىمەندە شوخ سابا پەيدا.

قىيانلار يامرىدى، جان كىردى جۇتتىن مۇزلىغان سايغا،
بولۇپ ئىللىق باھاردىن باغرىغا مەلھەم-داۋا پەيدا.

زىمىستان رەنجى قان قىلغان يۇرەگىن غۇنچە كورسەتتى،
توكۇشكە دەردىنى بۇلبۇلمۇ بولدى گۇل ئارا پەيدا.

ۋىسال بەزمىسىدە كۇيلەر توقۇپ سانسىز غەزەلخان قۇش،
ئۇرۇپ قەھقە گۇلىستان ئىچرە قىلدى يۇز ناۋا پەيدا.

ناخشلار ئاھ چەكتى قەلبىمدىن چىقالماي بىر مەھەل،
مۇڭلىنىپ چاڭ-توپا ئىچرە ياتتى تەمبۇر تارىسىز.

قالمىدى مەن كىرمىگەن كوي، ئەي باھار، ۋەسلىڭ ئۈچۈن،
بولسا مەجنۇن نەئەجەپكىم لەيلىنى دەپ ئارىسىز.

ئىخ، باھار! كەلدىڭ مانا، ئاچتىم قۇچاغىمنى ساڭا،
كىم دىگەي ئەسقەرنى ۋەسلىڭ بەزمىسىدە يارىسىز.

4

گۈل چىچەگى گۈل دەپ كىرىپ، كوردۇم سېنى گۈلشەن ئارا،
گۈلگە ئوخشاتتىم سېنى ئول نەرگىسۇ-سەۋسەن① ئارا.

"لاپ" قىلىپ يانغاندا ئوتلۇق كوزلىرىڭ يۇلتۇز كەبى،
"جىغ" قىلىپ قالدى يۈرەك، ئوت چۈشتى جانۇ-تەن ئارا.

گۈل زىناغىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قارا خالىڭ كورۇپ،
دەپتىمەن بال ھەرىسى پاتقانمىكىن گۈلقەن ئارا.

---

① نەرگىس، سەۋسەن — گۈللەرنىڭ ئىسىملىرى.

تاراتتى گۈل ئىپاردىن بۇي، ئىرۇر مەست ھەر دىماغ، گوياـ
گۈلۈم سۇمبۇلىدىن بولدى دىماغىم ئىچرە تەم پەيدا.

يىشىلگەن تال ـ تىرەكلەردە ناۋا قىلغاندا كاككۇكلار،
بولۇپتۇ زاغۇ ـ ھۇقۇش كوكسىدە دەردۇ ـ ئەلەم پەيدا.

كەل، ئەي گۈل يۈزلۈگۈم، گۈلزارغا، ئەسقەر بىرلە بول ھەمە-
دەم،
بىھەد خۇرسەن ئىدىم ئالدىمدا بولسا شاھ سەنەم پەيدا.

3

سايراين بۇلبۇل بولۇپ كەلگەچ باھار ئازارىسىز،
ھەم كۈلەي كاككۇك بولۇپ ھەر لەھزە ئاھۇ ـ زارىسىز.

ۋادەرىخا، قىش بويى ئۇتتۇم كۈنۈ ـ تۈن بىناۋا،
ئاھ، قاچان قىلغان ناۋا بۇلبۇل گۈلۈ ـ گۈلزارىسىز.

بولدى كوڭلۈم خانىسىگە قايغۇ مېھمان، دىل سۇنۇق،
بولمىغاي ئاشىق دىلى ھەرگىز پۈتۈن دىلدارىسىز.

بولدى چېھرەم گۈل غىمىدە كەھرىۋا يەڭلىغ سېرىق،
گۈلنى قويىكىم، بولدى ئۇل جانانە گۈل رۇخسارىسىز.

ئەھەت ئامان

## ئاقسۇ

ئانام سەن مېھرى ئوت ـ ئاتەش، دىيارىم باغچىسى ئاقسۇ،
بالاڭ مەن، ساڭا باغلانغان دىلىمنىڭ رىشتىسى، ئاقسۇ.

كى جەننەت تەسۋىرىن ھەركىم خىيالەن ئەسلىمەك بولسا،
ئاڭا بەرگەي گۈزەل ھوسنۇڭ تەسەۋۋۇر ئۈلگىسى، ئاقسۇ.

ئوتەر تۆرلۈكچە خىسلەتتە سېنىڭ ھەر قىش، باھار، يازىڭ،
بەتەھقىق كۆز "ئېچىل سۇپرا"، ساخاۋەت غەزنىسى ئاقسۇ.

جىمى نېمەتتە تەل جاينى سوراپ كورسە پەرىشتەلەر،
تېپىلغاي ئول خېرىدارغا سېنىڭدە ھەممىسى، ئاقسۇ.

شۇڭا بارلىق تائام شاھى سېنىڭ شەنىڭ ئۈچۈن تەييار،
ئاتالغان شول سەۋەپ خەلقىڭ جاھان تۈز ئۈستىسى، ئاقسۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر موكۇپ، ئىككى بېقىپ ئالدىڭ ئەقىلدىن سەبرىنى،
باغلىنىپ كەلدىم قېشىڭغا چوگىلەپ دەرتمەن ئارا.

"كەل" دىدىڭ تاتلىق كۈلۈپ، بەردىم سالامىمنى كېلىپ،
جۈپ ئىدۇق، تاق چۈشتى سايە سۈدىكى سەھۋەن ئارا.

سەن دىدىڭ: ساپ سويگۈمىزگە ئەھدىمىز بولسۇن كېپىل،
مەن دىدىمكى: ۋەدە يالغان بولمىغاي سەن-مەن ئارا.

دوست ئارا قويساڭ جاپاغا مەيلى قويغىن، رازى مەن،
قويمىغىن ئەسقەرنى ئەسلا كۈلكىگە دۈشمەن ئارا.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

## يۈرەك نەزمىسى

تۇغۇلدۇم سەندە ھور جۇڭگو، لېۋىمدە كۈلكە، چاغ ۋاقتىم،
باھارنىڭ بۇلبۇلى يەڭلىغ ئۇرۇپ خەندە، قانات قاقتىم.

چېلىشلاردا يېڭىش بىرلە ئەبەت سولماس باھار تاپتىڭ،
باھارىڭغا مۇھەببەتلىك يۈرەك-باغرىمنى مەن ياقتىم.

يۈرەككە قان، ھاياتقا جان سېنىڭ نېمەتلىرىڭ ھەرچاغ،
تېرەن يىلتىز سۇرۇپ ئىللىق قۇچاغىڭدا چېچەك ئاتتىم.

يۈرەكنىڭ شاتلىغى تاشتى قۇياش نۇرى سىڭىپ تەنگە،
بولۇپ مەنمۇ قىزىل غۇنچە، شۇ نۇرغا تەلپۈنۈپ باقتىم.

باياۋاندا چېچەكلەپ قۇم، بىنا قىلغاندا گۈلباغلار،
چىمەنلەر بەرگىگە تارقاپ ياشارتقان سۇ بولۇپ ئاقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاراسەت بابىدا سەرخىل ھۈنەر-سەنئەت مۆجەسسەمدۇر،
گۇۋا «مىڭ ئۆي»، «زەپەر نامە»، بۈيۈك كۆي سەھنىسى ئاقسۇ.

ئاۋاپ بىرلە كېلەر ھەر كۈن تۈمەن سەيياھ قۇچاغىڭغا،
ئۇرۇن ئالغاچ شېھىتلەرنىڭ سېنىڭدە قەۋرىسى، ئاقسۇ.

ئەقىدە ئۆلگىسى شىرىن، قىزنىڭ قەلبىگە ئەندازە،
دىمەك ئانچىكى مىشچانىنىڭ ماڭا يات جىلۋىسى، ئاقسۇ.

تۇغۇلغاچ مەن سېنىڭدەك بىر ئىپار ھىدلىق گۈزەل يۇرتتا،
ئۇزۇمنى سېزىمەن ئەل-يۇرت، جاھاننىڭ ئەركىسى، ئاقسۇ.



## قەشقەر ھەققىدە مۇخەممەس

بەختىنىڭ يۇلتۇزى يانغان جامالىڭ بىغۇبار، قەشقەر،
دىيانەت گۇلشىنى باغرىڭ، نۇرانە گۇلباھار قەشقەر،
ئۆزىگە جەلىگەن مېھرىڭ شارابىنى ئانار، قەشقەر،
جامالىڭ ۋەسپىگە شۇنچە بولۇپ مەن ئىنتىزار، قەشقەر،
كوڭۇل جامىدا مەي تۇتتۇم، قوبۇل قىل، بەختىيار قەشقەر.

قىرىقتىن ھالقىدىم مەنمۇ، يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى،
ھايات ۋادىسىنى كەزدىم، بېشىمدىن قانچە ئىش ئۆتتى،
ئۇمىتىنىڭ شامىنى جانان ئوچۇرمەي زارىقىپ كۈتتى،
ۋىسال بوستانىدا چولپان جۇلالىق نۇرىنى توكتى،
سېنى كورمەكنى ئارزۇلاپ قىلىپمەن ئىختىيار، قەشقەر.

بېھىشتەك بەشكىرەمىگدە بوۋام ئالەمگە كوز ئاچقان،
پەلەكنىڭ گەردىشى بىرلە نادامەت ئاگا ياماشقان،
ۋىسالنى دىلغا جا ئەيلەپ، كېزىپ چول، تاغ-داۋان ئاشقان،
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ياۋنىڭ يۈزىگە قەھرىنى چاچقان،
باھادىر، مەرت نەسىللەرنىڭ تېنىگە كۆچ-مادار قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭچۈن كىزى كەلگەندە تىكەننىڭ ئۈستىدە ياتسام،
تىنىم يايراپ كۈلۈپ دەيمەن: چىمەندە ئېغىناپ ياتتىم.

جاپا چەكمەي سەپەرلەردە يېتەلمەس پەللىگە كارۋان،
دىمەسمەن زارلىنىپ يولدا ئەجەپ كۆلپەت، ئازاپ تارتتىم.

ھاياتىمدا تاقاپ ئوتسەم قىزىل چوغلۇقنى كوكسۈڭگە،
ئۆزۈمدىن رازى بوپ دەيتتىم بەختىنىڭ قەنتىنى چاقتىم.

1976 ـ يىل ئوكتەبىر.



**مۇھەممەت ئىمىن**

# ئۈمىت يۇلتۇزلىرى

## 1

قانائەت پاتقىغى چوڭقۇر، قىيىن چىقماق پېتىپ قالساڭ،
"كامالەت" ياستۇغىن قىرلاپ خۇدۇڭ بىلمەي يېتىپ قالساڭ.

بارار دولقۇن يېرىپ ئۇرلەپ بۇيۇك ئارزۇدا ھەمرايىڭ،
كىلەمدۇ شان-زەپەر قولغا يېرىم يولدا ھېرىپ قالساڭ.

ئۇتۇق، توھپەڭ ئەمەس پەللە چېكى ھەرگىز ئىجادىڭنىڭ،
ئەمەسمۇ سەت تەكەببۇرلۇق تونىغا چۈمكىنىپ قالساڭ.

نومۇس ئىشتۇر ۋەتەن-ئەلگە سۇنۇپلا تۈنجى جامىڭنى،
ئەمەل، شوھرەت، پاراغەتكە تاما بىرلە بېقىپ قالساڭ.

پەقەتلا شۇمىدى سەندىن ۋەتەننىڭ كۈتكىنى، ئويلان،
كورەر بولساڭ يۇكۇڭ كوپتۇر ئۈمىت ئىشكىن ئىچىپ قالساڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قاچانكىم تاڭ ئېتىپ ئاخىر مۇرادىڭ چاقنىدى پارلاق،
راۋابىڭ تارىنى چەكتىڭ سائادەت بېغىدا قوۋناق،
لېۋىڭدە ئويىنىدى كۈلكە، دىلىڭدىن ئۇرغىدى قوشاق،
سېنىڭ بەختىڭگە زوق ئەيلەپ جاھان رەنالىرى مۇشتاق،
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي مەنمۇ، سويۇملۇك گۈل دىيار قەشقەر.

بوۋامنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن سېنىڭ ئېزگۇ قۇچاغىڭغا،
جەھەننەم ئوتى ئۆچقۇندۇر سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭغا،
كوزۇمنىڭ شەبنىمى تامسۇن بېقىپ سەرۋى سىياقىڭغا،
نەئارمان خال بولۇپ چۈشسەم سېنىڭ گۈلدەك ياناقىڭغا،
سېنى مەن ئەيلىسەم تەرىپ تىلىمدىن بال تامار، قەشقەر.

ئىلى بېغىدا بۇلبۇلمەن، قىلارمەن گۈل ئارا خەندە،
ئېتەرمەن پەرۋىرىش ھەردەم سېنىڭ ئىشقىڭنى پاك تەندە،
زىيارەت ئەيلىسەم دوستلار جامالىنى كورۇپ سەندە،
قالارمۇ زەررىچە ئارمان مەگەر پۈتسە نەپەس تەندە،
راۋابىڭغا قىلاي دەيمەن كوڭۇل رىشتىمنى تار، قەشقەر.

1980 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

جامائەت ئەقلى زور ئوكيان، سىنىڭ تامچە نىھايەت، بىل،
يىگانە قاي ئىشىڭ ئاققاي جاپا چەكسەڭمۇ، تالساڭمۇ.

ئوزۇڭنى ئەۋلىيا چاغلاپ كىرىلسەڭ گەر خاقانلاردەك،
بولارسەن كۆل كويۇپ ئاخىر ئۇيۇل تاشتىن يارالساڭمۇ.

تەمەننادىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇلۇغ قاينامغا تاشلانساڭ،
تاپارسەن قەدرى-قىممەتنى پەقەت تامچە ئاتالساڭمۇ.

3

كوزۇڭنى ئاچ، گۇزەل، پارلاق، يىڭى دەۋرانغا باق ئەمدى،
كىلەچەك چىللىغان جەڭگە كىرىپ كوكرەكنى ياق ئەمدى.

ئوتۇپ كەتتى قارا باسقان قاباھەت، يىرگىنىشلىك تۈن،
نۇرانە تاڭدا ئەنبەردەك كۆلۈپ چاچ خۇش پۇراق ئەمدى.

بىراۋنىڭ ئەجرىدىن سەمرىپ ياشاشتەك بىنومۇس ئىش يوق،
ئوزۇڭ ئىشلەپ ھالال تۆككەن تەرىڭ قەنتىنى چاق ئەمدى.

ناۋات يوق ئەمدى ھورۇنغا، كاچات تەگمەيدۇ ئىشچانغا،
قۇرۇشقا باي، گۇزەل تۇرمۇش يولۇڭدا يوق توساق ئەمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇساپەڭ بەك ئۇزۇن، مۇشكۇل، ھەربىر -چارچاشنى يات قىلغىن،
بوسۇپ چاتقال، نىشانىنى تاپ، سەپەردە ئازغىنىپ قالساڭ.

قانائەتنى يىراق قوغلاپ، شىجائەتتىن كەمەر باغلاپ،
تىرىش، ئىنتىل، ۋەتەنگە سۆن تېرىگىدىن دۇر تېپىپ قالساڭ.

غۇرۇر، ھورمەت بىلەن تىلغا ئالار نامىڭنى ئەۋلاتلار،
ئەگەر ئەجرىڭ بىلەن خەلقىڭ يۈرىگىگە يېقىپ قالساڭ.

2

تەكەببۇر بولمىغىن ئەسلا شەھەر، قورغاننى ئالساڭمۇ،
سىلىپ دۇنيانى لەرزىگە زەپەر سازىنى چالساڭمۇ.

غادايغانچە قەدەم باسساڭ، كوزۇڭ كورمەس ئىگىز -پەسنى،
ئاتارسەن ئاخىرى موللاق زىرەك پالۋان سانالساڭمۇ.

دىگىن: شۇ زور ئىمارەتكە پەقەت ئاددىلا خىش قويدۇم،
ئىجات، ئەجرىڭدە ئالتۇندىن قەسىر، ئايۋاننى سالساڭمۇ.

قاچار ئابرۇي يىراق شۇنچە ئۇنى قانچىكى قوغلاشساڭ،
شەرەپ ئەلگە چاكار بولماق توۋەن پەگادا قالساڭمۇ.

# باغ قىزى

تولدى سەرخىل مىۋىگە باغ غەيرىتىڭدىن، باغ قىزى،
قاندى دىل مىۋىگە بەرگەن شەرۋىتىڭدىن، باغ قىزى،
بولدى سەل ئىلھام ھىساپسىز نېمىتىڭدىن، باغ قىزى،
ئېيتتى كۈي شائىر سويۈنگەچ ھىممىتىڭدىن، باغ قىزى،
تۈزدى شوخ مىسرانى قۇرغا ھىكمىتىڭدىن، باغ قىزى،

بۇ ئىدى تاشلارغا تولغان كەڭرى ساي بەش يىل بۇرۇن،
يەڭ تۈرۈپ كەلگەنچە ساينىڭ قوينىدىن ئالدىڭ ئورۇن،
كەتمىدىڭ، مۇشكۇلنى يەڭدىڭ، قاچتىمۇ مىشچان، ھورۇن،
شان-شەرەپ قۇچتۇڭ بولۇپ ھەر بەيگىدە تالماس قۇلۇن،
بۇندا بىر بوستان يارالدى خىسلىتىڭدىن، باغ قىزى.

نە ئىمىش بوستان، ئېرەمدۇر بارچە شات يايرايدىغان،
شىرنىسى بالدەك ئۈزۈمنى ياغ كەبى چاينايدىغان،
ساپ تېرىڭ چوغدەك چېچەكلەر بەرگىدە چاقنايدىغان،
ھەر چېچەكنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇل خوشال سايرايدىغان،
قالدى توز ھەيرەتتە كوركەم جەننىتىڭدىن، باغ قىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھاياتىڭ ئۈتمىسۈن سۈسىز ئېرىقتەك قاغجىراپ ئاخىر،
ئەجىر، مېھرىڭنى ئاققۇزغىن قىلىپ ئەلگە بۇلاق ئەمدى.

مۇشەققەتسىز ئەمەس بۇ يول، بېلىڭنى باغلا مەرتلەرچە،
ئۇلۇغ ئىشلارغا قەلبىڭدە تۇتاشسۇن ئىشتىياق ئەمدى.

ئەزىز ئوغلان دىگەي خەلقىم سىلاپ بېشىڭنى ھورمەتتە،
ئوتەر بولساڭ ئەگەر كەلسە خەتەر، مۇشكۇل سىناق ئەمدى.

بولۇپ تەشنا كۈتەر ئىقبال ئېچىپ قوينىنى جاناندەك،
يېتەرسەن ۋەسلىگە ئۇچساڭ، ئەمەس مەنزىل يىراق ئەمدى.

1981 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

كەلسمۇ مۇشكۇل سىناقلار، ئەگمىدىڭ قەددىڭنى سەن،
ئىپتىخارىڭ جىلۋە قىلغاي سوغىتىڭدىن، باغ قىزى.

1981 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

پوستى چاك كەتكەن ئانارلار شۇنچە تەشنا قارىشىپ،
دەيدۇ: "ئۇزا"، زۇمرەت يوپۇرماق ئارىسىدىن مارىشىپ،
تامچىتىپ شەرۋەتنى ئەنجۇر شاخقا گۇلدەك يارىشىپ،
ئېگىلەر يۇمشاق شامالدا ياپرىقىنى تارىشىپ،
بەرىكەت تاپقان سېخى ھەر كوچىسىدىن، باغ قىزى.

چاچىدۇ گىرۋەككە ئۇنچە شوخلىنىپ ئاققان ئېرىق،
شاۋقۇنى ئەيلەيدۇ ئىزھار مېھرىنى شۇنداق ئېنىق:
"قانچە يىل بولدۇق بۇرۇختۇم، يوق ئىدى ئەركىن تىنىق،
قولى گۇل ئاچقاندا ئاندىن ئالدى رەڭ رەيھان قېنىق"،
ئەل-ۋەتەن، دوستلار رىزادۇر خىزمىتىڭدىن، باغ قىزى.

كىم ئاياق باسسا بۇ يەرگە كەتكۈسى كەلمەس پەقەت،
ھەر كوچەت، ھەر گۇل كىشىنىڭ مەيلىنى تارتار قەۋەت،
نەغمىسى شاتلىق بېغىشلار دىلغا زوق، تەنگە مەدەت،
بەزمىسى قايناق ھاياتنىڭ قىزىغاي ئايەم سۆپەت،
ئايلىناي جەننەتكە بەرگەن زىننىتىڭدىن، باغ قىزى.

ئاتىغاچ نۇرلۇق ۋەتەنگە مېھرى چوغ قەلبىڭنى سەن،
كوزلىگەچ ئۇنتۇپ ئۇزۇڭنى بەختىيار خەلقىڭنى سەن،
چولنى گۇل قىلدىڭ ئۇرۇنلاپ ئاخىرى ئەھدىڭنى سەن،

تاك قۇياشى چىقتى ئاندىن ھوسنىدىن نۇر ياغدۇرۇپ،
سىلدۇرۇپ ھورمەت ئۇلارغا داجىدى سەييارىلەر.

قىر سىلىپ ئالدى ئىرىق، يەر رەتلىدى، سالدى ئۇرۇق...
يازدى ئەمگەك ئىشقىدىن قايناق، لىرىك ئەشئارىلەر.

كىردى سۇرەتتەك گۈزەل تۇسكە ئىتىز ھەم كەڭ دالا،
باي، پاراۋانلىق ئۇچۇن ئۇل تىكلىدى گۈليارىلەر.

يېزىمىز جانانلىرىنىڭ ئوتىدۇ شۇنداق كۈنى،
جۇپ بولالمايدۇ ئۇلارغا نان قېپى بىزارىلەر.

## دېخان قىزى

ئايمۇ گۈل ھوسنىڭگە لال، مەستانىدۇر، دېخان قىزى،
غەيرىتىڭ تاك بۇلبۇلى داستانىدۇر، دېخان قىزى.

ئاقكوڭۇل، ئىشچانلىغىڭ، زىرەك، جەسۇر، باتۇرلۇغۇڭ
چىن گۈزەللىكنىڭ ئەمىر ـ سۇلتانىدۇر، دېخان قىزى.

ناخشا ئېيتساڭ ياڭرىتىپ، تىڭشايدۇ بۇلبۇل زوقلىنىپ،
بىغۇبار قەلبىڭ غەزەلنىڭ كانىدۇر، دېخان قىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاھىتجان غوپۇر

# باھار غەزەللىرى

## باھار ئەتىگەنلىگى

كەلدى ئېتىزغا سەھەر بىر توپ گۈزەل رۇخسارىلەر،
چاچتى زەر چاچقا زىلال سۇ، قىلدى تازىم لالىلەر.

شوخ شامال غۇر-غۇر سوقۇپ، راھەت بېغىشلار ساپ ھاۋا،
زوقلىنىپ چۇ-چۇلىدى تورغاي چېكىپ زىل تارىلەر.

شۇ گۈزەللەر ئاي يۈزىدىن ئالدى ئورنەك كەڭ ئۇپۇق،
جىلۋىسىدىن بەردى بۇلبۇلغا مەدەت دىلدارىلەر.

گۈل باھار شاۋقۇنىدەك ياڭرايدۇ مېھنەت ناخشىسى،
يەڭ شىمايلاپ ئىش قىزىتتى قولى گۈل دەركارىلەر.

ئۇيقۇسىدىن شۇ ھامان چولپانمۇ چوچۇپ ئويغىنىپ،
نەگىدۇ موكتى خىجىللىقتا تاپالماي چارىلەر.

قانمىسا يەر، بىخ سۇرۇپ ئۇسمەس زىرائەت مايسىسى،
مول ھوسۇلدىن كۆزدە خامان بولمىغاي ھەرگىزمۇ تەل.»

ئاشۇ مەقسەت بىرلە مەرت سۆچى يىگىت ھەر دائىما
مېھرىنى ھەم زېھنىنى ئىشقا بېغىشلايدۇ تۆگەل.

1981 - يىل قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

پۇرقىرايدۇ ھور چېكەڭدىن ساپ كۇمۇش تەر تامچىسا،
يەرگە ئەجرىڭ جان بېرەر دۇردانىدۇر، دېخان قىزى.

قىلدى ھەر ئىشقا سېنىڭ ماھىرلىغىڭ قايىل مېنى،
خىسلىتىڭ خەلقىم غۇرۇرى، شانىدۇر، دېخان قىزى.

سەن كەبى مېھنەت سويەر روھ تۇرغۇزۇپ، خەلقىم ئۇچۇن
بىر ئۇمۇر ئىشلەش دىلىم ئارمانىدۇر، دېخان قىزى.

## سۇچى يىگىت

نۇر چېچىپ ئاسماندا تولغان ئاي ئۇزەر، ئەتراپ گۇزەل،
يۇرىدۇ سۇچى يىگىت ئۇستەڭنى بويلاپ بۇ مەھەل.

بېشىدا كوركەم بادام بوك، ئۇستىدە ئاق يەكتىگى،
بېلىدە بار شايى بەلۋاغ، تىلىدىن ياڭرار غەزەل.

باشلىدى سۇنى ئېرىققا پۇختىلاپ قىر ـ قاشنى ئۇ،
ئاقتى سۇ تەشنا ئېتىزغا خۇددى ئاققاندەك ھەسەل.

"تامچە سۇ تەڭ تامچە قانغا، ـــ دەيدۇ ئۇ تولغاپ بۇرۇت، ـــ
زايە قىلمايمەن شۇڭا ئەيلەپ كۇچۇمنى مەن بەدەل.

# خوتەن تەسىراتلىرى

## سالام

ئەي خوتەن، ئىللىق، گۈزەل قوينۇڭغا كەلدىم، ئەسسالام!
ئۇلۇغ قولۇم كۆكسۈمگە قويدۇم بىلدۈرۈپ مەن ئېھتىرام.

خەيرىيەت، بولدى نېسىپ ھوسنۇڭنى كۆرمەكلىك ماڭا،
تاپتى كۆڭلۈم ئىنتىزارلىق ئىزتىرابىدىن ئارام.

مېھرىۋان مۇشپىق ئانامدەك سەن كۈتۈپ ئالدىڭ مېنى،
تۇپرىقىڭ دىدى ماڭا: "كەل مېھمىنىم، كەلگىن بالام!"

ھاردۇغۇم چىقتى شۇ دەم، قاندى يۈرەك تەشنالىقىم،
باغلىرىڭ ئۇز شەرۋىتىدىن تولدۇرۇپ تۇتقاچقا جام.

مېھرى ئىسسىق، خۇش پېئىل پەرزەنتلىرىڭ ئىززەت قىلىپ،
ياخشى ئەخلاق خۇلقى بىرلە ئەيلىدى قەلبىمنى رام.

ئۆز ئۆيۈمدىن قىلچە پەرقى بولمىغاچ، كۆڭلۈمدىكى
ياتسىراش ۋە تارتىنىشنىڭ بارچىسى بولدى تامام.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىغمەتۇللا ئەبەيدۇللا
(ئۆزبېك)

# ياز كەلدى

باھارنىڭ كەينىدىن شوخ ئەركىلەپ مەۋسۇمى ياز كەلدى،
يېڭى، جۇشقۇن ھايات پەيزىگە تەڭكەش نەغمە-ساز كەلدى.

ئېتىزلار قوينىدا دىللارغا زوق بەردى ھوسۇل پەيزى،
گۈزەل باغلاردىكى شاپتۇل، ئۆرۈك ھوسنىگە ناز كەلدى.

ئېرىپ ئاپئاپتا قارلىق تاغ، ئەزىم دەريا ياساپ ئۇركەش،
ئېتىز باغرى قېنىپ سۇغا، دىدى: يار-دىلناۋاز كەلدى.

كوكۈلگە كەلدى ئىلھام قۇشلىرى سەيلانە-سەيلانە،
گۈلىستان باققا بۇلبۇل بىرلە تۇتى، كولگە غاز كەلدى.

سائادەت گۈلشىنىنىڭ ھوسنىگە زىننەت بېرىپ بايلىق،
پاراۋان توقچىلىقنىڭ ئەلچىسىدىن ئىمتىياز كەلدى.

سۆيۈندى شۈنچىلىك قەلبىم، سېنى كورگەندە گۈل ئاچتى،
كېلىپ كۈتكەندىن ئارتۇق شەۋكىتىڭ دىدارىنى كوردۇم.

دىلىم قانداق ئۇنار شانىڭنى تەرىپ ئەيلىمەسلىككە،
سېنىڭدە يېڭىلىق، سۈرئەت، گۈزەللىك — بارىنى كوردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۈنجى رەت كەلسەممۇ ياخشى تەسىرات قىلدى ئەسىر،
كۆيلىگەيمەن تەرىپىڭنى بىر ئۆمۈر ھەر سۇبھى-شام.

## كۆردۈم

كېلىپ قوينۇڭغا، ئەي گۈلشەن، بەخت گۈلزارىنى كۆردۈم،
قۇچاغىڭدا سائادەتنىڭ ھەقىقى يارىنى كۆردۈم.

تولۇپتۇ ساڭلىرىڭ ئاشقا، بېغىڭدا خىلمۇ-خىل مېۋە،
باياشات، ھور دىيارىڭنىڭ سېخى بازارىنى كۆردۈم.

پەلەكنىڭ رەشكىنى كەلتۈرگۈدەك كوز چاقنىتىپ ھەر رەڭ،
بازاردا بېھساپ تۇرغان گىلەم رۇخسارىنى كۆردۈم.

كىرىپ مۇزېيخاناڭغا داڭ قېتىپ، ھەيرانۇ-ھەس قالدىم،
قەدىمىي تارىخىڭنىڭ شاھىدى يادگارىنى كۆردۈم.

ئەدىبىڭ نوبىتى يازغان بۈيۈك، نادىر دىۋاننامە
ۋە ئەخمەتشا قارا قاشنىڭ سالام ئىزھارىنى كۆردۈم.

زامان لوقمانلىرىنىڭ ئورنىدىن ئالدىم ئەجەپ بەھرى،
ئۇلاردىن مەرىپەت غەزنىسىنىڭ ئەسرارىنى كۆردۈم.

سەن ھەقىقەت مەجمۇئەسى، بەلكى پارلاق قامۇسى،
سەن قاراڭغۇ دىل ئۆيىنىڭ شام چىراغى-پانۇسى،
سەن ھايات ھەم كائىنات تىلسىملىرىنىڭ كىلىتىسى،
سەن ئەقىل دەستۇرخىنىنىڭ نازۇ-نېمەت، مېۋىسى،
سەن پۈتۈن ئالەمدە شۇنداق ئېتىۋار بولدۇڭ كىتاپ.

بەزى يالغۇز قالغىنىمدا سەن بولۇپ سوھبەتدىشىم،
غەمگە چوكسەم مەي تۇتۇپ، بولدۇڭ يېقىن ئۈلپەتدىشىم،
يىغلىسام، كۈلسەممۇ بولدۇڭ ھەمدىمىم، ھەسرەتدىشىم،
مەن شۇڭا دەيمەن سېنى كوڭلۇم يېقىن خىزمەتدىشىم،
مەن خۇمار، سەنمۇ ماڭا گويا خۇمار بولدۇڭ، كىتاپ.

تەمتىرەپ قالغان چېغىمدا ماڭا كورسەتتىڭ ئەقىل،
سەن دىدىڭ: "غەم قىلما، قوي، كورگىن مېنى، ئالەمنى بىل"،
چىن مۇھەببەت رىشتىسى بىرلە ساڭا باغلاندى دىل،
يول تېپىپ سەندىن شۇ چاغ مەن ئالغا ئۇمتۇلدۇم دېدىل،
سەن ماڭا ياخشى مەدەتكار، ياخشى يار بولدۇڭ، كىتاپ.

كىمكى دوست تۇتسا سېنى، ئۇ ھېچقاچان قالماس نادان،
تىترىمەس ئەر ئومرىدە دۇچكەلسە قانداق ئىمتىھان،
بارچە مۇشكۇللەر سېنىڭ ئالدىڭدا بولغاچقا ئاسان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىتاپ

ياشلىغىمدىن ماڭا ئىلپەت، ياخشى يار بولدۇڭ، كىتاپ،
ھەرقاچان مۇڭداشچى دوستۇم، غەمگۇزار بولدۇڭ، كىتاپ،
بەخش ئېتىپ روھىمغا ئىللىقلىق، باھار بولدۇڭ، كىتاپ،
ئۆيىنىتىپ قويىنۇڭدا ئەركىن، لالىزار بولدۇڭ، كىتاپ،
ئوقۇسام ھەر دەم سويۇپ مەن، كۈچ-مادار بولدۇڭ، كىتاپ.

مەن ئوقۇشنى تەمترەپ بىلگەن ئاشۇ كۈندىن بېرى،
ئىزلىنىپ ئالدىم بىلىمنى، بولمىدىم بىر دەم نېرى،
شۇڭا تېزدىن يۈيۈلۈپ دىل ئەيىنىگىمنىڭ داغ، كىرى،
تولدى قەلبىمگە پەۋەس پەن-مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى،
سەن ۋۇجۇدۇمغا گويا خۇش بۇي ئىپار بولدۇڭ، كىتاپ.

سەن ئەقىل-ئىدرەك، پاراسەتنىڭ باھاسىز گوھىرى،
يىغىندە قازغان قۇدۇقتىن سىرغىغان سوز كەۋسىرى،
سەنكى مېھنەت مەھسۇلى، مەھسۇل ئىچىدە جەۋھىرى،
سەن بىلىم ئاشىقلىرىنىڭ ئەڭ مۇناسىپ دىلبىرى،
ئىشقىۋاز بۇلبۇلغا چەكسىز مۇرغىزار بولدۇڭ، كىتاپ.

ئۆمەر ھەيزەم

# دىخان قىز

سالام يازدىم سېنى ئەسلەپ سېغىنغان چاغـدا، دىخان قىز،
قوبۇل قىلغىن سالامىمنى، يۈرەكنىڭ باغى جانان قىز.

سېنى كوردۇم ئېتىزلىقتا ئەجەپ غەيرەتتە ئىشلەيسەن،
كېلىشكەن قامىتىڭ شۇنچە، چېچىڭ گوياكى بوستان قىز.

سېنىڭ بىر خىسلىتىڭ ئارتۇق ئىش-ئەمگەكتە يىگىتلەردىن،
شۇڭا قىلماقتىدۇر نامىڭ مېنىڭ قەلبىمدە جەۋلان، قىز.

پولاتنى دەيدۇ ئەڭ قاتتىق، ئىرادەڭ قالمىغاي ئاندىن،
سېنىڭ ئىش ئىزلىرىڭ بىزگە بولار گوياكى پەرمان، قىز.

يۈرۈشتە بولسا تۇلپار تېز، ئۇچۇشتا تېز ئىكەن شۇڭقار،
ئۇلارنى ئارقىدا تاشلاپ، جەسۇر، مەردانە ماڭغان قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇملە ئىنسان سېنى قىلدى ئېھتىرامىغا نىشان،
سېنى سۆيمەك بىزگە دائىم ئىپتىخار بولدۇڭ، كىتاب.

نە بەختكى، مانا بولدۇم دەۋرىمىز لوقمانىمەن،
بىر ئۆمۈرگە ئاشۇ كەسپىم گۈلخىنىدا يانىمەن،
شۇ سەۋەپتىن سەن گويا شام، مەن ساڭا پەرۋانىمەن،
تا ئەبەت ئۆتمەكچىمەن بولۇپ ساڭا مەستانىمەن،
چۈنكى شۇ ئىنۋان ئۈچۈن سەن ھەسسىدار بولدۇڭ، كىتاب.

# ئىلىم-پەن مۇھەببىتى

ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر سۆيگىنى-ئەلاسى بار،
چىن كۆڭۈلدىن ياخشى كۆرگەن بىر گۈزەل رەناسى بار.

كۆرمىدىڭمۇ بىر كىچىك پەرۋانىنىڭ ئىقبالىنى،
ئۆزىنى كۆيدۈرگۈچى شەمئى چىراق ئاشناسى بار.

ھەممە جاننىڭ سۆيگىنىدىن بىر مۇھەببەت ئەكس ئېتەر،
ھەر مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگە يەتكۈدەك سەۋداسى بار.

خەلقىمىز ئۆز سۆيگىنىگە تەلپۈنەر مەجنۇن سۈپەت،
مەرىپەتنىڭ بېغىدا سۆيگەن ئۇنىڭ لەيلاسى بار.

ئەي ئىمىر، كۆڭلۈڭ سېنىڭمۇ تەلپۈنەر شۇ باغ تامان،
چۈنكى دانا پارتىيەم پەرمانىنىڭ ئىجراسى بار.

1979-يىل 19-ئىيۇن، كۇچار.

www.uyghurkitap.com

كويۇپ قالدىم دىسەم ساڭا، مېنىڭدەك ئىشلىگىن دەيسەن،
يېنىڭدا ئىشلىسەم بىللە، يۈرەك ـ باغرىمغا دەرمان قىز.

سېنى كومپارتىيەم دەۋرى ئىگە قىلغان شۇ خىسلەتكە،
ۋەتەنىنىڭ مېھرىنى ئوتلۇق يۈرەك ـ قەلبىگە تاڭغان قىز.

1979 ـ يىل 22 ـ ئىيۇن.



پەن-بىلىم سۈيگەن كىشى ئەلگە بىلىمنى تونۇتار،
ئوت يۈرەك روھى ئاسارەت يىلتىزىنى قۇرۇتار،
ھەر كۆڭۈلدە يېڭى ھىس-تۇيغۇ، پىكىرنى ئويغۇتار،
پەن-بىلىمنىڭ مەشئەلى قاراڭغۇ تۈننى يورۇتار،
بولمىسا كۆپ-كۈندۈزى ياققان چىراقتىن پايدا يوق.

ئەي ئۆمىر، كۆڭلۈمگە لىق ئىلھام تولۇپتۇ پەن ئۈچۈن،
دەۋرىمىزنىڭ كەڭ يولى خوپ يارىشىپتۇ سەن ئۈچۈن،
ۋەتىنىم، خەلقىم دېگەن ھەرگىز دېمەيدۇ "مەن ئۈچۈن"،
ئال قەلەمنى، ياز شېئىر، خەلقىڭ ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن،
ئىشقىسىز يازغان شېئىر، ناخشا، قوشاقتىن پايدا يوق.

1980 - يىل 11 - مارت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرىسى

# پايدا يوق

ئەي كوڭۇل، مېھنەتنى سوي، ھورۇن ئاياقتىن پايدا يوق،
بولمىسا باغىڭدا گۇل، يانتاق، شىۋاقتىن پايدا يوق،
ئۇنمىسە بۇغداي، قوناق، ئەمەن، قىياقتىن پايدا يوق،
كەلمىسە ئىللىق باھار، جۇتتىن، سوغاقتىن پايدا يوق،
توكمىسەڭ ئەجرىڭنى سەن، تەييار تاماقتىن پايدا يوق.

گەر قولۇڭدىن كەلسە ئەلگە بىر ئۇمۇر بايلىق يارات،
ئۇچمىسۇن قەدرىڭ سېنىڭ، مەشئەلگە ئوخشاش نۇر تارات،
جانۇ-تەن، ئىدرەك-ئەقلنى-ھەممىنى پەنگە قارات،
تاپىسەن بەختىڭنى شۇندا، پەن بولۇر ساڭا قانات،
پەن ئۆيىگە كوچمىسەڭ، يوچۇن راۋاقتىن پايدا يوق.

بولمىغىن نەپسانىيەت، خەلقىڭگە بول ئامراق، ئىجىل،
مەرپەت بوستانىدا خۇش بۇي، قىزىلگۇلدەك ئېچىل،
پەن يولى چەكسىز، ئۇلۇغ، بۇ ئىش ئۇچۇن ئىشلەت ئەقىل،
يوق ئاسان ئىش، ھەرقاچان مۇشكۇلنى يەڭ ئۇزۇل-كېسىل،
بولمىسا باش ئۇستىگە تەككەن چوماقتىن پايدا يوق.

ھەسەتخور، رەزگى ھۇقۇشلار سەراسىم ئىلكىدە قالدى،
تېخى تۈنجى قەدەم تاشلاپ، رەقىپنى شەرمسار قىلدىم.

ئەمەسسەن سەپتە يىگانە، بوسۇپ مەنزىلگە يەت، دىلبەر،
زەپەرنىڭ ساھىلى ئۈزرە يۈرەكنى ئىنتىزار قىلدىم.

2

ھەمىشەم زەر قۇياشنىڭ شولىسىدەك ساپ-تازا كۆڭلۈم،
ياشامتىم زوقلىنىپ نۇرغا ئەگەر بولسا قارا كۆڭلۈم.

قۇياش شولىسىنى كۆندۈز چېچىپلا كېچىسى موككەي،
ۋەتەنگە مېھرى-ئىشقىمدىن چاچار دائىم زىيا كۆڭلۈم.

ۋەتەننىڭ كۆلكىسى كۆلكەم، ئېلىم-يۇرتۇمغا مەشۇقمەن،
ۋەتەن-ئەل مىسلى بوستاندۇر، كۈيى بۇلبۇل ناۋا كۆڭلۈم.

دىگەي دىلبەر، ئەجىر توككىن ۋەتەنگە بولسا مىڭ ئۆمرۈڭ،
ۋەتەن گەر بولمىسا رازى، نىچۈك بولغاي رىزا كۆڭلۈم.

3

خۇش پۇراق گۈللەر ئارا كۈتتى مېنى يار باغدا،
ئەجرىدىن گۈلباغ قۇرۇپ ئۇشبۇ يىگىتلىك چاغدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىلبەر قېيۇم

# ئۈچ غەزەل

## 1

جاسارەت تاشتى جىسمىمدىن، سەپەرگە ئىختىيار قىلدىم،
بۈيۈك مەنزىلگە يەتمەككە ئۇلۇغ ئارماننى يار قىلدىم.

ئىرادە تىكلىدىم تاغدەك، ئىلىم بەرمەكچى سۈرئەتنى،
چىدام-غەيرەتنى كوڭلۈمگە پۈكۈپ دىلدا شوئار قىلدىم.

يېشىل مايسا مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن تاش يارار، بۇ ھەق،
يېڭىلمەسلىككە توسقۇندىن بۇ ھەقنى تىلتۇمار قىلدىم.

سەپەر سەيلى ئەمەس، دائىم نېسىپ بولماس خوشال كۈلكە،
مەگەر باسسا جاپا تاغى ئېگىلمەسكە قارار قىلدىم.

مەدەت بەرگەچكە ئەجدادىم كۈچۈمگە كۈچ قوشۇپ دائىم،
دىلىمنىڭ ئەھدىنى جەزمەن نىشانغا يول ئاچار قىلدىم.

# تىللىسا

(مەھەممەت رەھىمنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

گەر خاتا باسسام قەدەم، سويگەن نىگارىم تىللىسا،
چىن ۋاپادىن قىلمىغايمەن قىلچە ۋايىم تىللىسا،
چۈشمىگەي بۇ يولدا قەدرىم-ئېتىۋارىم تىللىسا،
خوش بولارمەن كورسىتىپ ئەيۋىمنى ھەركىم تىللىسا،
مەيلى دوست-يار، مەيلى پۇقرا، مەيلى ھاكىم تىللىسا.

يوق ئىكەن مۇتلەق ئەيىپسىز ياخشى ئات، ھېچبىر ئۇلاق،
ئادىمۇ داغ بار ئىكەن، بۇ ھەممىگە ئايان ساۋاق،
ھىچقاچان ئالتۇنمۇ ساپ بولمايدىكەن، دوستلار، بىراق،
بولمىغاچ ئادەم ئەيىپ-نۇقسانۇ ئىللەتتىن يىراق،
رەنجىمەس دانا كىشى ھەتتا مۇلازىم تىللىسا.

بىر مەھەل بولدۇم پۈتۈن ئىنسانى ئەركىمدىن جۇدا،
ياخشى دوست-يارانلىرىم ھەم مېھرىۋانىمدىن جۇدا،
ھەق-ئادالەت قايدا دەپ ئۇرغۇپ يۈرەگىمدىن سادا،
تەلۋىلەردىن تىل-ھاقارەت ئاڭلىدىم ئۇن يىل ئۇدا،
تەۋرىمەس بولدۇم بۈگۈن دۈشمەنمۇ دائىم تىللىسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كويسه گەر كىم يار ئۇتىدا ئاشىغى مەجنۇن كەبى،
ماگسا دادىل ئۇزىدىن قالمايدۇ ھىجران داغىدا.

سويگۈگە سادىق بولۇپ يەتمەك ئۈچۈن يار ۋەسلىگە،
كوپ مۇشەققەتلەرنى پەرھات چەكتى بىستۇن تاغىدا.

جۇپ قىزىلگۇل غۇنچىسى ئېچىلسا ئاشىق بەختىگە،
چىن ۋاپانىڭ بەلگىسى چاقناپ تۇرار ياپراغىدا.

سويگۇ بابىدا ۋاپانى دوست تۇتۇپ دىلبەر ئەبەت،
قىلدى ئىزھار قەلپ سوزىنى شۇ غەزەل ۋاراغىدا.

ھەببۇللا روزى

## ۋەتەن ئىشقى

ئەي سويۇملۇك جان ئېلىم، جەننەت ئۇزۇڭ گويا ماڭا،
تاغلىرىڭ ھەم باغلىرىڭ، نېمەتلىرىڭ داۋا ماڭا.

تۇپرىغىڭ ئالتۇن، سۇيۇڭ بال، تاشلىرىڭ ياقۇت، گوھەر،
كەڭ چىمەنزار قۇچىغىڭ يايرايدىغان سەينا ماڭا.

مەن تۇغۇلدۇم شۇ گۈزەل قوينۇڭدا، ئۇستۇردۇڭ مېنى،
سىڭدى ئەجرىڭ، بولدى يۈكسەك تۇيغۇ، ئاڭ پەيدا ماڭا.

چىن يۈرەك رىشتىم ساڭا مەھكەم چىگىلگەن تائەبەت،
ئايرىلىپ قالسام سېنىڭدىن يوق ھايات ئەسلا ماڭا.

ئىپتىخارىم، شاتلىغىمنىڭ مەنبەى بولغاچقا سەن،
ئوپمۇ-ئوخشاش سەندىكى مەيلى راۋاق، پەگا ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۆيگىنىم ئۆمرۈم بويى بىرلا قەدىردانىم ۋەتەن،
ۋەتىنىم دەپ ياشىدىم، تەقدىم ئاڭا بۇ جانۇ-تەن،
رەھناما بىلگەچ سوزىنى ئاڭلىدىم جان-دىل بىلەن،
تىللىسا ئارقامغا باقتىم، ماختىسا ئالدىمغا مەن،
بولمىدى بۇتناش بىلەن مىسقالچە كارىم، تىللىسا.

قىسقا ئۆمرۈڭدە يولۇققاي ھەر نە قىسمەت ھەر نەپەس،
يوللىرىڭ ئەگرى-توقاي ھەم گاھ ئىگىزدۇر، گاھى پەس،
خىزرىدەك سەھۋەن-خاتاسىز ئۆتمىگىڭ ئۆمرۈڭدە تەس،
بۇ ھاياتلىقتا ئۇنىڭدىن ھېچكىشى خالى ئەمەس،
يامىنى شۇ ھەممىدىن ئۇلگەندە خەلقىم تىللىسا.

1981-يىل، قەشقەر.



# باشقىچە

كۆلدى جان، كۆلدى هايات، كەلدى باھارىم باشقىچە،
كوكلىدى قاخشال دەرەخ، ئەنبەر، ئىپارىم باشقىچە.

مەرھابا ئەيلەپ باھارغا زوق بىلەن ئېيتتىم غەزەل،
سايرىدى قىلسام ناۋا تەمبۇر، دۇتارىم باشقىچە.

كەڭ ئېتىزلار ئۈستىۋاش يەڭگۈشلىدى كەلگەچ باھار،
يەڭ تۈرۈپ، كەتمەن ئېلىپ چىقتى نىگارىم باشقىچە.

ئىش-چېلىشلار قايىنىمدا بىز گويا بولدۇق كاراپ،
ئۇردى جۇش قەلبىمدە كۈچ-غەيرەت، مادارىم باشقىچە.

چاپتۇرۇپ گاڭ ئاتنى بوزدا بەيگىگە چۈشكەندە بىز،
ئويغىنىپ ناز ئۇيقۇدىن جانلاندى تارىم باشقىچە.

"سەن ئۈزۈپ چىقساڭ ئەگەر ئىشقىڭدا مەن پەرۋانە" دەپ،
چەكتى قەلبىم تارىنى ھەر ئىشتا يارىم باشقىچە.

ئەرزىمەس بەرسەممۇ جان بوينۇمدىكى قەرزىم ئۈچۈن،
تەل-توكۇس قىلماق ئادا شۇ ھەممىدىن ئەلا ماڭا.

رازى بولساڭ بەختىيارلىق ئېلكىدە دەيمەن شۇنى:
سەن ئۈچۈن كەلگەن خەتەر كەلسۇن ھامان تەنها ماڭا.

كۇنۇ-تۇن ئىشقىڭدا مەن سازلاپ راۋابىم تارىنى،
ناخشا ئېيتسام ھەرقاچان بۇلبۇللىرىڭ شەيدا ماڭا.

ئىبراھىم قۇربان

# غەزەللەر

ياشانساڭمۇ سېنى، ئۇستاز، بۈگۈن گۈل رەستىدە كوردۇم،
چېچىڭ قاردەك ئاقارغاندا، باھارنىڭ پەسلىدە كوردۇم.

گۈزەل ياشلىق قېنى ئۇرغۇپ ئاقار قەلبىڭدە ئوركەشلەپ،
كى ئەجرىڭنى ئىلىم-پەندىن تىكىلگەن كەشتىدە كوردۇم.

ئىجات دەرياسىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزدۈڭ غۇلاچ تاشلاپ،
چىناردەك سەرۋى قەددىڭنى گويا تاغ بەستىدە كوردۇم.

تەپەككۇر قانتىڭ پەرۋاز قىلىپ چېھرەڭ تۈرۈلگەندە،
سېنى زور كەشپىيات ئاتلىق شىرىن يار ۋەسلىدە كوردۇم.

* * *

راۋاپ، تەمبۇر، دۇتارىمنىڭ ئەجەپ ياڭراق ناۋاسى بار،
سەۋەپكى ھەر مۇقامىمنىڭ پىرى ئۇستاز، ئاناسى بار.

ئەي نىگار، بىلسەڭ، ۋەتەنىنىڭ بىر يېڭى پەرھادىمەن،
يۇرتنى گۈللەشتىن بولەك يوقتۇر قارارىم باشقىچە.

كەل، قېنى، بەرگىن قولۇڭنى، جان تىكىپ ئىشلەيلى بىز،
سايرىسۇن كۆزلۈككە قوش تويدا دۇتارىم باشقىچە.





ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۈزەل تۇقفۇز بۇلاغىمنىڭ غەزەلخان بۇلبۇلىدۇرمەن،
گوياكى سەل بولۇپ تاشتى ساڭا ھۇرمەت، كۆچار باغى.

* * *

بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم، تۇمەن مىڭ چۆرگىلەي يارىم،
كۆزۈڭنىڭ جۈپ قاراسىغا كىيىكتەك تەلمۈرەي يارىم.

ئىلىم-پەننىڭ خۇمارى سەن، ئىجاتتىن گۈل تۇمارىڭ بار.
زەپەر جامىدا مەي سۇنغىن، تەشەككۈر بىلدۈرەي يارىم.

ئاتاڭ پەندۇر، ئاناڭ پەندۇر، كۆمۈش رەڭ بولسىمۇ چاچىڭ،
ئىزىڭدا گەر ماڭالمىسام، جاھاندا خار يۈرەي يارىم.

مۇبادا سەن ئاتار بولساڭ بىلىم ئوقياسىدا ئاتقىن،
تەسەددۇق سەن ئۈچۈن جانىم، ئاياغىڭدا ئۆلەي يارىم.

كى قۇربان بىنەزەر بولسا، نادانلىق چۆلىدە قالسا،
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ تېنىمنى تەڭ بۆلەي يارىم.

* * *

ئەزىز قەشقەر، راۋابىنىڭ ساداسى كەڭرى ھېيتگاھدا،
ئاڭا تەڭكەش تۇمەن بۇلبۇل ناۋاسى كەڭرى ھېيتگاھدا.

يۈرۈپ جانلار ھوزۇر ئالغاي گۈلىستان باغچىسى ئىچرە،
ئىلىم-پەن ئاشىقى ئەلنىڭ ساماسى كەڭرى ھېيتگاھدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەزىز جاننى پىدا ئەتمەي كىشى جانانىغا يەتمەس،
ۋەتەن دەپ جان نىسار قىلغان ھاياتنىڭ بىباھاسى بار.

ئىجاتكار توھپىسى ئەلنى يېتەكلەيدۇ كامالەتكە،
مېنىڭ قەلبىمدىمۇ پەننىڭ يېنىپ تۇرغان لاۋاسى بار.

قېزىپ پەن كاننى چوڭقۇر، ئۇنىڭدىن جۇغلىسام جەۋھەر،
ۋىسال تەشناسىغا يارنىڭ مۇھەببەتتىن داۋاسى بار.

* * *

تەئەججۇپلەنمىگىن، دوستـلار، دىسەم جەننەت كۈچار باغى،
پەرىزاتلار ماكانىدۇر ئەجەپ زىننەت كۈچار باغى.

بېشىمغا دەرت-ئەلەم كەلگەن چېغى تەنھا كېزىپ ئۆتسەم،
تەسەللا جامىنى سۇنغان شىرىن-شەرۋەت كۈچار باغى.

ئۇزىنگە مەھلىيا ئەيلەپ ناۋا بىرلە خالايىقنى،
تەبەسسۇم بىلدۈرەر خۇش خۇي قىلىپ خىزمەت كۈچار باغى.

ئەگەر مەن قۇش بولۇپ قالسام، قونالغۇم سەن بولۇر ئەردىڭ،
ھاياتىمدا بولەك سەندىن نىمە شوھرەت، كۈچار باغى.

ۋەھى كەلدى پەرىلەردىن دىۋان، داستان يېزىــپ كەت دەپ،
قارار قىلدىم بارارىمنى تېپىپ پۇرسەت، كۈچار باغى.

# غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر
(تاللانما)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت رەھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1983 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1983 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
قاتتىق مۇقاۋىلىغىنىڭ باھاسى: 1.05 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىغىنىڭ باھاسى: 0.60 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جامائەت، ئەھلى كاسىپنىڭ مۇيەسسەر بارى ھورمەتكە،
خوتۇن ـ قىز، نازىنىنلەرنىڭ ھاياسى كەڭرى ھېيتگاھدا.

ساتارمەنلەر خېرىدارغا: "كېلىڭ مېھمان، ئېلىڭ" دەرلەر،
مۇساپىر، ناتونۇشلارغا ۋاپاسى كەڭرى ھېيتگاھدا.

يىسەڭ ئەنجۈر يارار تىلنى، كوزۇڭ تويماس ئانارلارغا،
يىمىشلەرنىڭ ئەجەپ ئەرزان باھاسى كەڭرى ھېيتگاھدا.

نەپىس سەنئەت بۇيۇملار ھەم قىلىپ جىلۋە كۆلۈپ تۇرغان،
تۇمەن نۇسخا گىلەملەرنىڭ جۇلاسى كەڭرى ھېيتگاھدا.

1981 ـ يىل ئۇچتۇرپان، قەشقەر.

**格则勒和穆罕迈斯选**

（维吾尔文）

穆罕默德·热依木编

责任编辑：努尔穆罕默德

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：13 3/8

1983年10月第1版

1983年10月北京第1次印刷

精装本印数：0001—3,500册 定价：1.05元

平装本印数：0001—9,000册 定价：0.60元

书号：M10049(4)151

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

书号 M10049（4）151
定价　　0.60元